ISSN 1002 — 9044

# تارىم

6

1995

ISSN 1002-9044

06>

9 771002 904009

## ئەدىبلەر ۋە بالىلار



پېشقەدەم شائىر توختاش بەكرى ئۆسمۈرلەر بىلەن سۆھبەتتە.



پېشقەدەم شائىر تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا.

# تارىم


ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

45-يىل نەشرى

6

1995



باش مۇھەررىر

مەھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

( ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە )

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس بارات، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇ ساندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


قەيسەر مىجىت ......... ھايات ۋە بۇرچ ( ئەدەبىي ئاخبارات ) ......... 15

سۇلتان ھاشىم ......... چاقناپ ئۆتكەن نۇر ( پوۋېست ) ......... 28

ئابدۇللا ساۋۇت ......... قىسمەت ( پوۋېست ) ......... 67

زۆھرە ئابدۇۋايىت ......... كەلگىندى ( ھېكايە ) ......... 104


## شېئىرلار


تۆمۈر داۋامەت ......... شېئىرلار ......... 4

غەيرەت ئابدۇللا ......... يول ئىشقىدا يانىدۇ يۈرەك ......... 8

ئابدۇكېرىم مەخسۇت ......... سەپەر يالداملىرى ......... 11

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر ......... خىلۋەتتىكى ئۈنسىز تىۋىشلار ......... 13

ئابابەكرى توختى ......... بەشىنچى پەسىل ......... 53

ئەخمەتجان تۇرۇپ ......... كۆيلىرىمدە خىيالچان سەھرا ......... 57

تۇرسۇن نىياز ......... ياشلىقىمدا يېزىلمىغان غەزەللەر ......... 59

توختىمۇھەممەت تۇردى ......... ئات قويۇش ......... 63

مۇتەللىپ جۇماخۇن ......... ئۈچ شېئىر ......... 64

ئايمۇھەممەت ساھىبى ......... ئىككى غەزەل ......... 65


## باللار ئەدەبىياتى


يۈسۈپجان ئىمىن ......... مېنىڭ ساۋاقداشلىرىم ( ھېكايە ) ......... 109

ئۆمەرجان شاۋۇدۇن ......... مېنىڭ ئوغلۇم ( ھېكايە ) ......... 111

تۇرسۇن مۇھەممەت پەخرىدىن ...... ئىككى شېئىر ......... 113

ئەركىن داۋۇت ......... ئۈنچە تىزدىم رەڭمۇ رەڭ ( شېئىر ) ......... 115

غوجا مۇھەممەت قابىز ......... پاختەك رىۋايىتى ( شېئىر ) ......... 116

تۇرسۇن قۇربان ......... يېڭى « قۇتادغۇبىلىك » ئارزۇسى ( شېئىر ) ... 117

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ......... يىپەك يولى ۋە سىلىشتۇرما ئەدەبىيات ............ 119
مۇھەممەت روزى ................... باللار ۋە باللار ئەدەبىياتى .................... 128


## ئىجادىيەت مۇساپىسىدە


ئەخمەت تۇردى .................... دەۋر ساداسى ............................ 134


## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن


تەلئەت ناسىرى .................... پەيمانە ( ھېكايە ) ............................ 146


## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز


كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر ، پېشقەدەم مۇھەررىر
تۇرغان شاۋۇدۇن ...................... 153
يازغۇچى ئايشەم ئەخمەت ...................... 155


## كۇرسانتلار ئەسەرلىرىدىن


ئايشەمگۈل قاۋۇل ، نۇرمۇھەممەت توختىنىياز ، ئوسمانجان ئىسمائىل ، غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت ، تىلىۋالدى مەمتىلى ، ئايگۈل تۇرسۇن ، يۇسۇپجان مۇھەممەت ، ئەمەتجان مۇھەممەت .......... 157


*          *          *


رەسسام ۋە خەتتات : مەھەممەت ئايۇپ
مەسئۇل كوررېكتور : قېيۇم تۇرسۇن

تۆمۈر داۋامەت

# شېئىرلار


## قۇرۇلتاي

قۇرۇلتاي ئەھلى ئاستانەم سارايى ئىچرە جەم بولدى،
جىمى مىللەت ۋە كىملى بۇندا تۆردە مۆھتەرەم بولدى.
بۇ شانلىق ئۇچرىشىشنىڭ شادلىقى ئالقاندا ئەكس ئەتكەچ،
چاۋاك ـ ئالقىشقا تىمتاسلىق ھايال ئۆتمەيلا يەم بولدى.
ۋەتەن ـ ئەل سۆيگۈسى رىشتە بولۇپ بىزنى ئىجىل قىلدى،
بۇ يەڭلىغ كەيپىيات مەنچە بۆلەك چاغلاردا كەم بولدى.
سىمابتەك ئىپرىدى گويا ھاياجان يالقۇنىدىن دىل،
خۇشاللىق قەترىسى سىر غىپ پېقىرنىڭ مەگزى نەم بولدى.
يىغىننىڭ مەقسىتى ئەل بەختىچۈن تەدبىر تېپىش ئاخىر،
ئۇنى تاپتۇق، دېمەك بۇ خەيرىلىك باسقان قەدەم بولدى.
شۇڭا ئىلھام تېشىپ زەپ قىينىدى، بۇزدى ئارامىمنى،
يەنە ئەسقاتقىنى دوستلار قەدىناس شۇ قەلەم بولدى.

1995 ـ يىل 18 ـ مارت، داخۇيتاڭ

## ھاياتلىق

ھاياتلىق بۇ ئۇزۇن ئالەم ئۈچۈن ئۆتكۈنچى كارۋاندۇر،
ئۆمۈر باقىي ئەمەس بەلكى كىشى دۇنياغا مېھماندۇر.
بۇ مېھماننى رىزا قىلماق ئۈچۈن مەن راسلىدىم داستىخان،
بىراق نېمە تىلىرىم بەك ئاز، چېيىممۇ، ھەمدە ئىلماندۇر.
دەرىخ، ئۆتتى چېچەك پەسلىم باھار ۋەسلى تاپالماي ھېچ،
نېتەرمەن كۆز يېتىپ كەلسە دىبان كۆكلۈم خىراماندۇر.
ياقەي ئۇنداق خىيال ئەتمەي ئۈمىدۋار بول تۆمۈر ھەر چاغ،
ھاياتلىق مەنبىئى مۇرۇۋۋەت ـ تىرىشچانلىق ۋە دەرماندۇر.



كۆڭۈلنىڭ بۇ خىتابىنى ئىرادە كەمىرى قىلدىم،
ئۇنى يەشمەي ئۆتۈپ كەتسەم يۈرەكتە نېمە ئارماندۇر.

1967 - يىل، باھار

## ئېسىمدىن چىقمىدى زادى

خىيالىم لەشكىرى ئالغاچ ئەسىر گە،
قىلىندىم بەند بۇ ئۆيگە - بۇ قەسىر گە.

تەپەككۇر مۇنكىرى سورار تۆمۈردىن:
خۇلاسە ئەيلىدىڭ قانداق ئۆمۈردىن؟

دېدىم: يەتمەس بۇ گە قۇربى قەلەمنىڭ،
ئۇنىڭدا ئەنگىزى بولغاچ ئەلەمنىڭ.

دېدى: سەن شۇ ئەلەمنى بىر بايان قىل،
كۆڭۈل مۈلكى - سىرىڭنى ھەم ئايان قىل،

بۇ ماۋزۇنى شۇ گە دەسلەپ يورۇتتۇم،
يىغىپ زېھنىمنى بۇ ئىشقا جورۇتتۇم.

بۇ قىسسە ياشلىقىمدىن بىر ھېكايەت،
قىلۇر ئەينى زاماندىن ھەم شىكايەت.

ئۆزۈم توقسۇن يىلانلىقتا تۇغۇلدۇم،
ئاڭا ئامراق ۋە ئىخلاسمەن ئوغۇلدۇم.

شۇ گا سىز سام ئىدىم دەپ سۆرىتىنى،
يۈرەتتىم ھېچ تاپالماي مۆرىتىنى.

مېنىڭ كىندىك قېنىم سىڭگەن بۇ تۇپراق،
ئانامنىڭ باغرىدەك كەڭرى ۋە يۇمشاق.

بىراق ئۇ ئىلگىرى ـــ ئۆتمۈش زاماندا
ئەجەپ بىر يەر ئىدى ئۇشبۇ جاھاندا.

بۇ يۇرت ئەھلى ئاساسەن يەر تېرىيتتى،
ئېكىنزارلىقتا ئىشلەپلا قېرىيتتى.

ۋە لېكىن قىينىلاتتى كۆڭۈل ئېتەلمەي،
ئاسايىشلىق ۋىسالىغا يېتەلمەي.

دەرىخا ئۇ زاماننىڭ نېمە كارى،
ئاۋام - يوقسۇلغا باقماي بولدى جارى.

ئېسىمدىن چىقمىدى زادى شۇ كۈنلەر،
نە كۈنكى قاپقارا كۆز - جۈت ئۇ تۈنلەر.

ئاتام بىلەن ئانام ئەقلىمگە كەلسەم،
ئېتىز دا بەند ئىكەن، ئەمگەككە ھەر دەم.

باقار كەن بىزنى ـــ ئۇن جاننى جەزىرىدە
ئىجارە ـــ ھۆددىگە ئالغان يېرىدە.

نە باقسۇن بەزىدە ئاچمۇ قالاتتۇق،
قىلىپ قەغىش ۋە يىغلاپمۇ سالاتتۇق.

سەۋەب: يىللىق ھوسۇلنىڭ كۆپى باينىڭ،
سېرىقتال ئۆتكىنى ئۆتكەن گادايىنىڭ.

يەنە گەدەندە بار ئالۋاڭ - سېلىقلار،
لەھەڭنى سەمرىتۇر نىمجان بېلىقلار.

ئاتامنى بۇ جاپالار بەك جۇدەتتى،
ماڭا ئەسقاتسا دەپ بىزنى كۈتەتتى.

ئېسىت ئارمان بىلەن كەتتى جاھاندىن،
كۆرەلمەي قىلچە بەختنى ئۇ زاماندىن.

بالاغەت مەۋسۇمى كەلمەي تۇرۇپلا،
ئۇزاتتۇق بىز ئۇنى پەرياد ئۇرۇپلا.

يېتىملىك دەردىدە سولدۇق چېچەكتەك،
بېگىمگە يالۋۇرۇپ باردۇق دېدەكتەك.

شۇ ھالدا ئون يىللاپ ئۆتتى بۇ باشتىن،
كۆرەلمەي باشقىنى زاغرا ـ ئۇماچتىن.

كېيىنچە مەنمۇ تۇتتۇم قوش ـ ساپاننى،
قىلاي دەپ لىقمۇ لىق ئاشلىق خاماننى.

بىكارغا ئىشلىدىم ـــ كۈچنى خوراتتىم،
ئەجەبكىم مەن يىراق ئارزۇ ـ مۇرادتىن.

چۈشەندىم بۇ پەلەك تەتۈرلىكىكەن،
گومىنداڭ بۇ رەزىللىك مەنبىئىكەن.

شۇ كۈنى ياندى زاماندىن رايى ـ مەيلىم،
بۇزۇلدى بەلكى قاتتىق خۇيى ـ پەيلىم.

بىراق ئارمانغا تۇشلۇق نەدە دەرمان،
بۇ كۈن لازىم ئەمەسمۇ مەردۇ مەيدان.

ئىلاھىم شۇكرىكىم بىر خۇش خەۋەرنى،
ئىشىتتىم، نە خەۋەر تاپتىم گۆھەرنى.

ئاھ، پارتىيە كەپتۇ، ئارمىيە كەپتۇ،
گومىنداڭ لەشكىرى سەرسان بولۇپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ ئېغىز يەتتى قۇلاققا،
ئېرىشكەندەك گويا ئۇسسۇز بۇلاققا.

قېتىلماق ئىستىكىدە ئاشۇ سەپكە،
بىلىندۇرمەيلا چىقتىم ئوكۇ چەپكە.

بىراق مەن چىققۇچە دۈشمەن قېچىپتۇ،
كى تارىخ يېپ ـ يېڭى بىر بەت ئېچىپتۇ.

مانا شۇندىن بېرى كۆلدۈم ھامانە،
ئاۋام ـ پۇقراغا باقماقتا زامانە.

1963 ـ يىل 12 ـ ئاپرېل

## ياخشىلىق

ياخشىلىقتىن يورۇقتۇر ئالەم،
ياخشىلىقتىن ئىللىيدۇ دىللار.
ياخشىلىقتىن تاپىمىز روناق،
ياخشىلىقتىن يۈكسىلەر يىللار.

ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىش
بوۋىمىزدىن قالغان ئەنئەنە.
ياخشىلىقتىن ياڭرىتار ئالقىش
پۈتۈن دۇنيا قىلىپ تەنتەنە.

مەۋج ئۇرىدۇ دەريا ـ دېڭىزدەك،
ياخشىلىق دەپ يۈرەك دولقۇنى.
ئېرىتىدۇ مۇز تاغلارنىمۇ
ياخشىلىقنىڭ ئاتەش يالقۇنى.

ياخشىلىقنىڭ تېگى ساپ ئالتۇن،
ياخشىلىقتىن كۆلەر سائادەت.
قەلب تۇتىشار ياخشىلىق بىلەن،
ياخشىلىقتىن ياغىدۇ ئامەت.

ياخشىلىقسىز دۇنيا قاراڭغۇ،
سوغۇق گۆرنى ئەسلىتەر گويا.
يېقىلمايدۇ دىللارغا چىراغ،
جاھالەتكە مەھكۇم نۇر ـ زىيا.

ياخشىلىقنى ئۇنۇتساق ئەگەر،
جەھەننەمگە ئايلىنار جاھان.
رەھىم ـ شەپقەت كۆچۈپ دىللاردىن،
ئۇۋۇلايدۇ يۈرەكتە چايان.

ياخشىلىقسىز ئىستىقبال نەدە،
قۇچاق ئاچقايمۇ بەخت بوستانى ؟!
ياخشىلىقسىز ئۇرغۇمدۇ ئىلھام،
ياڭرىغايمۇ مەردلىك داستانى ؟!

ياخشىلىق دەپ ياشايلى شۇڭا،
ئىنسانغا قۇت ياغدۇرۇپ تەردىن.
پەخىرلەنسۇن ۋەتەن ئانىمىز،
ياخشىلىق دەپ ياشىغان ئەردىن.

ياخشىلىق دەپ ياشايلى شۇڭا،
ياخشىلىققا بولۇپ پەرۋانە.
ياخشىلىقتىن چەتنىسە ئادەم،
كىممۇ دېگەي ئۇنى مەردانە؟

ياخشىلىق دەپ ياشايلى شۇڭا،
ياخشىلىقتىن نۇرلانسۇن ئاسمان.
ئاجىزلارنىڭ چاڭقىغان كۆڭلى،
ياخشىلىقتىن سۇ ئىچسۇن ھامان.

ياخشىلىق دەپ ياشايلى شۇڭا،
ياخشىلىقتىن قالدۇرۇپ ئىز ـ نام.
يامانلىقنى قوغلاپ دوزاخقا،
ياخشىلىق ئۇچۇن كۆتۈرەيلى جام.

ياخشىلىق دەپ ياشايلى شۇڭا،
ياخشىلىقتىن نەپ ئالسۇن ئادەم.
ياشنىسۇن مەڭگۈ ياخشىلىق گۈلى،
ياخشىلىققا پۈركەنسۇن ئالەم.

1995 ـ يىل مارت، بېيجىڭ

## رۇبائىيلار

ياخشىلىقنى ئەلدىن ئايىما،
سەندە بۇ ئامەت تۇرماس دائىما.
بىقۇۋۇل بولۇپ قالسەن بىر كۈن،
كېيىن ئۆزۈڭدىن ئۆزۈڭ كايىما.

* *

ياخشىلىق قىلساڭ خەقتىن ياندۇ،
خەقتىن يانمىسا ھەقتىن ياندۇ.
لېكىن يامانلىق ئەيلىمە ھەرگىز،
نېسىدىن ئەمەس نەقتىن ياندۇ.

* *

ھاياتىڭ بەربىر بولىدۇ زايە،
ئاشمىسا ئەمەلگە دىلدىكى غايە.
قۇرۇق ۋەدىلەر بەرگىنىڭ بىكار،
چۈشۈر سەك ھېساب باشلارغا سايە.

* *

بىلىنەر باشتىلا ئوبدان ـ ئەسكىسى،
ئادەمنىڭ بۇ بىر خىل بايقاش ئۇسۇلى.
باغۋەندىن سوراپ باق چىنپۇتمىسەڭ گەر،
چېچەكتىن مەلۇمدۇر مېۋە ھوسۇلى.

* *

قېرىساڭمۇ قىپ سالسەن بالىلىق،
كۆڭلۈڭدە گەر بولسا قىلچە ئالىلىق.
بۇ نۇقساندىن ساقلانساڭلا بولدى، بەس،
ئەيىب ئەمەس جىسمىڭدىكى چالىلىق.

1993 ـ يىل 5 ـ ماي

غەيرەت ئابدۇللا (يولچى)

## يول ئىشقىدا يانىدۇ يۈرەك

### مېنىڭ بەختىم يول بىلەن


يول مېنىڭ بەختىم تۆكمەيدىغان،
يول مېنىڭ يارىم ئايرىلمايدىغان.
يول مېنىڭ ناخشام ياڭراق، يېقىملىق،
يول قورال — نەيزەم قايرىلمايدىغان.

يول ئىشقى قوزغار ھەۋەس ـ زوقۇمنى،
يولغا ئاتىدىم بارۇ يوقۇمنى.
يول شەيداسىمەن، يول ھەغداسىمەن،
يول يېتىشتۈرگەن مىجەز ـ خۇلقۇمنى.

بۇ گۈنۈم ئۆتتى يولنىڭ كويىدا،
گۈزەل ئەتەممۇ يولنىڭ بويىدا.
يولنىڭ جاپاسى ھار غۇزغان بىلەن،
چىقار ھاردۇقۇم يولنىڭ تويىدا.

يولدا يېتىلدى قانات ـ پەرلىرىم،
يولغا چېچىلدى قېنىم ـ تەرلىرىم.
بىر ئۆمۈر ئىسلەپ تاپقان مۈلكۈم يول،
دېمەك، يول مېنىڭ پۇلۇم ـ زەرلىرىم.

پېقىرلىقىمدىن يېمەيمەن ۋايىم،
دەپتى ـ دۇنياغا يوق ئانچە رايىم.
ئەجرىم ھېسابى ئاۋۇپ بارسا يول،
غېمى بار دېسە، غېمىم شۇ دايىم.




شۇ غەم تۈپەيلى تاغلارنى كەزدىم،
غەيرەت مۇشتىدا تاغلارنى ئەزدىم.
ھايات قىممىتى، ياشاش مەنىسى
نېمە دېگەننى يوللاردا سەزدىم.

بۇيا① ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇيۇل،
ئۆزاق قالمىدى، پۈتىدۇ بۇ يول.
كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدىغۇ مەنزىل،
ئەلنى شەرەپتە كۈتىدۇ بۇ يول

* *

يول مېنىڭ بەختىم تۆكمەيدىغان،
يول مېنىڭ يارىم ئايرىلمايدىغان.
مېنىڭ شاد ناخشام ياڭرايدۇ يولدا،
يول قورال ـ نەيزەم قايرىلمايدىغان.

1994 ـ يىل ئىيۇن، جەگتال

### خەلقىمنى دەپ ...

يول ياسىدىم خەلقىمنى دەپ چۆللەر كېزىپ،
يول ياسىدىم خەلقىمنى دەپ تاغلار قېزىپ.
يول ياسىدىم، مەن بارمىغان يەر قالمىدى،
يول ياسىدىم تەر ـ ئەجرىمدە داستان يېزىپ.

ئەزىز خەلقىم مېنىڭ جېنىم، تاجۇ تەختىم،
خەلقىمنى دەپ تارتقان جاپا راھەت ـ بەختىم.
راۋانلاشسۇن، دەپ ئەل يولى — خوتەن يولى،
يول ياسىدىم، ئىشقا ئاشتى قەسەم ـ ئەھدىم.

خەق توكلىسا مېھرىم بىلەن گۈلخان ياقاي،
يول ئازابى تارتسا ئەگەر تاغنى چاقاي.

① بۇيا — قارا قۇرۇم تېغىنىڭ بىر قىسمى

شۇنداق دېدىم، شۇنداق قىلدىم خەلقىمنى دەپ،
يول ياسىدىم راۋانلاشتى ئەگرى ـ توقاي.

خەلقى ئۈچۈن ياشىمامدۇ دۇنيادا ئەر،
نومۇس ئەلنى نامراتلىقتا قويساڭ ئەگەر.
مەن بىر چاكار، يول ياسىدىم خەلقىمنى دەپ،
ئەلگە تالىق باسقان سەپەر، قوچقان زەپەر.

## تاغ قارغىسى، تاغ بالىسى

1

تاغ قارغىسى ـ بالا قارغا قولىغا كۆندى،
بېقىۋالدىم «بالىچىلاپ»، يولغا كۆندى.
بەرگەن دانىنى چوقۇپ قىزىل تۇمشۇقىدا،
مېنى ئەگىپ ماڭدى، ئۇڭغا ـ سولغا كۆندى.

ئىشقا ماڭسام ئۇزىتىدۇ سايراپ ـ كۈلۈپ،
ئىشتىن يانسام يۈگرەپ كەلدى يايراپ ـ كۈلۈپ.
گەپ ئۆگەندى، «سالام» دېدى، «ھارماڭ» دېدى،
ئەركىلەشتە بىلەك، گاھى غولغا كۆندى.

تىنۇشىمنى يىراقلاردىن سېزىدۇ ئۇ،
مېنى ئىزدەپ يول باغرىنى كېزىدۇ ئۇ.
مىتىن ـ بازغان ساداسىغا كۆڭلى چۈشتى،
ۋاھ، بۇ ئىشنى كۆرۈڭ بۇ قۇش رولغا كۆندى.

2

تاغ بالىسى كىچىكىدىن يولغا كۆندى،
دىلى يايراپ بالىلارچە يولنى سۆيدى.
بۇدرۇققىنا قوللىرىدا شېغىل تېرىپ،
يول يۈزىگە چاچتى، لەۋگە پاسىل قويدى.

تاغ بالىسى تاشلىۋەتتى يېتىر قاشنى،
بىزگە ھەمدەم تاراشلىدى پىتىر قاشنى.
بىز مىتىندا تاغ كەسلىسەك ئۇمۇ دوراپ،
دۆڭگىنى سىرىپ جىلغا تامان، تاغنى ئويدى.

تاغ بالىسى ـ تاغ ئېلىنىڭ ئەركىلىرى،
ھازىر سەبىي، ئەتىكى تاغ سەركىلىرى.
ھېلىتىنلا يولغا ھەغدا، ئاشىق بولۇپ،
يولنى بۇزغان «قوي ـ ئۆشكىنى» تەتۈر سويدى.

*      *

تاغ قارغىسى ـــ ياۋا قارغا قولغا كۆندى،
تاغ بالىسى ـــ بۇ ئاسفالىت يولغا كۆندى.
تېزەك قالاپ ئۆمرى ئۆتكەن تاغ تۇرالىق
قارا ئالتۇن ياقتى، قولى رولغا كۆندى.

1994 ـ يىل ئۆكتەبىر، جەگىتال

## ئاخشام تاقىر ياتقان شۇ تاغلار،

ئاخشام تاقىر ياتقان شۇ تاغلار
بۈگۈن ئاق تون كىيىپ قويۇپتۇ.
تۈۋا دەيمەن سىنتەبىردىمۇ
تاغ توقۇمنى تەتۈر توقۇپتۇ.

چېدىرىمدىن چىقتىم تالاغا،
ئايغىمدا غىچىرلىدى قار.
نەزەرىمگە چۈشتى قاپتاللار،
بىر تەرەپتىن ياغسا ئاق يېغىن،
بىر تەرەپتىن ئۆرلىمەكتە پار.

سىنتەبىردە تۇنجى قار كۆردۈم،
قاردا سىپاپ يۈزۈم قولۇمنى.
پىسىگىدە بىر كۈلۈپ دېدىم:
ئوبدان قىلدىڭ نەمدەپ يولۇمنى.

تېجەپ قالدىڭ خىراجەتنى قار،
يول ئۆلىغا سۇ سەپمەس بولدۇق.
يۈزنى چىمداپ ئۈچقۇندا، مەيلى،
ھۇزۇرۇڭدا خۇشال ـ مەست بولدۇق.

چىقتى قۇياش قولدىسۇن ① ياقتىن،
ئەگىلىك ئەتتى شەپەقتىن قار قىز.
دەم ئۆتمىدى، تاغ باغرى ـ يولدا
ئاق يىغىندىن قالمىدى ھېچ ئىز.

* *

سېنتەبىردە قار ياغدى دېسەم،
ئىشىنەرمۇ مېنىڭ دىلبىرىم.
تەكتە ئۈزۈم، شاخلاردا ئالما،
تەشتەكتىنغۇ تېخى گۈللىرىم؟
سىز ئۇ يەردە قارلىق دالادا،
يازلىق كىيىم... توڭغانسىز دەرمۇ؟
قارغۇ ياغدى، كۆكگۈل ياز پېتى،
ئازراق سوغدا تىترىگەن ئەرمۇ؟
قار ياغدۇ ئۆز يولى بىلەن،
بىزمۇ يولغا ياغدۇرىمىز تەر.
قارمۇ، بىزمۇ، قېنى كىم غالىب،
دىلبىرىم، كۇت بۇندىن خۇش خەۋەر.

* *

ئاخشام تاقىر ياتقان شۇ تاغلار
بۈگۈن ئاق تون كىيىپ قوپۇپتۇ.
ياغ، يىغىۋەر، يولچى ئەزىمەت
قاچانمۇ بىر سەندىن قورقۇپتۇ!؟

1994 ـ يىل سېنتەبىر، جەگىتال

## دەرياغا قاراپ

ئوخچۇيدۇ، كۈلىدۇ دەريا سۇلىرى،
قىرغاقنى باغاشلاپ، سۆيۈپ چىمەننى.
ئاقىدۇ تىنىمسىز يىراق يىراققا،
شوخلۇقى ئەسلىتەر بىر ئۈز لېۋەننى.
تۈگىمەس سۆيۈشلەر، تۈگىمەس كۈلكە،
تۈگىمەس پىچىرلاش، نازلىق كۈي گويا.
تۇرىمەن قىرغاقتا خىيالغا پېتىپ:
قەيەرگە بارىدۇ بۇ ئەزىم دەريا؟
ئۇ بارار ئېكىنزار، يېشىل باغلارغا،
ئۇ سىڭەر ئانا يەر باغرىغا ھەر دەم.
ئۇ چۆللەر بېتىگە چېكەر گۈل ـ كەشتە،
ئۇ بېرەر ھاياتقا مېھرىدىن زەمزەم.
ئىنساننىڭ تەر ـ ئەجرى ئوخشار شۇ سۇغا،
ئۇنىڭدا ياشنايدۇ كائىنات ـ جاھان.
شۇ دەريا سۈيىدەك بولالىسام گەر،
يېتەتتىم مۇرادقا، قالمايتتى ئارمان...

## خەير ـ خۇش، جەگىتال

ــ چاقار ـ بۇيا تاشيولىنىڭ پۈتۈش مۇناسىۋىتى بىلەن

خەير ـ خۇش، جەگىتال ــ مەن تۇرغان چۆشكۈن ②،
سەككىز ئاي ئەللەيلەپ باققان ئەل ـ ئانا.
لاۋۇلداپ دىلىمدا پىراقلىق ـ ئىشقىڭ،
ئايرىلىش ئالدىدا تۇرىمەن مانا.
ئاپرېلنىڭ سەككىزى دىدارلىشىپ بىز،
جىگدىلىك قوينۇڭغا تىككەنتىم چېدىر.
بەش قەدەم نېرىدا دەريايى مۇنچا،
كىرىسلو بولغاندى غەربىي تام ئېدىر.
باھار، ياز، كۈز قىشىم ئۆتتى سەن بىلەن،
ئۇزاتتىم سەككىز ئاي، ئاتمىش ھەپتىنى.
قۇشلىرىڭ قانىتى سايىۋەن ـ كۈنلۈك،
شامىلىڭ پەسەيتتى تومۇز تەپتىنى.
تومۇز غالاڭ سازەندەم، قارغالاڭ ناخشىچى،
ئىپارىم بولغانتى ياپۇز ـ گىياھلار.

---

① قولدىسۇن ــ يەر ئىسمى

② خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 8 ـ بەش يىللىق پىلانىدىكى چىرا ـ بۇيا يولىدا 1994 ـ يىل 8 ـ ئاپرېلدىن 28 ـ نويابىرغىچە ئىشلىدۇق.

هازىر يول (ئورنىدا مەخمەل پاياندار)،
سەككىز ئاي ئاۋۇالقى مەغرۇر قىيالار.
ئىسمدە، تەتو ① دىن سېرىق قۇمۇشقا ②
توتماققا ③، ساسكامغا ④ بارغانتىم دەسلەپ.
ماي چېچىپ، يول ئېچىپ، قوشقار بېشىدىن ⑤،
ئۆتكىنىم قولدىسۇن ⑥ بىلىنى كەسلەپ.
ئىسمدە، هاپاندوك ⑦، داۋاننىڭ تۆۋى ⑧،
قىزىل يار ⑨ بۇياغا ⑩ بېسىلغان قەدەم.
قېنى ئۇ پۇت تايغان تولغىماچ چىغىر؟
(ئورنىدا تاناپتەك داغدام يول بۇدەم.)

جەگىتال شۇ يوللار سەندە تۆرەلگەن،
لايىھە، پىلانى چىققان چېدىردىن.
يول ياساش قوشۇنى جاپانى يېڭىپ،
تۆرلىگەن سەن بەرگەن سۆيگۈ ـ مېھىردىن.
جەگىتال، بىز ساڭا ئۆزلىشىپ كەتكەن،
خەير ـ خوش دېگىلى بارمايدۇ تىلىم.
ئايرىلىش ئالدىدا راست گېپىمنى دەي،
كەتسەممۇ يولۇڭدا قالىدۇ دىلىم!

1994 ـ يىل 28 ـ نويابىر، جەگىتال

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

# سەپەر يالدامىلىرى

## تەيشەن ئۈستىدە يېزىلغان شېئىر

تەيشەن سەندە ئىزلىرىم قالدى،
چاقچاق بىلەن سۆزلىرىم قالدى.
تۆمەنلىگەن پەلەمپەيلەردە،
مۇنچاق ـ مۇنچاق تەرلىرىم قالدى.
تاڭ سەھەردە كۆتتۈم قۇياشنى،
بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ.
ئالقىنىمدا ئوينىدى قۇياش،
ئاشۇ دەمدە ئالتۇن شار بولۇپ.
گەجگىسىدىن دەسسەپ تەيشەننىڭ،
راۋاقلارغا سالمىدىم نەزەر.
ۋۇجۇدۇمدا غۇرۇر، ئىپتىخار،
قەدىر تاپتى بۇندا شۇ قەدەر.
مەن هاياتقا ئارمان ئىلكىدە
غۇرۇر بىلەن تۆرەلگەنىدىم.
تۆرۈلۈپلا بۇيۇك غۇرۇرنىڭ
بۆشۈكىگە بۆلەنگەنىدىم.
ئاشۇ غۇرۇر، ئاشۇ ئىپتىخار
ئەۋلىياغا ئەگدۇرمىدى باش.
ئايغىمىنىڭ ئاستىدا تەيشەن،
ئالقىنىمدا تۇرىدۇ قۇياش...

1994 ـ يىل 4 ـ نويابىر، تەيشەن

## دېڭىز ۋە مەن

دېڭىز ئوخشايسەن ماڭا نەقەدەر،
بەزەن شۈكلىشىپ سۇرىسەن خىيال.
تىنچلىقنى بۇزغاندەك ئىلھام،
سۇكۇت بىر دەمدە يوقىلار دەرھال.
دېڭىز ساڭا مەن ئوخشايمەن شۇنچە،
غەزەپ، نەپرەتتىن تىترەيدۇ جىسمىم.
سەنمۇ غەزەپ بىلەن سالىسەن شاۋقۇن.
قىيا تاشلارغا ئۇرۇلۇپ بىتتىنىم.
دېڭىز قەلبىمىز بىر بەلكىم بىزنىڭ،
شادلىق، غەزەپكە مەڭگۈلۈك ماكان.

---

① ② ③ ④ ⑤ ⑥ ⑦ ⑧ ⑨ بۇيادىكى يۇرت ناملىرى

دېگىنىز سۆيۈك ئەمەس قىياغا ئۇرغان،
مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا جۇش ئۇرغان ساپ قان.

دېگىنىز دېمەك مەن، مەن دېمەك دېگىنىز،
خىسلىتىمىز ئوخشاش نەقەدەر.
دېگىنىز سەن شائىر، غۇرۇرلۇك بۈيۈك،
تەكتىگىدە پىنھاندۇر مۇقەددەس ئەسەر.

قەلبىم سىرلىرىدەك سېنىڭ قەلبىڭدە،
پىنھاندۇر ئەبەدىي بىر سىرلىق ھايات.
سەن مېنى باغرىڭغا ئالدىڭ شادلىنىپ،
باغرىڭغا باستىم مەن ۋىسال بىلەن شاد.

1994 ـ يىل 14 ـ نويابىر، چىڭداۋ

## پېشانەمگە سۆيۈپ قوي

(شىئەن تاشيول شۆيۈەنىدە ئوقۇۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى مېنى پويىز ئىستانسىدا ئۇزىتىپ «پېشانەمگە سۆيۈپ قوي» دەپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى)

— خاتىرە دەپتىرىمدىن

ئۆز ئوغلۇمدەك كۇتۇۋالدىڭ سەن،
يۆلەپ ماڭدىڭ كوچىلار ئارا.
ۋۇجۇدۇمدا ئاتىلىق مېھىر،
يۈرىكىمدە شېئىرىي سادا.

ھۆر كىرىدى پويىز ھىجراندىن،
يۈرەكلەرنى سالدى لەرزىگە.
پېشانەمگە سۆيۈپ قوي دېدىڭ،
ھىجران يېشى تولدى كۆزۈڭگە.

سۆيۈپ قويدۇم پېشانەڭگە مەن،
سۆيگۈنۈمدەك قۇياشنى، ئاينى.
ئىگىلىدى بالىلىق مېھرىڭ،
يۈرىكىمدە مۇقەددەس جاينى.

كۈدۈك بېرىپ قوزغالدى پويىز،
شۇ بېكەتتە قالدى يۈرىكىم.
بۇ يۈرەكتە ئەۋلادلار مېھرى،
بۇ يۈرەكتە سۆيگۈ تىلىكىم.

1994 ـ يىلى 31 ـ ئۆكتەبىر، شىئەن

## قەدەملەر تىۋىشى سېھىرلىك دۇنيا

كولدۇرمائۇنىدىن ئويغاندى زېمىن،
قۇياش جىلۋىلەندى ئۇنىڭ كۆزىدە.
قەلب خانىسىدا مېھماندۇر ئارزۇ،
ۋىسال تەشنالىقى ئاتەش يۈزىدە.
قەدەملەر تىۋىشى بىر ئىزگۇ دۇنيا،
سەپەر قونالغۇسى بۇ ھايات گويا.

رويال كۈيى كەبى ياڭراق، مۇقەددەس،
ناخشىلار ئۇچىدۇ زېمىن كۆكسىدە.
قايناق ئۇمىدلەردىن تاپتى داغدام يول،
ئارمان سەلتەنىتى ئۇنىڭ ھۆسنىدە.
قەدەملەر تىۋىشى بىر ئىزگۇ دۇنيا،
ھايات سۆيۈنىدۇ بوي سوزسا گىياھ.

قەلب مېھرابىغا باش قويغان دەمدە،
جىسمىم پۇتولىدۇ ئوتلۇق سۆيگۈدىن.
دەريا مەۋج لىنەر، زېمىن سىلكىنەر،
تاغلار ئاتا قىلغان بۈيۈك تۇيغۇدىن.
قەدەملەر تىۋىشى بىر ئىزگۇ دۇنيا،
چىمەنلەر لېۋىدە پىنھان نۇر ـ زىيا.

جۇپلىشىپ مەيلىمگە باقماي كىرپىكلەر،
ئۇيقۇ ياستۇقىغا سۆرەيدۇ مېنى.
قەلەم تۇلپىرىنىڭ چاپچىشى بەزەن،
تىترىتەر ئانا يۇرت، قۇتلۇق زېمىننى.
قەدەملەر تىۋىشى سىرلىق بىر دۇنيا،
لېۋىدە بىر شوخ كۈي ئاقىدۇ دەريا.
تۈنلەر بوسۇغىسىدا ئالىمەن ئارام،
تاغلار ئىشكىنى سۆيۈپ سەھەر.
يۇلتۇزلار جىلمىيار باغرىمدا شۇئان،
سۈبھى يۈرىكىدىن ئاقار خۇش خەۋەر.

قەدەملەر تىۋىشى بىر ئىز گۈ دۇنيا،
ئىقبال بەزمىسىگە ئارمانلار گۇۋاھ.

يوقلۇق سەپسەتىسى رام قىلماس مېنى،
تۆرەلمە تۇيغۇسى دىلغا ھۆكۈمران.
ياشلىق سەلتەنەتى ھاياتقا كېپىل،
ماگىلاي ئۈنچىسىدىن گۈللىنەر جاھان.
قەدەملەر تىۋىشى بىر ئىز گۈ دۇنيا،
تويلار ناغرىسىدا ئىقبالدىن سادا.

بۈركۈتلەر پەرۋازى ياشلىقتا تەققاس،
ئاقباش چوققىلارنىڭ باغرىدا بوستان.
ئۇچ ـ چېكى كۆرۈنمەس كۈمۈش يوللاردا،
كېلىدۇ ئۈزۈلمەي ئۇچ تارتىپ كارۋان.
قەدەملەر تىۋىشى بىر ئىز گۈ دۇنيا،
ھايات بوستانىدىن ياڭرار شوخ ناۋا.

قەدەملەر تىۋىشى بىر يېڭى ئالەم،
ھايات سەيناسىدا مېھماندۇر ئادەم.
ئادەملەر قولىدا دۇنيا تەقدىرى،
دۇنيا ماكان ئېرۇر ئادەمگە ھەر دەم.
قەدەملەر تىۋىشى بىر ئىز گۈ دۇنيا،
ئاقىل دۇنيا كۆزىگە سۈرمە، توتىيا.
خىسلەتكار، مۇقەددەس، بۇ ئالتۇن زېمىن،
باغرىغا باسىدۇ ياخشى ـ يامانىنى.
پەقەت ئىنسان قەدىمى ئايرىيدۇ بىلسەڭ،
ھايات خامىنىدا دانىنى، سامانىنى.
قەدەملەر تىۋىشى بىر ئىز گۈ دۇنيا،
بۇ زېمىن ئىنسانغا سۆيۈملۈك ئانا.

1994 ـ يىل 26 ـ نويابىر، بېيجىڭ

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

## خىلۋەتتىكى ئۈنسىز تىۋىشلار

### سىرلىرىمنى بىلىپ قال پەقەت

يوللىرىڭغا تەلمۈرۈپ قاچان،
سوراپ قالسام سەندىن ناۋادا.
سۇئالىمنى قالدۇرۇپ ئاپئاق،
تېڭىر قايسەن ھەيرانلىق ئارا.
كۆز ئۇيىنىتىپ ساڭا تۇنجى رەت،
ھېسلىرىڭنى قىلغان خۇش كەيپ،
مۇھەببەتمۇ مەن.
سۇ كۈتلەردىن ئۇيغىتىپ سېنى،
يۈرىكىڭگە سۆيگۈ پۇراتقان
جاسارەتمۇ مەن.
چۈشلىرىڭنىڭ شېرىن پەيزىدە
ئەللەيلىنىپ ۋىسال باغرىدا،
يايرىغانمۇ مەن.
خىيالىڭنى دائىم غىدىقلاپ،
جۇشقۇن سۆيگۈ كۈيىنى تولاپ،
سايرىغانمۇ مەن.
يۈرسەڭ ھىجران دەشتىدە تەنھا،
ئۈمىدىڭگە كۈندەك پارلىغان.
غەيۇر ئۈيىمۇ مەن.
سەن ئاڭلاشقا تەلپۈنگەن ھەر ئان،
سەھەر ئۇچقان مەيىن شامالدەك،
لىرىك كۈيمۇ مەن.
چىقساڭ سۇغا قاپاق كۆتۈرۈپ،
سالام بەرگەن ساڭا ئىگىلىپ،
مەجنۇنتالمۇ مەن.
دولقۇنىدا زۇمرەت دېڭىزنىڭ
يىراقلارغا سېنى ئۇچۇرغان،
ئۇچقۇر سالمۇ مەن.
ئازاب سېنى قىلغاندا خامۇش،

بارماقلىرىڭ تىترەتكەن ئاستا،
كۆمۈش تارمۇ مەن.
ئاخشاملىرى يۈرسەك خىيالچان،
ئايىغىڭغا بولغان پاياندار،
ماموق قارمۇ مەن.

يۈرىكىمنى كۆرسەتتىم ساڭا،
سىرلىرىمنى بىلىپ قال پەقەت.
سەندىن پىنھان يۈرەتتىم ھەردەم،
زاھىر قىلدى مېنى مۇھەببەت!

## يېزا سۈرىتى

ئۈپۈق مەگزى گۈل بەرگىدەك قىزىرىپ،
ئۈپقۇسىدىن باش كۆتۈردى زەر قۇياش.
گۈزەل يېزام ھۆسنى نۇرغا چېلىشىپ،
كۈلدى ئەتراپ گويا ئوماق قىز ئوخشاش.

جىلۋە قىلدى گۈل يېزامنىڭ چېھرىدە
بىر ساماۋى گۈزەللىكنىڭ باھارى.
شادلىق چاقناپ كۆكۈللەرنىڭ سەتھىدە،
ياڭراپ كەتتى گۈلگۈن ھايات ساتارى.

چاڭ توزۇتۇپ ئاق بۇلۇتتەك پادىلار،
قۇياش سۆيۈپ، ئۈپۈق تامان يول ئالدى.
كۆكنى سۆيگەن قىلىچ بىسلىق چوققىلار
تاڭنىڭ نەپىس جۇلاسىغا كۆز سالدى.

رەڭدار سەھەر ناۋاسىغا بولۇپ جۆر،
زەر چەشمىلەر قىرغاق سۆيدى شىۋىرلاپ.
يېشىللىقنى ئەگىپ يۈرگەن ئاپئاق ھور
كەتتى ئاستا يىراقلارغا يورغىلاپ.

تاڭنىڭ لەرزان ساباسىدا تەۋرىنىپ،
ئاقتى دەريا چۈشكەن كەبى ئۇسسۇلغا.
لىۋەن قىزلار كۈلكىسىنى ياڭرىتىپ،
ئوخشاپ قالدى شوخ نەغمىچى بۇلبۇلغا.

گۈزەل تاڭنىڭ چۆمۈپ يېزام پەيزىگە
يېڭى تۈيغۇ ـ تىلەكلەردە قىلدى ناز.
ئوخشاپ ئۇنىڭ نۇرلۇق يۈزى لالىگە،
لەۋلىرىدىن تۆكتى ئوتلۇق كۈي ـ ئاۋاز...

## ئەجەبا...

بىر شاختىكى بەش ئالما،
بەشلىسى ئاق ئالما،
ئوخشمايدۇ بىرىگە بىرى.
بەش ئالمىنىڭ
بىرى كىچىك، بىرى چوڭ،
بىرى پىششىق، بىرى توڭ.
بىرى كۆزنى قاماشتۇرىدۇ
بىر بولسىمۇ ئالما يىلتىزى
ۋە ئۆسكەن يېرى...

## شەبنەم قوندى كىرپىكلىرىمگە

مەن يىتتۈردۈم نېمەمنى نىگار،
كۆڭلۈم مېنىڭ پەرىشان ئەجەپ.
يۈرىكىممۇ يىغلايدۇ ئۈنسىز،
شادلىقىممۇ ئۆلدى بىر ـ بىرلەپ.

قور شاۋىدا قالدىم ئازابنىڭ،
گۈل بېغىمدا سايرىماس قۇشۇم.
خىيالىمغا چىرمىشىپ ھەسرەت
ئۆچەي دېدى مۇھەببەت چوغۇم.

ئەتراپىمدا ياڭرىغان شادلىق،
قۇلىقىمغا كىرمەيدۇ پەقەت.
ھازىدار دەك بېشىم بەك تۆۋەن،
ئۈمىد ماڭا بەرمەكتە مەدەت.

شەبنەم قوندى كىرپىكلىرىمگە،
يۈرىكىمگە ئىز گۈ ھېس تاراپ.
مەن يىتتۈردۈم نېمەمنى ئەي يار،
بەرگىن قېنى سەن كۈلۈپ جاۋاب.



قەيسەر مىجىت

# ھايات ۋە بۇرچ

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ساۋاقدىشىم ئايپەرى، ياخشىمۇسىز ؟

بۇ قېتىم يازغان خېتىڭىزنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقتىم. قىسقىغىنا بىر يىل ئىچىدىكى ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىڭىز ھەقىقەتەن كۆپ بوپتۇ.

ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتقاندا، داشۆدىكى چاغلىرىڭىزدا قويۇق ئادىمگەرچىلىك تۇسىغا ئىگە مىجەزىڭىز بىلەن ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدىڭىز. ئۇنىڭدىن سىرت، ئوقۇتقۇچىلار ھەم ساۋاقداشلار بىلەن پىكىرلەشكەندە ئوتتۇرىغا قويىدىغان كەسىپ ۋە كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى بەزى ئۆتكۈر پىكىرلىرىڭىز بىزنى قايىل قىلاتتى. ئېھتىمال، بۇ قېتىمقى خېتىڭىز ئەنە شۇنداق سۆھبەتلەرنىڭ داۋاملىشىشىدۇر. خېتىڭىزدىن قارىغاندا، غەمكىن ۋە ئۈمىدسىز بولۇپ قالغان ئوخشايسىز. سىز بىر چاغلاردا بىر جەمئىيەتنىڭ روناق تېپىش ـ تاپالماسلىقىدا ھەممە كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى بار، قىز ـ ئوغۇللارنىڭ باراۋەرلىكى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى بۇرچىنى باراۋەر يوسۇندا ئادا قىلىشىدا دەپ سۆزلەيدىغان، دەرستە، ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بولۇپمۇ ئەلاچى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان جاسارەتلىك روھقا ئىگە ئايپەرى ئىدىڭىزغۇ ؟

مەن ئالدى بىلەن سىزنىڭ ئۈمىدسىز بولۇپ كەتمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەر بىر ئۈمىدسىزلىك ۋە ھەر بىر ئازاب بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى بىر يېڭى يۈزلىنىشنىڭ، يەنى پىشىپ ـ يېتىلىشنىڭ بېشارىتىدۇر. خۇشال ـ خۇرام ياشاش كېرەك، خۇددى سىز «ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشمۇ خۇشاللىققۇ ؟» دېگەندەك، ئاددىي خىزمەت ئورنىدا تىرىشىپ ئىشلەڭ. سىزنىڭ شۇنداق قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچەم كامىل.




خېتىڭىزدە سىز «يېزىلاردىكى كىشىلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن ئىكەن، شۇنداقلىقىدىن ئۇلار نادان بولىدىكەن. نادانلىقىدىن ھورۇن بولىدىكەن. بەزىبىر

نامرات كىشىلەرنىڭ ئوقۇشسىز قېلىۋاتقان پەرزەنتلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئالاھىدە چېچەنلىرىنىڭ قارا ئەمگەكنىڭ قولى بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يىغلىغۇم كېلىدۇ، ھەتتا بەزىدە يىغلاپمۇ سالىمەن. يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر ئۆز ئەسەرلىرىدە سۆزلىگەن پۇقرانىڭ ھالى بىلەن كارى بولمايدىغان، ھارامغا ئامراق بەزى قىزىل كۆز يېزا باشلىقلىرىنى رېئال تۇرمۇشتا كۆرۈپ ئۇلارغا قاتتىق ئۆچلۈكۈم كەلدى. بىچارە دېھقانلىرىمىزغا ئىچىم ئاغرىدى. تۇرۇپ ئويلاپ كېتىمەن: بۇ يەردە سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى يېزا كادىرلىرىمۇ كىشىلىك ھايات ۋە ئىنسانىي بۇرچ ھەققىدە ئويلىمايدىغان ئوخشايدۇ. بەزى كىشىلەر ئۈچۈن ياخشى يېيىش، ياخشى كىيىنىش ۋە جامائەت سورۇنلىرىدا ئۆزىنى كوزا ـ كوزاڭ قىلىش بىر خىل شەرەپ ئوخشايدۇ. ئىچىم سىقىلىپ كەتتى. بىر ئادەمنىڭ كۈچى چەكلىك بولىدىكەن. يېزا ئىقتىسادى خىزمىتى ئىشلەيمەن دەپ ئويلاپ يۈرۈپ، ئاخىر ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغان مەن ئۈچۈن پەلسەپىۋى تۈس ئالغان مەسىلىلەر ھەققىدە ئەمەس، بەلكى كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدە ئويلاش ياخشىراق ئوخشايدۇ. بولمىسا، سالامەتلىكىمدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئوخشايمەن» دەپ يېزىپسىز.

ئاپپەرى، سىزنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭىزگە رەھمەت. بۇ مەن بىلىدىغان ھەقىقىي ئاپپەرىنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان گەپ. بىراق، كېيىنكى گەپلىرىڭىزنىمۇ توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ، ئارتۇق گەپ قىلماي، قەيسەر، ئىرادىلىك بولۇڭ، ئاپپەرى، ئاددىي مائارىپ سېپىدە ئۆزىڭىزگە ئوخشاش ئوقۇغۇچىدىن يىلىغا بىردىن تەربىيىلىسىڭىزمۇ 20 ــ 30 يىلدا جەمئىيەت ئۈچۈن كۆپ تۆھپە قوشقان بولىسىز. بۇ جەھەتتە سىزگە ئۇتۇق تىلەيمەن.

يەنە بىر گەپ، كىشىلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ھەر ھالدا خېلىلا ياخشىلىنىپ قالدى، بۇ پاكىت، ئەمما ھەقىقەتەن نامرات بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ئادەمنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايدۇ. ئۆتكەندە مەنمۇ ئەنە شۇنداق ئادەملەرنى كۆرۈپ يىغلاپ سالغانمەن. ھەتتا ئۆزۈمگە: مەن نېمىشقا ئوقۇۋاتىمەن؟ دەپ سوئالمۇ قويۇپ باققان. تۇرمۇشنىڭ يەنە بىر ئەينىكىدە بايلىقنى، نام ـ ئەمەلنى كۆز ـ كۆز قىلىپ گىدىيىپ ياشاۋاتقانلارنى، ئەقلىگە ئەمەس، ھېسسىياتقا تايىنىپ ياشاۋاتقانلارنى كۆرۈپ ھەم يىرگەنگەنمەن، ھەم ئازابلانغانمەن. ئالىي مەكتەپلەردە بىرەر خىزمەت تەمەسى ئۈچۈن دىپلومنى دەپلا ئۆزىنى ئالداپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلارنى كۆرۈپ مېنىڭمۇ ئىچىم سىرىلىدۇ، لېكىن مەيلى ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن، ئۇلار بىزنىڭ خەلقىمىز، ئىشىنىڭكى، كۆپلىگەن كىشىلىرىمىز يەنىلا ياخشى. بىراق، ئۇلار ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان خەلقنىڭ ماددىي، مەنىۋى ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توسقۇن بولىدىغان تۈگىمەس قائىدە ـ رەسمىيەتلەرنىڭ ئىسكەنجىسىنى بۇزۇپ تاشلىيالمايۋاتىدۇ. مانا بۇ ئۆزىمىزدىكى چوڭ ئىللەت. كونىلار «مىللەتنى خار قىلغان ئىللەت» دەپ توغرا ئېيتىپتىكەن. ئىللەت ياخشى كىشىلىرىمىزنىمۇ يامان كۆرسىتىۋاتىدۇ. بىز تېخى ياش. بەزى چوڭلىرىمىز بۇنداق پىكىرلىرىمىزنى ئاڭلىسا، ئېھتىمال بىزنى قارغاپ كېتەر، لېكىن بۇنداق قارغايدىغانلارنىڭ ھەممىسى ناچار كىشىلەر ئەمەس، پەقەتلا بۇ يەردە ئىككى ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدىكى

ئۆز ئارا چۈشىنىشمەسلىكلا نۇرغۇن پايدىسىز ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ، ئەلۋەتتە،
بىز چوڭلارنى ھۆرمەتلىشىمىز كېرەك. شۇنداقلا بىز چوڭلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئاسرىشىغا
موھتاج. نېمىلا دېگەن بىلەن، بىز بالا، ئۇلار ئاتا ـ ئانا ئەمەسمۇ ؟ شۇڭا خاتا سۆزلەپ قويساق
ئۇلار بىزنى كەچۈرىدۇ. ئەگەر خالىسىڭىز، جۈرئەتلىك بولۇپ، يېزىڭىزدىكى كىشىلەرنى قايىل
قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرەرسىز، مۇبادا ئۇلار قوشۇلسا، ھەشىمەتلىك توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ
چىراغلارنى ئازايتىش بەدىلىگە «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» ئۈچۈن ئىئانە توپلاپ، ھېلىقىدەك چېچەن
بالىلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن ئاز ـ تولا كۈچ چىقىرارسىز. «بىر گۈلنىڭ ئېچىلغىنى بىلەن باھار
كەلمەيدۇ» ئەلۋەتتە. بىز پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دانا رەھبەرلىكىگە ئىشىنىمىز. «بەرسەڭ يەيـ
مەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن» دېگەنىنىڭ ئورنىغا جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش
كۆرۈشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزساق تېخىمۇ ياخشى. ئەڭ ئاخىـ
رىدا سىزگە دەيدىغىنىم، سىز ۋە بىز، قىسقىسى، مۇشۇ دەۋردىكى ياشلار ئاتا ـ ئانىمىز كۆرگەن
جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى كۆرمىدۇق. شۇڭا، كۆپ نەرسىلەرنى چۈشەنمەيمىز. ئائىلىلى، كىشىلىك
ھايات ۋە ئىنسانىي بۇرچ ھەققىدە بەزى تەگتۈشلىرىمىز يا ئويلىنىدۇ، يا ئويلانمايدۇ. خوش، سىز
ۋە بىزگە ئوخشاشلارمۇ يەنىلا ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ روھىي دۇنيايىمىزدىكى خام ـ خىيال بىلەن ئا-
رىلاشتۇرۇۋېتىمىز، شۇڭلاشقىمىكىن، بىر ئىشقا ئاسانلا قىزىپ، ئاسانلا سوۋۇپ كېتىمىز، بەلكىم
بۇ ياشلىقتىكى مىجەزدۇر. مەن مۇشۇ قېتىم يازلىق تەتىلدە يۇرتۇمغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن
شۇنى ھېس قىلدىمكى، بىز دەۋاتقان ھايات مۇشۇ 24 سائەتنىڭ ھەر بىر مىنۇتىدا ئىكەن. بىر
ئادەمنىڭ ئۆز بۇرچىنى ھېس قىلىشىمۇ، ئادا قىلىشىمۇ مۇشۇ رېئال دۇنيادا، مۇشۇ ئۆزلۈمەي كېـ
لىۋاتقان ۋاقىت كارۋانلىرىدا بولىدىكەن. ماڭا بۇ پىكىرنى بىر يېزا باشلىقى ھېس قىلدۇردى. دەل
بۇ ئادەمگە بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىم سەۋەبلىك مەزكۇر ئاخباراتنى يېزىپ چىقتىم. ئۇنىڭ ئىش ـ
ئىزلىرى سىزگە ۋە كىتابخانلارغا ھايات ۋە بۇرچ ھەققىدە ئاز ـ تولا بىر نېمە ئېيتىپ بېرەر، دەپ
ئويلايمەن. گېزىت ـ ژۇرناللارنى كۆپرەك كۆرۈپ تۇرغايسىز، سىزگە ئالەمچە بەخت تىلەپ:

ساۋاقدىشىڭىزدىن

* * *

بۇ ئادەمگە بولغان ھۆرمىتىم چەكسىز، ئەلۋەتتە. بۇ ئۇنىڭ چېچىنىڭ ئاقارغانلىقى ۋە
ياكى مەلۇم ئەمەلنىڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى چىن ئىنساندەك ياشاش جەھەتتە ماڭا
چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۇيغۇرلارغا خاس خاراكتېر
مۇجەسسەملەنگەن. ئۇنىڭ مىجەزىدىكى مۇلايىم، خۇش چاقچاقلىق، باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى
قەدىرلەيدىغان سۈپەتلەر ئۇنىڭ مۇۋاپىق پەيتتە ئىپادىلەيدىغان كەسكىن مىجەزى بىلەن
قوشۇلۇپ ئۇنى خىزمەتنى ئۈنۈملۈك ئىشلەيدىغان خىسلەتكە ئىگە قىلغان.

ھاسىل كالام، ئۇ كۆپنى كۆرگەن، جاپاكەش بىر ئادەم، 40 مىڭدەك نوپۇسى بار چوڭ

يېزىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان مەسئۇلىيەتچان يېزا باشلىقى.

ئېھتىمال بەزىلەر بىر چوڭ يېزىنىڭ باشلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكەندە چوقۇم ئۇنىڭ مايىلىشىپ كەتكەن چىرايى ۋە سالغان يوغان قورساقلىرىنى يا بولمىسا كەينىدىن «خوجام، خوش، خوش» دەپ تەزىم قىلىپ تۇرىدىغان بەزىبىر كىشىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىشىدىغاندۇ. ئەمما، ئۇ دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ناھايىتى ئاددىي ـ ساددا، ياداڭغۇ ئادەم. ئۆز كۆچىگە تايىنىپ ھالال، پاراۋان ياشاش ـــ ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى بىرىنچى پرىنسىپى.

يازلىق تەتىلدە يۇرتقا قايتقان چاغلىرىمىز دەل بۇ يەردە دېھقانلار تازا خامان ئېلىۋاتقان چاغلارغا توغرا كېلىدۇ.

خېلى يىللاردىن بېرى مەن مۇشۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ چەلپەك كىيىپ گاھ ئېتىزلىقلاردا چېپىپ يۈرۈيدىغانلىقىنى، گاھ سامان توشۇيدىغانلىقىنى كۆرۈپ كېلىۋاتقانىدىم. باشقىلار «خېلىل شەجاڭ» دەپ ئاتايدىغان بۇ ئادەمنىڭ دېھقانلارغا خاس تۇرمۇشى نېمىشقىدۇر دىققىتىمنى تارتاتتى.

دەرھەقىقەت، ئۇ سەھەر تۇرۇپ مال باقىدۇ، زىرائەتلەرگە سۇ تۇتىدۇ، خىزمەتتىن قايتىپ ئېرىق چاپىدۇ، بۇغداي ئورۇپ خامان سورۇيدۇ، ئىشقىلىپ، ئۇ دېھقانچىلىق مەزگىلىنىڭ ھەر پەسلىگە يارىشا ئائىلە ۋە دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇڭلاشقىمىكىن، ئۇنىڭ ئائىلىسى باياشاد، خىزمىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك، ئېھتىمال، دىققىتىمنى تارتقان ھەر قانداق نەرسىگە بولغان بۇ دۇشقاقلىقىمدىن بولسا كېرەك، بىر نەچچە قېتىملىق رەت قىلىنىشلاردىن كېيىن مەن ئاخىر ئاخباراتىمىز قەھرىمانىنىڭ روھىي دۇنياسىنى چۈشىنىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم.

* * *

ئىنسانلار جەمئىيەتتە ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشىنى ئويلاپ، قانۇننى، ئادالەتنى، ئىنسانپەرۋەرلىكنى دەپسەندە قىلىدىغان كىشىلەر ھامان ئازدۇر ـ كۆپتۇر بولۇپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتە راھەت ـ پاراغەتلىك كۈن كۆچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىيتى. لېكىن، پەقەت سەزگۈ ئەزالىرىنىڭلا لەززەتلىنىشىگە ئالدىنىش تولىمۇ بىچارىلىق ۋە نادانلىق، خالاس. ئالايلى، ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئۆز دەپى ـ دۇنياسىنى كۆپەيتىشنى ئويلايدىغان ئادەم ئۆز تەبىئىيتىگە شەخسىيەتچىلىكتىن ئىبارەت خاراكتېرنى سىڭدۈرگەن بولىدۇ. ئۇ ئالدايمۇ، ئۇششۇقلۇق قىلىپمۇ يىغىدۇ، تەر تۆكۈپمۇ يىغىدۇ، ئەمما جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇشنىڭ ئورنىغا ھەشەمەتخورلۇق، بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئىشلار تولا ھاللاردا نورمال قائىدە ـ يوسۇننى بۇزغىنى بىلەن قانۇنغا خىلاپ كەلمەيدۇ ـ دە، نەتىجىدە يامراۋېرىدۇ.

يەنە ئالايلى، جەمئىيىتىمىزدىكى رەھبەرلەر ئىچىدە يۇقىرىنى ئالداپ، تۆۋەننى بېسىپ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان، شۇ ئارقىلىق پارتىيىمىزنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ھەقىقىي ياخشى كادىرى خەلقنىڭ غېمىنى يەيدۇ، شەخسىيەتسىز بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار پارتىيە ۋە خەلققە سادىق،

ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، پارتىيە ۋە خەلق مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغان ھەر قانداق رەھبەر ياخشى رەھبەر ئەمەس. ئەمما، شۇنىسى ئېنىقكى، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلايدىغان قابىلىيەتلىك رەھبەر خەلقنى ياخشى يولغا يېتەكلەيدۇ، خەلق شۇنداق رەھبەرلەرنى سۆيىدۇ، قەدىرلەيدۇ. ئومۇمەن كىشىلىك ھايات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، خەلقنىڭ بەختى ۋە پاراۋانلىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشالىغان ئادەم ئەھمىيەتلىك ياشىغان بولىدۇ. كىشىلىك ئۆمۈر ناھايىتى قىسقا، يەنى ھەر قانداق ئادەم ئىككى ـ ئۈچ ئەسىر ياشىيالمايدۇ. مۇشۇ ھەقىقەتنى چىن مەنىسى بىلەن تونۇپ يەتكەن ئادەملەرلا كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەر بىر دەقىقىلىرىدە ئۆزىگە «مەن زادى قانداق ياشىشىم كېرەك؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ تۇرىدۇ ۋە شۇ سوئاللارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تېپىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

مېنىڭچە، مانا بۇ ئەقىل، مانا بۇ بىر ئەقىللىك ئادەمنىڭ كىشىلىك ھاياتى. لېكىن، تولىمۇ ئەپسۇس، بۇنداق ئەقىلغا ھەممە ئادەم ئېرىشەلمەيدۇ، چۈنكى بۇ خىل ئەقىل بىلىم بىلەن باراۋەر ئەمەس. بىلىم باشقا گەپ، ئەقىل يەنە باشقا بىر گەپ. جەمئىيىتىمىزدىكى بىلىمى تۇرۇپمۇ ئەقىلسىزلەرچە ئىش قىلىدىغان، ئوقۇماي تۇرۇپمۇ ئاقىللارچە ئىش قىلىدىغان ئادەملەر بۇنىڭ تېپىك مىسالىغۇ؟

مەن ئەسەر قەھرىمانىمىز بىلەن ئۇچۇق ـ يورۇق سۆھبەتلىشىش نەتىجىسىدە شۇنداق تۇيغۇغا كەلدىم. ئۇنىڭ ھايات كەچمىشلىرى مېنى دەم ھاياجانلاندۇرسا، دەم چوڭقۇر ئويغا سالدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى بىر سېھىرلىك رىۋايەتكە ئوخشايدۇ. ئېھتىمال، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز ھايات قىسمىتى بىر پۈتۈن بەدىئىي ئەسەرگە ئوخشىسا كېرەك. ئەمما، ئۇنىڭ ئاپتورىمۇ، ئاساسلىق قەھرىمانىمۇ پەقەتلا شۇ ئادەمنىڭ ئۆزى. جۈملىدىن ئۇمۇ شۇلارنىڭ بىرى.

شۇنداق، ئۇ بىر چوڭ يېزىنىڭ يېزا باشلىقى ۋەزىپىسىنى ئۇدا ئۈچ نۆۋەت ئۆتىگەن، ئەمەلىيەتتە يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتىدۇ.

باش ھامان باش، خورازنىڭ تاجىسىمۇ تاج. تۆگىنىڭ بېشىمۇ باش، باش بولغان ئادەم ھامان كۆپ نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولالايدۇ. «ئىشقىلىپ توخۇنىڭ تاجىسىچىلىك ئەمەلگە ئېرىشسىمۇ ھوزۇر ـ ھالاۋەتلىك تۇرمۇش بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرىشكە باشلايدۇ» مانا بۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەمەل ھەققىدىكى قارىشى. شۇنداقلىقتىن ئۇلار ئەمەل تالىشىدۇ، قانۇن، ئادالەت ۋە پرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرمەيدۇ. ئەمما، پارتىيىمىز تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن نۇرغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى يەنىلا جاپا ـ مۇشەققەتنى ھالاۋەتنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئىش كۆرىدۇ. ئۇ دەل ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرى. ئۇ بۇ زېمىننى ئېچىپ قۇرۇشقا، گۈللەندۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىشتا ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. شۇڭا، ئامما ئۇنى «ھايات جاۋيۇلۇ» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

راست، بۇ 60 ـ 70 ـ يىللاردىكى ئىشلار، ئۆتكەن تارىخ، ئۇنىڭغا بىز قەدىرلىگۈدەك، ئەسلىگۈدەك نەرسىلەر بار. جاۋيۇلۇ ـــ پارتىيىمىز تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن مۇنەۋۋەر كادىر. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل پەرزەنتى. ئۇ ئەينى چاغدا لەنكاۋ خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتى

ئۇ چۈن ئۆز ھاياتىنى ئاتىغان. دەر ھەقىقەت، خەلقىمىز تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىدا جاۋىپلۇ دەك كىشىلىرىمىز مەيدانغا كەلگەن ھەم بۇنداق كىشىلەر ئۇزۇلمەي چىقىپ تۇرۇشى كېرەك. ئۇ دەل خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ پاراۋانلىقى ئۇچۈن تىرىشىپ ئىشلەۋاتقان جاۋىپلۇ چە ھايات كادىر.

گەپنى يەنىلا ئۇنىڭ ياشلىق مەزگىلىدىن باشلايلى. ئىنقىلابىي روھ ۋە ياشلىق شىجائىتىگە تولغان بۇ يىگىت شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇ ئۆز يېزىسىدا كۆرگەن ئېغىر تۇرمۇش، قەھەتچىلىك، ئاچارچىلىق، ئىلاجسىزلىقتىن ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ يىراق جايلارغا چىقىپ كېتىۋاتقان كىشىلەر ئۇنى قاتتىق ئازابلىدى. ئۇ ئۆزىگە سوئال قويدى:

دېھقانلاردا يەر، سۇ، كۈچ تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ياخشى تۇرمۇش كۆچۈرەلمەيدۇ؟ كاللىسىدا شۇ سوئال تۇغۇلۇش بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە دېھقانلارنى ياخشى كۈنگە ئىگە قىلىش ئارزۇسى ياندى، بىراق ھەر قانداق ئارزۇنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى قول سېلىپ ئىشلەشتىن ئىبارەت ۋاقىت ئىچىدىكى ھەرىكەت ۋە ھەرىكەت ئىچىدىكى ۋاقىتتىن ئىبارەت جەريانىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردە يەنىلا ئەينى چاغدىكى شارائىتنى نەزەرگە ئالماي تۇرالمايمىز، ئەلۋەتتە.

ئۇ 1961 ـ يىلى ئەترەتنىڭ بوغالتىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ غەيرەت ـ شىجائىتىنى ئۆگەنگەن بىلىملىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەترەت ئەزالىرىنى يېتەكلەپ يۇرتداشلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش جېڭىگە ئاتلاندى. ئىككى يىل جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق نامراتلىقتا نامى چىققان ئەترەتنى يېزا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزۈپ، پۈتۈن يېزا خەلقىنىڭ ئىشەنچىسىگە، ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ كەنت كاسسىرى، ئامبارچىسى، مىنبىلىك لېنجاڭى، ئىتتىپاق شۇجىسى، يېزا باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاتۇش شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولدى ھەمدە 1965 ـ يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش تويىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى.

بىر زەدە ئاجايىپ ھورۇن كىشىلەرمۇ، «يۇگۇگنىڭ تاغنى يۆتكىشى» دەك روھقا ئىگە ئىشچان كىشىلەرمۇ بار. ئەجدادلىرىمىز «تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلغان ئادەملەر قولى» دېگەن گەپنى بىكار ئېيتمىغان.

1965 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۇ بوز يەر ئېچىپ يەر تېرىپ، ئاشلىق مەھسۇلاتىنى كۆپەيتىش مەقسىتىدە يېزا تەشكىللىگەن زەربىدارلار ئەترىتىگە باشلىق بولۇپ، يېزىدىن 200 كىلومېتىر يىراقتىكى «يازلو» دېگەن يەرگە قاراپ يولغا چىقتى.

20 نەپەر قىران يىگىت ئاپتوموبىلدىن چۈشكەندە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئاپئاق قاردىن تون كىيگەن پايانسىز دالا، يۇلغۇن، توغراقلار بىلەن تولغان قېلىن ئورمانلىق ئايان بولدى. ئۇلار قارلارنى تازىلاپ، قونالغۇ جاي تەييارلاپ، خۇر جۇنلىرىدىكى نانلىرىنى يېيىشىپ، ئوت يورۇقىدا تۈنەپ تاڭنى ئۆتكۈزدى، شۇ كۈندىن باشلاپ ئادىمىزات ئايىغى باسمىغان بۇ مۇنبەت زېمىندا بىر نوپ قىران يىگىتنىڭ ئىگىلىك يارىتىش تارىخى يېزىلىشقا باشلىدى.

ئۇلارنىڭ قىيىن شارائىتتا قانچىلىك جاپا چەككەنلىكى، ئۇزۇق ـ تۈلۈك ئۈزۈلۈپ قالغان

شارائىتتا ئۆز ئىشلىرىنى قانداق داۋاملاشتۇرغانلىقلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس.
يېمەك ـ ئىچمىكى ئۈچۈن 90 پىرسەنت قوناق ئۇنى، قۇدۇق سۈيى، تۇز كانىنىڭ تۇزىدىن باشقا
بىرەر باش چامغۇر چاغلىق نەرسە بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۇلار ھەر كۈنى 12 سائەتتىن ئار-
تۇق ئىشلىدى. شۇنداق ئىشلەپ 720 مو بىنەم يەر ئېچىپ 2 ـ يىلى ئەتىيازدا 320 مو يەرگە يازلىق
بۇغداي، 400 مو يەرگە قوناق، قىچا، كۆكتات قاتارلىقلارنى تېرىدى. ئۇلار يازلىق يىغىمنى ئا-
خىرلاشتۇرۇپ، خامانلارنى سورۇۋاتقان كۈنلەردە، يەنى 1966 ـ يىلى 10 ـ ئاۋغۇست تۇيۇقسىز
قاتتىق مۆلدۈر يېغىپ، كەلكۈن كېلىپ خامان، زىرائەت، ئېتىزلارنى ئېقىتىپ كەتتى. ئۇ كەل-
كۈن ئىچىدە قۇتقۇزۇش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قېلىپ، سەپداشلىرى
تەرىپىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىندى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار شۇ يىلى يەنىلا 70 مىڭ جىڭ ھوسۇل ئالدى.
ئۇلار بەرپا قىلغان بۇ مەيدان تېزلا روناق تاپتى. 1968 ـ يىلغا كەلگەندە، نوپۇس 900 گە، ئەمگەك
كۈچى 720 گە يەتتى. ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى شېرىن مېۋە بەردى. ئۇلار ھەر يىلى دۆلەتكە
200 مىڭ جىڭدىن 350 مىڭ جىڭغىچە تاۋار ئاشلىق سېتىپ بەردى. يېزىغا ھەر يىلى 100 مىڭ
جىڭدىن 150 مىڭ جىڭغىچە ئاشلىق يۆتكەپ تۇردى. يازلو مەيدان ئەزالىرىنىڭ ئۇزۇقلۇق ئاش-
لىقى كۆپەيدى. بىر ئەمگەك كۈچىنىڭ يىللىق تەقسىمات كىرىمى 1000 يۈەندىن 1500 يۈەنگىچە
بولۇپ، دېھقانلار نەق پۇلغا ئىگە بولدى. 1967 ـ يىلى يېزىلىق ھۆكۈمەت يازلو خەلقىدىن ھال
سوراش يۈزىسىدىن گۆش بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن دۆلەت باھاسىدا 39 تۇياق بورداق ساغلىق
سېتىپ بەرگەنىدى. ئۇلار بۇ قويلارنى كۆپەيتىپ ئۈچ يىلدىلا 186 تۇياققا يەتكۈزدى. 96 باش كالا
قىلىۋالدى. تېرىلغۇ يەر 6000 موغا كېڭەيدى. ئەھيا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 90 موغا، يول، ئې-
رىق بويلىرىدىكى تېرەك، سۆگەتلەر 5000 تۈپكە يەتتى، ئۇ كىرىمنى كۆپەيتىش ئۈچۈن
ياغاچچى، تۆمۈرچى، تامچى قاتارلىق كاسىپلارنى تەشكىللەپ، قېرىنداش ئورۇنلارنىڭ، قىرغىز
دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ قۇرۇلۇشلىرىنى ھۆددىگە ئالدى. تۇز كان ئېچىپ ھەر يىلى 25 مىڭ يۈ-
ەندىن 34 مىڭ يۈەنگىچە ساپ كىرىم قىلدى. ئۇ 1972 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە
ئەزا بولۇپ كىردى ۋە يازلو دېھقانچىلىق مەيدانىدا پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇپ، سېكرېتارلىق ۋە-
زىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى. مەلۇم دەرىجىدە
كوللېكتىپتىن ئىقتىساد ئاجرىتىپ ۋە ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، ئۈچ نامرات يىگىتنى ئۆيلەپ
قويدى. يەرلىك قىرغىزلارغا ئۆز ئاشلىقىدىن ياردەم قىلىپ، ئۇلار بىلەن دوست ـ بۇرادەر بولۇپ
ئۆتتى.

ئۇ يازلودىكى 15 يىللىق ھاياتى جەريانىدا، ھېيت ـ بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە مال بې-
قىش، سۇ تۇتۇش، ياۋا تۇڭگۇزدىن قوغدىنىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، باشقىلارنىڭ
خاتىرجەم ھېيت ـ بايرام ئۆتكۈزۈشىگە شارائىت يارىتىپ بەردى. ھەر يىلى 3 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغا
قەدەر ئېتىزدا يېتىپ قوپتى. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان سالغان ياۋا
تۇڭگۇزلارنى يوقىتىش جەريانىدا بىر نەچچە قېتىم زەخىملەنگەن بولسىمۇ، ئىش ئورنىدىن ئاي-
رىلماي نەچچە يۈزلىگەن ياۋا تۇڭگۇزنى يوقىتىپ زىرائەتلەرنى قوغدىدى.

ئاتۇش شەھەرلىك قورالىلىق بۆلۈم، شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىك پونكىتى، ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى، پەيزئاۋات ناھىيىلىك دېھقانچىلىق پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار ئۇنى خىزمەتكە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ قىزىقمىدى.

1969 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ئۇنى شاڭخەيگە ئوقۇشقا ئەۋەتمەكچى بولدى. بىراق، ئۇ ستۇن ئاتۇش يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى: «ئۇ شاڭخەيگە كەتسە، يازلۇنى تاپ-قىمۇ تەسكە بولىدۇ» دېيىشىپ، ئۇنىڭ ئوقۇشقا بېرىشىغا قوشۇلمىدى. ئۇ بۇ ئىشقا خاپا بولمىدى، چۈنكى يازلۇغا بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى.

يازلوغا بېرىپ تۇرىدىغانلار شۇ جايدىكى ئاممىدىن ئۇنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەزىلىرى «ھايات جاۋيۇلۇنى كۆردۇم» دېيىشىپ ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن ئاپىرىن ئوقۇشسا، يەنە بەزىلەر «ئۇ ساراڭ ئىكەن، ساراڭ بولمىسا، بۇنچىۋالا ئاشلىق تېرىپ نېمە ئىش قىلىدۇ، ئۇ ئىت باغلاپ قويسىمۇ تۇرمايدىغان يەرگە ماكانلىشىپتۇ» دېيىشتى. ئۇ بۇنداق گەپ ـ سۆزلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلاتتى.

تۇغۇلغان ئىكەنسەن، ياشىشىڭ كېرەك. دەل مۇشۇ خىل ياشاش زۆرۈرىيىتى ئادەمنى ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەيدۇ. گەپ ھەر بىر كىشىنىڭ نېمە مەقسەتتە قانداق ھەرىكەت قىلىشىدا، ئۇلۇغ ئادەم بىلەن ئاددىي ئادەمنىڭ، پەزىلەتلىك ئادەم بىلەن چاكىنا ئادەمنىڭ پەرقى دەل ئۇلار ئېلىپ بارغان ھەرىكەتنىڭ ئەھمىيەتلىك ياكى ئەھمىيەتسىز بولۇشىدا. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ كىشىلىك ھاياتىدا شۇغۇللانغان ھەرىكىتىنىڭ ئەھمىيىتى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتسە، ئۇ ھالدا بىر ئۇلۇغۋار ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئوخشاشلا ھايات پائالىيىتى بەلگىلىك ماكان دائىرىسىدە ئىجابىي رول ئوينىغان ئادەملەر ئاددىي ئادەملەر ئىچىدىكى پەزىلەت-لىك، ياخشى ئادەملەر دۇر. دەرھەقىقەت، رېئال ھاياتتا ئۇلۇغۋار ئىدىيىگە ئىگە ئادەملەر كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالايدىغانلىرى ناھايىتى ئاز. مەن بۇ ئادەمنىڭ خەلقنىڭ ئامرات ھالىتىنى كۆرۈپ، ئىچى سىرىلىپ ئازابلانغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، يۈرەك قېنىنى تۆكۈپ ئىشلىگەنلىكىنى كۆرۈپ، «ئۇلۇغ ئىدىيىگە ئىگە ئادەم ئىكەن» دەپ ئويلىغان بولسام، ئۇنىڭ بىر يۇرت دائىرىسىدە ئوينىغان ئىجابىي رولىغا قاراپ، ئۇنى «ئاددىي ئادەملەر ئىچىدىكى پەزىلەتلىك، چىن ئىنسان ئىكەن» دېگەن ئويغا كەلدىم.

خىيال كەپتىرىم ئۇچۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، مەن ئۆز ئويۇمنى تۆۋەندىكىدەك پا-كىتلار بىلەن ئىسپاتلاشنى توغرا تاپتىم. لېكىن، مۇشۇ يەردە باش قەھرىمانىمىزنى ئىپادىلەپ كېلىۋاتقان «ئالماش» نى ئالماشتۇرۇپ، ئۇنى ئىسمى بىلەن ئاتىسام تېخىمۇ ياخشى بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ ـــ ئاتۇش شەھەر ئۇستۇن ئاتۇش يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارى يولداش خېلىل غوجەش. يولداش خېلىل غوجەش ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى بىلەن تەشكىلنىڭ ئې-شەنچىسىگە ئېرىشتى ھەمدە 1980 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاتۇش دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادىي قوي فېرمىسىغا مۇئاۋىن فېرما باشلىقى بولۇپ تەيىنلەندى. مۇشۇ مەزگىلدە ئىقتىسادىي قوي فېرمىسىدا 187 مىڭ يۈەن زىيان كۆرۈلگەن بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىلغان ھەر جىڭ بۇغداينىڭ تەننەرقى 0.56

يۈەن ئىدى. بۇ فېرما ھەر يىلى 20 مىڭ يۈەنگە كۆچەت سېتىۋالاتتى، تەمىنات سودا خىزمىتىدە زىيان كۆرۈنەرلىك ئىدى. خېلىل غوجەش فېرمىغا كېلىپ ئۈزۈن ئۆتمەي فېرما مەسئۇللىرى قاتناشقان يىغىن ئېچىلدى. ئۇ يىغىندا: كىشى مۇشۇ دۇنيادا ياشايدىكەن، ئىز قالدۇرۇشى لازىم، ئىز قالدۇرمىسا، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىغىنىغا نېمە گۇۋاھ بولالايدۇ؟ ــ دېدى ۋە ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق قوشۇمچە كەسىپ خىزمىتىدە بىرەر بۇرۇلۇش ياساش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى.

ئۇ، ئىشلەپچىقىرىلغان بۇغداينىڭ تەننەرقى تولىمۇ يۇقىرى ئىكەن، تەننەرقىنى تۆۋەنلىتىپ، زىياننى ئازايتىشنىڭ ئاچقۇچى تېرىلىدىغان بۇغداي كۆلىمىنى قىسقارتىپ بىرلىك مەھسۇلاتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، دېدى. بۇ قاراش يىغىندىكى ئايرىم كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇلار، بۇ يەرنىڭ شارائىتى سىز بۇرۇن ئىشلىگەن يازلوغا ئوخشىمايدۇ، دېدى. بىر قاتار مۇنازىرىلىشىشتىن كېيىن، خېلىل، مېنى پارتىيە ئىشلىسۇن دەپ مۇشۇ ئورۇنغا ئەۋەتتى، چاتاق چىقىشتىن قورققان ئادەم ئىشلىمىسە بولىدۇ، چاتاقتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرساق، قورقۇنچاقلىق قىلساق ۋەزىيەتكە ماسلىشالمايمىز، دېدى. خېلىل راستىنلا دېگىنىدەك قىلدى.

شۇ يىلى بۇغداي كۆلىمىنى قىسقارتىپ 100 مو يەرگىلا بۇغداي تېرىدى. ياندۇرقى يىلى ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولدى. بىر جىڭ بۇغداينىڭ تەننەرقى 0.34 يۈەن بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇغداي مەھسۇلاتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 10 مىڭ جىڭ ئاشتى.

خېلىل ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا بۆسۈش ھاسىل قىلماقچى بولغاندا تەشكىل ئۇنى پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ 20 مو يەرگە تېرەك قەلەمچىسى تىكتۈردى، بىراق ئۇنىڭدىن پەقەت 200 تالدەك تېرەك كۆچىتى ئەي بولدى. خېلىل ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئۆكۈندى. ياندۇرقى يىلى ئۇ ئۆزى يېرىم مو يەردە ئۆلگە كۆرسىتىپ، تېرەك قەلەمچىسى تىكتى ۋە ھەر بىر ئىشچى ــ خىزمەتچىگە 0.2 مودىن جەمئىي 40 مو يەرگە تېرەك قەلەمچىسى تىكتۈردى. تىكىش، پەرۋىش قىلىش خىزمەتلىرىنى ئۆزى بىۋاسىتە تۇتقاچقا 95 پىرسەنت كۆچەت ئەي بولدى، ئۇ بۇ خىزمەتنى ئىز چىل چىڭ تۇتۇپ ئۈچ يىلدا 100 مىڭ تۈپتىن كۆپرەك تېرەك كۆچىتىنى يېتىشتۈرۈپ، سىرتتىن كۆچەت سېتىۋالىدىغان ئەھۋالغا خاتىمە بەردى ھەمدە تۇنجى قېتىم 20 مىڭ يۈەنلىك تېرەك كۆچىتى ساتتى. ئىقتىسادى قوي فېرمىسىدا دۆلەتتىن چۈشۈرۈپ بەرگەن پۇلغىلا يۆلىنىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بارىدىغان، پۇل سىرتقا ئېقىپ كېتىدىغان ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قۇرۇلۇش ئەترىتى تەشكىل قىلدى. بۇ ئارقىلىق سىرتقا ئېقىپ كېتىدىغان پۇلنىڭ 60 پىرسەنتىنى فېرمىدا قالدۇرىدىغان ھالەت شەكىللەندى، خېلىل غوجەشنىڭ دىققىتىنى تەمىنات سودا خىزمىتى ئۆزىگە تارتتى. فېرمىدا بىر مەركىزىي ماگىزىن، ئىككى تارماق ماگىزىن بولۇپ، 1981 ــ يىلى 14 مىڭ يۈەن قىممىتىدە مال باھاسى چۈشۈرۈلۈپ زىيان كۆرۈلگەنىدى. خېلىل غوجەش 1982 ــ، 1983 ــ يىللىرى سودا ماگىزىنىنى ئاتۇش شەھىرى، سۇغۇن قاتارلىق جايلاردا كېڭەيتىپ قۇرۇپ 13 كە يەتكۈزدى. مال يۆتكەش، سېتىپ چىقىرىش خادىملىرىنى تەگشەپ خىزمەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى بېكىتتى ۋە ئىجرا قىلدى. ئۈچ يىللىق

جاپالىق كۈرەش ئارقىلىق 1983 ـ يىلى 36 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىپ، يۇقىرىغا 15 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇردى.

ئۇ ئاددىيلا ھالدىكى يەككە يۆنىلىشلىك ئىقتىدارغا ئىگە رەھبەر ئەمەس، بەلكى ئىگىلىك تىكلەشكە ماھىر ياخشى رەھبەر ئىدى. يۇقىرى رەھبەرلىك ئۇنىڭ قابىلىيىتىنى بايقىغاندىن كېيىن ئۇنى 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىغا يېزا باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ بۇ يەرگە يەنىلا باشلىق چېغىدىكى ئەقىدە ۋە يېڭى تەپەككۇرى، تولۇپ ـ تاشقان شىجائىتى بىلەن كەلگەنىدى. ئۇ كېلىپلا بۇ يېزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، تەبىئىي شارائىتى، كېلىماتى، كىشىلەر رايى قاتارلىقلار ئۈستىدە بىر قاتار تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە تەتقىق قىلدى. بىر مو يەرنىڭ يارىتقان قىممىتى، بىر مو باغنىڭ، بىر مو ئورماننىڭ، بىر تۇياق چارۋىنىڭ بىر يىلدا يارىتقان ئىقتىسادىي قىممىتى، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك، سانائەت ئومۇمىي كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، يوشۇرۇن كۈچ نەدە بار؟ ئۇنى قانداق جارى قىلدۇرۇش كېرەك؟ ھەر يىلى قانچىلىك ئىلگىرىلەش، قانداق تەدبىر بەلگىلەش كېرەك؛ قولايسىز ئامىلنى قانداق قىلىپ قولايلىق ئامىلغا ئايلاندۇرۇش كېرەك، دېگەندەك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلاندى. ئۇ مۇشۇنداق ئىنچىكە كۆزىتىش ئاساسىدا، بۇ يېزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ناچار، دېڭىز يۈزىدىن 1700 مېتر ئېگىز، قىراۋسىز مەزگىلى قىسقا، يەرنىڭ يانتۇلۇقى چوڭ، يېرىم تاغلىق رايون، ھەر يىلى مۆلدۈر، بوران، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ، نوپۇسى كۆپ، يەر ئاز، شەھەردىن يىراق بولۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش قىيىن، كوللېكتىپنىڭ ئىقتىسادى كۈچى ئاجىز ئىكەنلىكىدەك قولايسىز ئامىللارنى يىغىنچاقلاپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق 18 تۈرلۈك ئەۋزەل شارائىت، يەنى خەلق ئىشچان، مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى، توك ئېنېرگىيە ئاساسى يۇقىرى، يېزا كانسۇ، قەشقەر، ئۇلۇغچات، ئاتۇش، تورغاتقا قاتنايدىغان تاشيول بويىغا جايلاشقان. قاتناش ـ ترانسپورت ئەسلىھەلىرى كۆپ، بىناكارلىق كەسپى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان، تۈرلۈك كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار سانى نىسبەتەن كۆپ، خۇۋەينە تۆرۈكى يېزىنىڭ ئاساسىي مەھسۇلاتى، ئورمانچىلىق تەرەققىي قىلغان، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى بىر قەدەر زور، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشتا يوشۇرۇن كۈچى بار دېگەندەك ئالاھىدىلىكلەرنى يىغىنچاقلاپ 70 بەتلىك ماتېرىيال يېزىپ، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈشتىكى 10 يىللىق تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدىن سىرت ئۇ يەنە دېھقانلارنىڭ ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق قىلىش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلدى. بۇ يېزىدا ئەزەلدىن ئېگىز ئورنى زىرائەتلىرى پىشمايدۇ، دەيدىغان كۆز قاراش بار ئىدى. ئۇ باي ناھىيىسىدە ئېگىز ئورنىغا زىرائەت تېرىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، باي ناھىيىسى بىلەن ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ تەبىئىي شارائىتىنى سېلىشتۇرۇپ پەرقىنىڭ زور ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. 1986 ـ يىلدىن باشلاپ ئۆز يېرىدە ئېگىز ئورنىغا قىچا، ياڭيۇ، بەتىنكە قوناق، بېدە، قاشقا بېدە ئۆستۈ-

رۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا ئېگىز ئورنى تېرىقچىلىق كۆلىمىنى كېڭەيتتى. بۇنىڭ بىلەن مەھسۇلات ئېشىپلا قالماي، يەرنىڭ قۇۋۋىتىمۇ ئاشتى. ئېگىز ئورۇنغا مايلىق زىرائەت تېرىش كۆلىمى كېڭەيگەندىن كېيىن ئەتىيازدا تېرىلىدىغان مايلىق كۆلىمىدىن 1200 مو قىسقارتىپ، كۈزگى بۇغداي كۆلىمىنى كېڭەيتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ يېزىدا يېسۋېلەك (بەسەي) تېرىپ ئۆستۈرۈش سىناق قىلىنىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئېگىز ئورنى يېسۋېلەك كۆلىمىنى 1500 موغا كېڭەيتىپ، يېزا خەلقىنىڭ سىرتتىن كۆكتات سېتىۋالىدىغان ئادىتىگە خاتىمە بەرگەندىن باشقا ئاتۇش، قەشقەر، ئۇلۇغچات قاتارلىق جايلارنى يىلىغا 10 مىڭ توننىدىن ئارتۇق يېسۋېلەك بىلەن تەمىنلىدى. بۇ يېزا تېرىلغۇ يەردىن 3000 مو يەرگە باغ ئەھيا قىلىنغان بولسىمۇ، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرى كۈچەيتىلگەنلىكتىن، ئۇدا 10 يىل ئاشلىق مەھسۇلاتى ئاشتى.

خېلىل چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىمۇ بىۋاستە چىڭ تۇتۇپ كەلدى. 1984 ـ يىلى كوللېكتىپ چارۋىنى باھاغا سۇندۇرۇپ دېھقان ـ چارۋىچىلارغا سېتىپ بېرىش مەسىلىسى يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەتتە مۇزاكىرە قىلىنغاندا يولداش خېلىل يايلاق، چارۋىچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىدە ئۆز قارىشىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، چارۋىچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىدى. بۇنىڭ بىلەن يايلاققا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى ساقلاپ قېلىنىش بىلەن بىرگە سۇسىز يايلاقلارغا تۇرۇبا سۇيى يەتكۈزۈلۈپ يايلاقلارنىڭ كۆلىمى كېڭەيدى، سۈپىتى ياخشىلاندى، قورۇ، قوتان، يول قۇرۇلۇشلىرى ئېلىپ بېرىلدى. ھۆددىگە بېرىلگەن چارۋىدىن يېزا مالىيەسىگە يىلىغا 60 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. چارۋىچىلارمۇ ھاللاندى. 1985 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن يېزا بويىچە ھەمكارلىشىپ چارۋا نەسىللەندۈرۈش يولىغا قويۇلدى، دېھقانچىلىق رايون چارۋىسىنى كۆپەيتىش، يايلاق چارۋىچىلىقىنى بىر ئىزدا تۇختىتىش، كالىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ئاساسىدا چارۋا سانى 10 يىل ئۇدا ئېشىپ 54700 تۇياققا يەتتى.

خۇۋەينە ئۆرۈك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 7000 ئائىلىنىڭ ھەر بىرىگە 0.5 مودىن باغ يېرى قوشۇپ بەردى. كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدا 2000 مو ئۆرۈكلۈك باغ ئەھيا قىلىندى. يېزا بويىچە ئومۇمىي باغ كۆلىمى 9000 موغا يەتتى. باغۋەنچىلىك كىرىمى ھەر يىلى 20 پىرسەنت ئۆسۈش ئاساسىدا 1993 ـ يىلى 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

خېلىل ئاكا تۇرمۇشنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك يىللىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، مۇشكۈللەرنى يېڭىپ كەلگەن ئادەم. لېكىن، ئۇنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ھەسرىتى بار. ئۇ بولسىمۇ ئەينى چاغدىكى تۇرمۇش قەھەتچىلىكى تۈپەيلىدىن يۇقىرىلاپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن. شۇنداقتىمۇ، ئۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئەمگىكىنى پەن ـ تەتقىقات بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئەمەلىي تەجرىبە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق «مېۋىلىك باغقا توك ياتقۇزۇلسا»، «قىياق ۋە ئۈنى يوقىتىش ئۇسۇلى»، «سۆگەت دەرىخىنىڭ ئېچىپ قۇرۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا چىقىدىغان «پەن ۋە تۇرمۇش» ژۇرنى-

لىدا ئېلان قىلدى ھەمدە ئۆز تەجرىبىسى ئارقىلىق دېھقانلارغا ئۆلگە كۆرسەتتى. يەنە دېھقان ـ چارۋىچىلارنى تېزراق ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى يېتەكلەپ ۋە ئۇلارغا مۇلازىمەت سورۇنلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىپ، كوللېكتىپ، شەخسىي كارخانا ۋە مۇلازىمەت سورۇنلىرىنى كۆپەيتتى. ھازىر بۇ يېزىدا مېۋە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىدىن ئۈچى، گىلەمچىلىك كارخانىسىدىن ئىككىسى يېڭىدىن قۇرۇلدى. يەككە سودا مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار كۆپىيىپ، 3700 ئەمگەك كۈچى تۇرمۇش يولىنى تاپتى. بۇنىڭ بىلەن 1993 ـ يىلى يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ساپ كىرىمى 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، سانائەت يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە 33 پىرسەنتنى ئىگىلىدى. بۇ يېزا توك بىلەن تەمىنلەش، ئاپتوماتىك تېلېفون ئالاقىلىشىش، تۇرۇبا سۈيى ئىچىش، يېزا يوللىرىنىڭ راۋانلىشىشى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق مىقدارى، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيىسى قاتارلىق تۈرلەردە دۆلەتنىڭ ھاللىق سەۋىيىسىگە يېتىش ئۆلچىمىگە يەتتى.

شۇنداق، ئۇ 34 يىللىق خىزمەت ھاياتىدا شانلىق ئىزلارنى قالدۇردى. ھەر يىلى دېگۈدەك يېزا، ناھىيە، شەھەر، ئوبلاستنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تەقدىرلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى.

ئەقىللىق ئادەم ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلگەن ئادەمنى ھەرگىز ئۇنۇتمايدۇ. خەلق ياخشى كىشىلەرنى ھۆرمەتلەيدۇ، قەدىرلەيدۇ. خىزمەتتىكى قابىللىقى، ئاممىۋىي ئاساسىنىڭ پۇختىلىقى بىلەن ھۆكۈمەت ۋە ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن خېلىل غوجەش ئۇدا ئۈچ قارار يېزا باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندىن كېيىن بۇلتۇردىن باشلاپ پارتكوم سېكرېتارلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىمى يەنىلا خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئاز ـ تولا ھەسسە قوشۇش.

مەن بۇ دېھقان ئەمەلدارنى ئاخىرقى قېتىمدا ئېتىزلىقنى ئايلىنىپ يۈرگەن چېغىدا ئۇچراتتىم ۋە چەكسىز تەسىراتلار دېڭىزى ئىچىدە ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ يول ئالدىم.

ئېھ، چاقماق دەرياسى، سەن ئۇلۇغسەن، سېنىڭ ئۇلۇغلىقىڭ شۇ يەردىكى، سەن تارىختىن بېرى خەلقىمىز ئۈچۈن ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىدىغان، ئادەمدەك ياشاشنى بىلىدىغان ئادەملەرنى ئۆز قوينۇڭدا ئۆستۈرۈپ بەردىڭ. ئۇلار سەن بىلەن ئەقىللىق ئىگە بولدى. سەن بىلەن ۋاپانى، سادىقلىقنى، ئادەملىكنى ئۆگەندى. ئۈزۈلمەي ئاق، ئىنجان دەريا!

* * *

ساۋاقدىشىم ئايپەرى، نېمىشقا بۇ ئادەم، يەنى بىر يېزا باشلىقى ھەققىدە توختالغىنىمنى باشتا ئاز ـ تولا ئېيتىپ ئۆتكەنىدىم. يەنە ئازراق توختالمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئېھتىمال، بۇنى ئوقۇپ بەك چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولۇپ كەتمەسلىكىڭىز مۇمكىن. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ 60 ـ يىللاردىن باشلاپ بىر توپ ئادەمنى، 80 ـ يىللارغا كەلگەندە بىر يېزا خەلقىنى

يېتە كىلىشكىچە ھەمدە جاپالىق مۇھىتتا بوز يەر ئېچىپ، زىرائەت تېرىپ، ئاشلىقنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتىنى مۇنچىلىك كۆتۈردى، چارۋىچىلىقنى، باغۇەنچىلىكنى مۇنچىلىك تەرەققىي قىلدۇردى، خەلقنىڭ دارامىتىنى مۇنداق ئۆستۈردى دەپ سان ـ مىقدار بىلەن چۈشەندۈرۈپ كېتىشىمىنى بەك ياقتۇرۇپ كەتمەسلىكىڭىز مۇمكىن. بىراق، بىز ئەمەلىيەتچىل بولۇشىمىز كېرەك. بىزدىن ئىلگىرىكى بىر دەۋر ياشلىرىنىڭ قانداق جاپالىق شارائىتلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ھېس قىلىشىمىز، ھازىرنى قەدىرلەش لازىملىقىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. بۇ ئارقىلىق بىز جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان روھقا ئىگە بولالايمىز. ئۇ چاغدا ئەرەققىي قىلىۋاتقان جەمئىيىتىمىزدە بىلىم ئىگىلەشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلىكىنى ۋە ئۇنىڭ تامامەن ئىمكانىيىتى بارلىقىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. جەمئىيەت ۋە خەلق ئۇ چۈن يارامىلىق ئەۋلادلار كېرەك.

ئايپەرى، خىزمەت ئورنىڭىزدا ياش ئەۋلادلارنى غايىلىك، بىلىملىك قىلىپ تەربىيىلەش بىلەن ئۆزىڭىزمۇ تىرىشىڭ.

مەن دېمەكچى بولغان يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، كۆپ سانلىق كىشىلىرىمىز يەنىلا ياخشى. كادىرلىرىمىزمۇ ھەم شۇنداق. بىز ئۇلارنى قوللايلى، ئۇلارنىڭ خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىشىگە، مەسئۇلىيەتچان بولۇشىغا ئىلھام بېرەيلى. تۆۋەندىن تارتىپ يۇقىرىغىچە شۇنداق بولسا نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە! ئاڭلاڭ، كىشىلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بۇرۇنقى ھەر قانداق چاغلاردىكىدىن ياخشى بولغان بولسىمۇ، ئەمما نامرات كىشىلىرىمىزمۇ خېلى بار. ئۇلار ئۇچۇن ئاشلىق جاندىنمۇ ئەزىز. ئۇلارنىڭ قورسىقى تويىماي تۇرۇپ قانداقمۇ بالىلىرىنى مەكتەپتە ئوقۇتالايدۇ؟ بۇ مەسىلىنى ھۆكۈمەتنىڭ قۇتقۇزۇش پۇلى، نامرات رايونلارغا بېرىدىغان ياردەم پۇلى بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. بىزگە خېلىل ئاكىدەك دېھقانلارنىڭ ئۆزىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشنى بىلىدىغان، ئۇلارنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىگىلىك يارىتىشقا يېتەكلەيدىغان ئەمەلدارلار بەكمۇ زۆرۈر. بۇ خىل زەنجىر سىمان مۇناسىۋەتتىكى زىددىيەتلەرنى ياخشى ھەل قىلماي تۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىن سۆز ئېچىش خام خىيال. ئەڭ ئاخىرىدا سىزگە مەشھۇر ئەرباپ كېپىلىڭنىڭ «ھەممە ئادەم مەست بولۇپ كەتسىمۇ، سەن ئۆزۈڭنى سەگەك تۇت» دېگەن سۆزىنى ھەدىيە قىلىمەن. سىزنىڭ گېپىڭىز چە، ئەتراپىڭىزدىكى مۇھىت كۆڭلىڭىزدىكىدەك بولمىسىمۇ، ئەمما ئۆزىڭىز ئۆز كۆڭلىڭىزگە ئىگە بولۇڭ. مەن يەنىلا شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئوبدان بايقىسىڭىز، ياخشى ئادەملەر ئەتراپىڭىزدا كۆپ.

خۇلاسە سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، مەن سىزنىڭ ئۆز يۇرتىڭىزدا مەرىپەت مەشئىلى بولۇپ يېتىشىڭىزگە تىلەكداشمەن.

ھۆرمەت بىلەن:

ساۋاقدىشىڭىز قەيسەر.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

سۇلتان هاشم

# چاقناپ ئۆتكەن نۇر


(پوۋېست) ①



28 ـ ئىيۇن

بىز «زايىمكا» غا سائەت ئوندىن ئاشقاندا يېتىپ كەلگەنىدۇق. مەن كىچىكىمدە بۇ ياقلارغا ئۆتۈپ باقمىغانىكەنمەن. ئەمما «زايىمكا» نىڭ سەيلى ـ ساياھەت قىلىدىغان مەنزىرىلىك سەيلىگاھ ئىكەنلىكىنى، بۇرۇن ھەر جۈمە، كېيىنرەك يەكشەنبە كۈنلىرى مەشرەپ، سەيلى ـ ساياھەت قىلغۇچىلار بىلەن ئاۋاتلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. دادامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ يەردە رۇس ـ تاتار بايلىرىنىڭ قورۇقلىرى بولغان، «زايىمكا» دېگەن نامۇ شۇلار تەرىپىدىن قويۇلغانىكەن. ھازىر بۇ قورۇقلارنىڭ ئىزنالىرىلا ساقلىنىپ قالغانىدى.

بۇژغۇنلىنىپ شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيى، ئۆزىنى بۇرۇلۇپ ئېقىشقا مەجبۇر قىلغان تىك يارلىققا غەزەپ بىلەن ئۇرۇلۇپ شاۋقۇن كۆتۈرەتتى. بۇ شاۋقۇن قىنىغا پاتماي دولقۇن سۈرۈپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئېغىر ھاسىراۋاتقاندەك گۈرۈلدىشىگە قوشۇلۇپ يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. بۇلۇتسىز ئاسماندا چاقناپ تۇرغان قۇياشنىڭ نۇرى دولقۇنلار ئۈستىدە جىمىرلايتتى. تومۇز ئاپتىپى دەريا سۈيى تارقىتىۋاتقان سالقىندىن غالىپ كېلىپ، يۈز ـ كۆزلەرنى، يالىڭاچ بىلەكلەرنى قىزدۇراتتى.




لۆڭگىنى بېشىغا ئوراپ، يالىڭاياق بولۇۋالغان ئاسىم

① بېشى ئۆتكەن ساندا

ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال ئىدى. ئۇ ئاغزى يىمسقماي سۆزلەيتتى:

ــــ نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن جەلپكار تەبىئەت! بىزنىڭ بۇ مۇنبەت تۇپرىقىمىزنى ئۇلۇغ تەگرىم نەزەرى چۈشۈپ قالسا، ئۆزىنىڭمۇ زوقى كەلگۈدەك قىلىپ ياراتتىمكىن، دەپ ئويلاپ قالىدۇ كىشى. مەن ئۆمرۈمدە بۇ گۈنكىدەك خۇشال بولۇپ باققان ئەمەسمەن. ياشاپ كەت كامال! ئاغىنەم مۇرادىل ئۇ چۈن مۇشۇنداق كۆكۈللۈك ساياھەت ئۇيۇشتۇرغىنىڭغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت. مۇنداق قىلىش پەقەت سېنىڭ قولۇڭدىنلا كېلىدۇ.

تەكرار ماختاش ئادەمنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويسىمۇ، ئەمما ساياھەتنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئۇيۇشتۇرۇلغانلىقىغا قايىل بولماي بولمايتتى. «زايىمكا» غا چىقىپ ئويناپ كېلىشنى، ئالدىنقى كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاسمىنىڭ بىر ئاغىنىسى ئاشپۇزۇلدا مېھمان قىلغان چاغدا كامال ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ كۈنى كامال ماڭا ئالاھىدە يېقىنچىلىق قىلدى، گەپ سورايتتى، تاماققا زورلايتتى، ھېلىدىن ھېلىغا چاي قۇياتتى، ھەممە ھەرىكىتى كونا قەدىناس ئاغىنىلەردەك تەبىئىي ئىدى، ئۇنىڭ ماڭا قىلغان بىر چاقچىقىغا ئىچىمدە غۇم ساقلىغىنىمدىن خىجالەت بولۇپ قالغانىدىم. ئۇ دېگىنىنى قىلدى، ئەزىز مېھمانلار مەن ۋە ئاسىم ئىدۇق. بىزنىڭ شەرىپىمىزگە ئاتالغان بۇ دەريا سەيلىسىگە تەكلىپ قىلىنغان قىزلارنىڭ ئائىلىسىگىمۇ شۇنداق ئۇقتۇرۇلدى، ئاتا ـ ئانىلارغا كۈن پاتماستىن قايتىپ كېلىدىغانلىق ھەققىدە ۋەدە بېرىلدى، قىزلار ــــ يىگىتلەرنىڭ هاراق ئىچمەسلىكىنى شەرت قىلدى. مەن بۇلارنى كامالغا ھەمراھ بولۇپ قىزلارنىڭ ئۆي ـ ئۆيىگە بىللە بارغان ئاسمىدىن بىلگەنىدىم. كىرا قىلىنغان ئۈچ خادىكىنىڭ بىرىگە قىزلار، بىرىگە يىگىتلەر، يەنە بىرىگە گۆشتىن ـ كۆمۈر گىچە بولغان لازىمەتلىكلەر ۋە ئىككى يەشىك يەرلىك پىۋا بېسىلدى. كامال پەم بىلەن تاللىغان خادىكلار يېڭى، مۇستەھكەم ئىدى، ئاتلىرى ئويناقلاپ تۇراتتى. بىز شەھەر ئىچىدىن ئۆزاپ دۆڭمەھەللە، ھاجىبولۇس مەھەللىسىدىن ئۆتكىنىمىزدە، تاتار يىگىت راۋىلنىڭ دوخراتكىسىنى ئويناتتى، بىزنىڭ جور بولۇشۇپ ئېيتقان جىرلىرىمىزغا، قىزلارنىڭ شوخ كۈلكىلىرىگە، ئاتلارنىڭ بويىنىدىكى قوڭغۇراقلارنىڭ جىرىڭلاشلىرىغا، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر زوقلىنىپ قاراپ قېلىشقانىدى.

جەڭگەدە پۈرىقى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرغان قويۇق جەڭگىلىكتىن راۋىلنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى كېلەتتى، ئۇ ئىدىل دەرياسى توغرىسىدىكى قەدىمكى قوشاقنى ئېيتاتتى. بىز ئىلى دەرياسىدىن زوقلىنىپ ھۇزۇرلىناتتۇق، قەلبىمىز ئۇنىڭغا تەككەش بولۇپ دولقۇنلىناتتى. ئۆز يەر ـ ئۆز ماكان، ئۇنىڭ ئۆزۈگە مەڭگۇ تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشنىڭ ئۆزىلا سېنى ئېپتىخارلاندۇرىدۇ، بېشىڭ ئاسمانغا يېتىدۇ.

ــــ چايمۇ قايناپ كەتتى، كاۋاپمۇ تەييار، ــــ دېدى ھەممىگە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ يۈرگەن كامال، ــــ ئەمدى قىزلارنى چاقىرايلى، قورسىقىمۇ ئېچىپ قالغاندۇر، ــــ ئۇ چوڭقۇر تىنىۋېلىپ كۈچەپ ۋارقىرىدى، ــــ ھاي ـ ھاي قىزلار، قايتىڭلار.

ئاسىم كاۋاپ پىشۇرۇشقا ياردەملىشىۋاتقان ھارۋىكەش يىگىتكە:

ــــ يەكشەنبە كۈنى چىققان بولساق ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن مۇنداق ياخشى ئورۇننى تې-

پىش قىيىنْ ئىدى. قارا، ئەتراپتا بىزدىن باشقا ھېچكىم يوق. قىزلار ئارام خۇدا چۆمۈلۈپ، بېلىقتەك ئەركىن يايرىۋالدى ـ دە، ــ دېدى.

ھارۋىكەش كۆزىنى قىسىپ قويۇپ قىزلار تەرەپنى شەرەتلىدى؛

ــ ئۆزلىرىمۇ بېلىقتەك بالىلار كەن، مارىمايمىزمۇ ؟!

ــ ئەخمەق، سەل بۇرۇنراق دېسەڭچۇ.

ئىككىسى پىخىلداپ كۈلۈشتى.

يىراقتىن قىزلارنىڭ قى ـ چۇلىرى، كۈلكىلىرى ئاڭلاندى. كامال بىلىندۇرمەي ئىككى ـ ئۈچ بوتۇلكا ھاراق ئىپلىۋالغانىكەن، ئۇنىڭدىن بىر بوتۇلكىنى قۇرۇقداپ، كۆزلىرىمىز خۇمارلىشىپ قالغانىدى. بالىلاردىن بىرى ئاۋازىنى قويۇپ ۋارقىرىدى:

ــ غازلارىم قايتىڭلار !...

قىزلار بىردىنلار جەم بولۇپ، بىردەمدىن كېيىن زىل بىر ئاۋاز جاۋاب قايتۇردى:

ــ ن... گە ؟

ــ تاغ باشىدا بۆرە بار.

ــ بۆرە بىزنى نى قىلار ؟

ــ قاساپ ـ قاساپ يەپ قويار.

بۇ سۆز ئويۇنى بالىلىق چاغلىرىمىزنى ئەسكە چۈشۈرۈپ، ھەر ئىككىلا تەرەپتە كۈلكە ياڭراتتى. جىگدىلەر ئارىسىدىن قىقاس ـ چۇقان سېلىشىپ كېلىۋاتقان قىزلارنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشكە باشلىدى... ئۇلار كەلدى، خۇددى ئاسماندىن ئارىمىزغا پەرىشتىلەر چۈشكەندەك بولدى. ئۇلارنىڭ تۇرۇۋالغان نەم چاچلىرى كۈن نۇرىدا يالتىرايتتى. قوياش تەپتىدىن قىزارغان، كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىرايلىرىدىن نۇر تۆكۈلەتتى، نېپىز كوپتىلارنى دالدا قىلغان تولغان كۆكرەكلىرى لىغىرلاپ يۈرەكنى ئوينىتاتتى.

سارا بۈگۈن باشقىچە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ توختىماي سۆزلەيتتى، چاقچاق قىلاتتى، بېشىنى سەل كەينىگە تاشلاپ، ئۆزىگە ياراشقان بىر خۇلق بىلەن كۈلەتتى. ئۇ ھەممىسى بىلەن پاراڭلىشاتتى، ماڭا بىر قېتىممۇ قاراپ قويمىدى، ئۇنىڭ نەزىرىدە مەن بۇ يەردە يوق ئىدىم. پەقەت نۇرىيەلا ماڭا ئارىلاپ سۆز تاشلاپ قوياتتى، ئۇنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرگەن، ئۇ ماڭا مەكتەپتىكى چاغلىرىدىكىدەك گۈزەل ھالىتىگە كىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. نۇرىيە ماڭا بىرەر زىخ كاۋاپ، بىرەر پىيالە چاي سۇنۇپ قويسا، كامال: بەللى ـ بەللى، نۇرىيە مېھمان كۈتۈشنى بىلىدۇ جۇمۇ، دەپ كۈلۈپ قوياتتى. مەن ئۇنىڭ نۇرىيەگە ئاچكۆزلۈك، ھاياسىزلىق بىلەن تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى بىر نەچچە قېتىم سېزىپ قالدىم. كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالسا، ئۇ دەرھال چەتكە قارىۋېلىپ، چايغا ياكى كاۋاپقا يۈگۈرەيتتى، ئىچىمدە بۇنىڭدىن ھەيران بولاتتىم. ئەمما، نېمىلا بولمىسۇن، كامال ساھىبخانلىقنى ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنداپ، ھەممە ئىشنى جايىدا كەلتۈرەتتى. ئۆزىنى مەغرۇر تۇتاتتى، ساراغا بولغان يېقىنچىلىقنى كۆز ـ كۆز قىلغاندەك، ئۇ-

نىڭغا ئالاھىدە ئىلتىپات قىلاتتى.

ئويۇن ـ كۈلكىلەر شورپا تارتىلغىچە تىنجىمىدى. شورپىدىن كېيىن ھەممىگە ھاردۇق يەتتى. قىزلار بىر پارچە گىلەمنى سۆرەپ جىگدىلەر ئارىسىدىن جاي راسلىدى ـ دە، پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. مەن ھارۋىكەشلەرنىڭ بىرىنىڭ دۇتار بىلەن ئېيتقان ناخشىسىغا ئىگىشىپ ئولتۇردۇم. كامال يىراقتىكى بىر يالغۇز سۆگەتنىڭ دالدىسىدا، ئۈچ ـ تۆت ئاغىنىسى بىلەن ئىچىشىشكە باشلىدى. ئاسىم ھارۋىكەش يىگىتلەر بىلەن ھارۋىدا ئۇخلاپ قالغانىدى.

كامال مېنى بۇياققا كەل دەپ شەرەتلىدى. مېنىڭ ھاراق ئىچكۈم يوق ئىدى، بىراق ساھىبخانىنىڭ يۈزىنى قىلمىسام بولمايتتى. ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، كېلىپ ئۇلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدىم. بىر رومكا ھاراقنى ئىچىپ سوغۇق گۆشنى زاكۇسكا قىلدىم، مانا شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى.

ئۇلار چاقماق تېزلىكىدە ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، مېنى ئوڭدامغا يىقىتتى ـ دە، ئىككىسى ئىككى قولۇمدىن، يەنە ئىككىسى ئىككى پۇتۇمدىن مەھكەم تۇتۇپ قىرغاققا كۆتۈرۈپ كېلىشتى. مەن تېخى ئاغزىمدىكى لوقمىنى يۇتۇشقا ئۈلگۈرمىگەنىدىم، ئۇلارنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن، قارشىلىق كۆرسىتىش خىيالىمغىمۇ كەلمىگەنىدى. بىر، ئىككى دېگەن كوماندا بىلەن ئۇياقتىن بۇياققا پۇلاڭلاپ، «ئۈچ» دېيىش بىلەن تەڭ ھاۋادا بىر ئايلىنىپ سۇغا چۈشۈپ كەتتىم. سۇدىن چىققىنىمدا ئۇلارنىڭ قىرغاقتا تىزلىرىغا تايىنىپ بويۇنداپ تۇرۇشقانلىقىنى كۆردۈم. سۇدىن چىققان ۋاقتىمدىكى ھالىتىم بەك كۈلكىلۈك تۇيۇلدىمۇ، ياكى قىلغان چاقچىقى قىزىق بىلىندىمۇ، ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. قولۇمغا ئىلىنغان يىلتىزنى تۇتۇۋېلىپ قىرغاققا ياماشقانىدىم، يىلتىز ئۈزۈلۈپ كېتىپ يەنە چۆكۈپ كەتتىم. بۇ قېتىمقى چۆكۈشتىن ھوشۇمنى تاپتىم:

مەن قارشى قىرغاققا قاراپ ئۈزدۈم، بۇ بىر قاراملىق ئىدى. قىرغاقتىن ئون مېتىرچە يىراقلاشقىنىمدا، ئارقامدىن «ساراڭلىق قىلما، كەينىڭگە يان»، «چۆكۈپ كېتىسەن، كېيىملىرىڭ ئېغىرلىشىپ كەتتى»، «جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ» دېگەن ئەنسىز ۋارقىراشلار ئاڭلاندى. قىزلارنىڭ قىيا ـ چىياسى باشلانغاندا، مەن دەريانىڭ ئوتتۇرىغا بېرىپ قالغانىدىم.

كىچىكىمدە سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينىشقا ئامراق ئىدىم. ئۆزۈمگە ئوخشاش شوخ بالىلار بىلەن ئېلى دەرياسىنىڭ «قۇشخانا» ئەتراپىدىكى كىچىكرەك تارماق ئېقىنلىرىدا بەسلىشىپ ئۈزەتتىم. ئاغىنىلىرىمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىگە قارىغاندا، سۇ ئۈزگەندىكى ھەرىكىتىم بەكمۇ چىرايلىق ئىدى. «لەڭزى بېشى»، «بايكۆل» لەرنىڭ تىنىق، مۇزدەك سۈيىدە كۆكرىكىمنى سۇغا تەگكۈزمەي ئۈزەتتىم، غۇلاچ ئالغىنىمدا سۇ چاچرىمايتتى، ئالقىنىم سۇ يۈزىگە تەگكەندە، دۇمباق چالغاندەك «پوك ـ پوك» قىلغان ئاۋاز چىقاتتى. ئاقسۇدا، كېيىن ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىمۇ، سۇ ئامبارلىرى، ئۆستەڭ ـ كۆللەردە چۆمۈلۈپ تۇرغانىدىم. بىراق، ھازىرقىسى بۇرۇنقىسىغا ئوخشىمايتتى، مەن كىيىم ـ كېچەكلىرىم بىلەنلا سۇغا تاشلانغانىدىم.

قارشى قىرغاققا يېتىپ بارالىشىمغا ئىشەنچىم بار ئىدى. بىز ئەتكەن ھارۋىدىن چۈشۈپ

ئەپلىنىڭ جاي ئىزدەپ يۈرگەن چاغدىلا، مەن دەريا سۈيىنىڭ خېلى يۇقىرى تەرەپتىن ئىككىگە ئايرىلىپ، ئوتتۇرىدا تار، ئۇزۇن ئارالچىنى ھاسىل قىلغانلىقىغا، بىز ئورۇنلاشقان جايدىن ئىككى يۈز مېتىرچە تۆۋەندىن يەنە قوشۇلىدىغانلىقىغا قىزىقىپ قارىغانىدىم. مەن ئىككى تارماق ئېقىن قوشۇلىدىغان تەرەپكە قاراپ ئۇزۇۋاتقانلىقىم ئۈچۈن سۇنىڭ ئېتىلىشى ئىلگىرىلىشىمنى ئاسانلاشتۇراتتى.

قىرغاقتا چىققىنىمدا نەپسىم يېتىشمەي ھاسىراپ ئولتۇرۇپ قالدىم. چۈنكى ئىككى ئېقىننىڭ قوشۇلغان يېرىدە ھاسىل بولغان قايىنامغا چۈشۈپ قالماي دەپ، ئاخىرقى ئىككى ـ ئۈچ مىنۇتتا قاتتىق كۈچىگەنىدىم. قارشى قىرغاقتا قالغان ھەمراھلىرىم، قاتار تىزىپ قويغان قورچاقلاردەك كىچىككىنە كۆرۈنەتتى. ھاردۇقىم بېسىلدى، دالدىراق بىر يەرنى تېپىپ، ئىشتان ـ كۆڭلەك كىيىمنى سىقىپ قولتۇققا قىستىم. قارشى تەرەپكە قاراپ ئۇزۇش، بۇ تەرەپكە ئۇزگەنگە قارىغاندا قىيىنراق بولاتتى. قوشۇلۇشقا يۈزلەنگەن ئېقىن ئادەمنى كەينىگە سۆرەپ قارشىلىق كۆرسىتەتتى. قىرغاقتىكىلەر قوللىرىنى سىلكىشەتتى، قولىنى كاناي قىلىپ ۋارقىرىشاتتى، قىزلار ياغلىقلىرىنى پۇلاڭشىتاتتى، دەريا شاۋقۇنى ماڭا ھېچنېمىنى ئاڭلاتمايتتى. مەن ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي مېڭىپ، مۆلچەرىمگە توغرا كەلگەن يەردە توختىدىم. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالغان، نېمە قىلىشىمنى بىلەتتىم. شىبلىتىمنى ئىشتان پۇچاقلىرىغا تىقىپ، كۆڭلىكىم بىلەن قوشۇپ سەللىگە ئوخشاش يۆگىدىم. ھەر ئېھتىمالغا قارشى، شىبلىت بۇقۇچلىرىنى ئۇلاپ ئۇزارتىپ، سەللىنىڭ ئىككى يېنىدىن چىگدىم، بۇقۇچنىڭ ئوتتۇرىسى ئېڭىكىمگە توغرا كېلەتتى.

يېنىمىنىڭ دولقۇنلار بەدىنىمنى بىر كۆتۈرۈپ ـ بىر چۈشۈرەتتى، بىخەستەلىك قىلسام كەينىمگە تارتىپ مۇساپەمنى ئۇزارتىشقا ئۇرۇناتتى. بوي بەرمەيتتىم، باللىق چاغلىرىمدىكىدەك ئالىقانلىرىمنى يېرىم يۇمۇپ، غۇلىچىمنى چوڭ ـ چوڭ ئېلىپ ئۈزۈشكە باشلىدىم. بېشىمغا ئورىۋالغان كىيىم ـ كېچەكلىرىمنىڭ ئېغىرلىقىغا قارىماي، كۆكرىكىمگىچە سۇ ئۈستىدە لەيلەپ، سۈرئىتىم بارغانسېرى تېزلاشتى. ئۇلار تۇرغان يەرگە ئۇدۇللاشقىنىمدا، قىرغاققا ئونبەش مېتىردەك ئارىلىق قالغانىدى. ھارۋىكەش يىگىتلەرنىڭ بىرى «ياشاپ كېتىڭ، قالتىس ئۈزىدىكەنسىز» دەپ ۋارقىرىدى، ئاسىم «چاپسان بول، چاپسانراق» دېگىنىچە قىرغاق بويلاپ تۆۋەنگە يۈگۈردى ۋە قىرغاققا چىقىشىمغا بىرىنچى بولۇپ يېتىپ كېلىپ قۇچاقلىۋالدى.

ــ نېمە قىلغىنىڭ بۇ، سۇغا چۈشۈپ كەتكەندەكلا يامىشىپ چىقمۇۋالماي، ئۇ تەرەپكە ئۈزۈپ كەتكىنىڭ نېمىسى، ــ دېدى، ئاھاڭىدىن ھەم ئەيىبلەش، ھەم خۇشاللىق چىقىپ تۇراتتى ــ بەك قورقۇپ كەتتىم، خىيالىمغا كەلمىگەن نېملەر قالمىدى، مۇنداق ئۈزۈشۈڭنى نەدىن بىلەي.

ــ ئۇلار مېنى سۇغا چۈشۈپ كەتتى، دېدىمۇ؟

ــ قىرغاقتىن تېيىلىپ كېتىپسەنغۇ.

ئۈندىمىدىم. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قوپال چاقچىقىنى باشقىلاردىن يوشۇرغانىدى، بۇ يالغانچىلىقتىن ئوغام قايىندى. مەن ئىككىنچى قېتىم مەسخىرىگە قالغانلىقىمنى بىلدىم، ئىچ ـ ئە-

چىمدىن ئۆرلەپ چىققان غەزەپتىن چىشلىرىم غۇچۇرلاپ كەتتى.

بىز كەلگىنىمىزدە، قىزلار چاۋاك چېلىشىپ خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىشتى، مېنى سۇغا تاشلىۋەتكەنلەر ئۇدۇق ـ بۇدۇق قىلىشىپ ھىجىيىشتى، كامالغا يەر تېگىدىن قاراپ، ئۇنىڭ ئالدىن بىر نېمە دېيىشىنى كۈتۈشتى. مەنمۇ كۈتتۈم.

توپتىن ئايرىلىپ، بايا مەن سۇغا تاشلانغان قىرغاققا يېقىنراق يەردە تۇرغان كامال ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

ـــ ئاغىنىمىز مۇرادىل سۇ ئۈزۈشكە ئۇستىلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قويدى. قىنى راۋىل، تارت گارمۇنىڭنى، ئاغىنىمىزنى بىر تەبرىكلىۋېتەيلى...

ئەگەر ئۇ مېنى ئاستا چەتكە تارتىپ بولسىمۇ «خاپا بولماڭ، ئوينىشىپ قىلىپ قويۇپتۇق» دېگەن بولسا، غورۇرىمغا تەگكەن بۇ ئىشنى بولدى قىلغان بولاتتىم. ئۇنىڭ ئاپتاپتىن قىسىلغان كۆزلىرىدە «بۇ يەردە مېنىڭ دېگىنىم ھېساب، قولۇڭدىن نېمە كېلەتتى» دېگەن مەسخىرىلىك كۈلكە ئويناپ تۇراتتى. توپنى يېرىپ ئۇنىڭ يېنىغا ئوقتەك ئېتىلىپ باردىم، ئىككى قولنى بېلىگە قوشلاپ قىسىپ يەردىن يۇلۇپ ئالدىم ـ دە، كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ قىرغاقتىن تاشلىۋەتتىم. بۇنىڭ ھەممىسى ئىككى ـ ئۈچ سېكۇنتنىڭ ئىچىدە بولۇپ ئۆتتى.

بىر دەملىك ئېغىر سۇكۇناتتىن كېيىن، ھەممىسى ھوشىنى تېپىپ، دۈكۈرلىشىپ كېلىپ قىرغاققا ئولاشتى، ئۇلارنىڭ رەڭگى ـ روھىدا قان يوق، كۆزلىرى چۆچەكتەك بولۇپ كېتىشكەنىدى.

ـــ بىرگە ـ بىر، ـــ دېدى بايىقى ھارۋىكەش، ـــ قېنى، بۇ بايۋەچچە قانداقراق ئۈزىدىكىن، بىر كۆرۈپ باقايلى.

كامالنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇ ئاغزىغا تولغان سۇنى پۈرقىۋېتىپ، ئەتراپىغا ئالاق ـ جالاق قارىدى. ئۈزىمەن دەپ قوللىرىنى كۆتۈردى، ئىككى ـ ئۈچ قېتىم سۇ مۇشتلاپ، قىرغاققا سۈرۈپ كەلگەن دولقۇنغا كۈچ ئېلىشالماي چۆكۈپ كەتتى. بۇ قېتىم خېلى ئۇزاققىچە كۆرۈنمىدى. ئەنسىزلىككە چۈشكەن ھەمراھلىرىم ۋارقىرىشىپ يۈگۈرۈشۈپ كەتتى.

ـــ ئۇنى قۇتقۇزۇڭلار، ئۈزۈشنى بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ، ـــ دېدىم ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋېتىپ.

كامال يەنە كۆرۈندى، ئۇ ئەمدى تەلۋىلەنگەنىدى، سۇنى مۇشتلايتتى، ئا ـ ئا دەپ ئاغزىنى ھەر بىر ئاچقىنىدا، كىرىشكە تۆشۈك تاپقان سۇ ئاغزىغا تولۇپ، ئاۋازىنى ئۇجۇقتۇرۇپ قوياتتى. ئۇ قىرغاق تەرەپنىمۇ پەرق قىلالماي، ئۇدۇل كەلگەن ياققا قاراپ يۇلقۇناتتى.

ئاسىم كېلىپ ياقامغا ئېسىلدى:

ـــ ساراڭ بولدۇڭمۇ، ئۇ ئۆلۈپ قالسا قانداق قىلىمىز.

نۇرىيە تەشۋىشلىنىپ ۋارقىرىدى:

ـــ بېشىڭغا بالا تېرىۋالاي دەمسەن، ئەمدى ساڭا كۈن يوق.

سارانىڭ چىرايى غەزەپلىك ئىدى:

ــ تاشلاشنى بىلگەندىكىن، تارتىپ چىقىشنىمۇ بىلىڭ.

مەن كامالنىڭ مېنى سۇغا تاشلاشقا ياردەملەشكەن شېرىكلىرىگە قاراپ ھىجايدىم:

ــ ئاڭلىدىڭلارمۇ، سارا توغرا دەيدۇ، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك. قېنى، چاپسان بولۇڭلار، سۇغا سەكرەڭلار، ئۇ بۇ قېتىم چوكۇپ كەتسە قايتا چىقالمايدۇ.

ئۇلار ئالىيىشتى، بوزىرىشتى، بىرىمۇ سۇغا سەكرەشكە پېتىنالمىدى. مەن كۆڭلىكنى سېلىۋاتقان ھارۋىكەشنى توختىتىپ قويۇپ يۈگۈردۈم. ئەمدى كېچىكتۈرۈشكە بولمايتتى، كامالنىڭ ھالسىزلانغان گەۋدىسىنى قىمىرلاتقۇدەك مادارى قالمىغانىدى.



كېتىۋېتىپ نەم ئىشتان ـ كۆڭلىكىمنى سالدىم. شىبلىتىمنى سىلكىپ چىقىرىۋەتتىم، كامالدىن ئۈچ ـ تۆت مېتىر ئالدىغا ئۆتۈپ سۇغا سەكرىدىم. مېنىڭ سۇدىن باش چىقىرىشىمغا ئۇمۇ يېتىپ كېلىپ، ماڭا سالجىدەك چاپلاشتى. مەن ئاڭلىغان تەجرىبىلەر بويىچە، ئۇنىڭ چېكىسىگە بىر مۇشت سالدىم. كامال خۇددى يوقاتتى، ئۇ تۇتۇۋالغان بىر قولۇم بوشاپ ئەركىن ھەرىكەت قىلالايدىغان ھالەتكە كەلدىم، ئۇڭدا قىلىپ، چېچىدىن تۇتۇپ قىرغاققا قاراپ ئۈزدۈم.

ــ ئادەم قۇتۇلدۇرۇشنىمۇ بىلىدىكەنسىز، ـ دېدى ھارۋىكەش ھۆل كىيىملىرىمنى سۇنۇپ بېرىۋېتىپ، ــ سۇ يېنىپ كەتسىلا ئۇڭشىلىپ قالىدۇ. بۇ بايۋەچچىنىڭ بەستى بولغان بىلەن، سۇغا چۈشسە لاتىدەك يۇمشاپ كېتىدىكەن ئەمەسمۇ.

ــ بىرگە قارشى ئىككى بولۇپ قالدى، سۇغا بىكار غىلا ئارتۇق چۈشتۇم.

ــ ئۇلار سىزنى سۇغا تاشلىغاندا، سىز ئۈزۈشنى بىلمىگەن بولسىڭىز قانداق قىلىشاتتىكىن.

— يوغانچىلىقنىمۇ جايىدا قىلغان ياخشى.

مەن ئارقامغا بۇرۇلۇشىمغا، بىزدىن ئۈچ - تۆت قەدەم نېرىدا تۇرغان سارىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇ ھارۋىكەش بىلەن ئىككىمىزنىڭ گېپىنى ئوچۇق ئاڭلىغانىدى.

*        *        *

خۇش چاقچاق، كۈلكۈلۈك باشلىنىپ، ئاخىرى سوغۇق سۇ سېپىلگەندەك خاپىلىق بىلەن ئاياغلاشقان شۇ كۈنكى دەريا سەيلىسى، بىز ئۇ يەرگە تۈنۈگۈنلا چىققاندەك كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ، خاتىرەڭنى ئوقۇۋېتىپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتىم.

ئازراق ساددە، سەن ئېيتقاندەك بىر ئاز خۇشامەتچى مىجەزىمنىڭ بارلىقىنى كېيىنرەك بىلىپ يەتتىم، ئويلاپ قارىسام بۇ ئىللەتنى داشۆدە ئوقۇۋاتقان يىللاردا سىڭدۈرۈۋالغاندەك قىلىمەن. بىز ئوقۇغۇچى ئىدۇق، ئوقۇش نەتىجىمىزنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ئىستىقبالىمىزغا تەسىر كۆرسىتەتتى. ئۇ چاغلاردا ئەلاچى، ياخشى ئوقۇغۇچىلار قەدىرلىنەتتى، خىزمەت تەقسىماتىدىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلەتتى. ئوقۇتقۇچىلارنى بىلىسەن، كىم دەرسنى ياخشى بىلىپ بەرسە كۆزىگە شۇ ئىسسىق كۆرۈنىدۇ. بەزى ئوقۇتقۇچىلارغا دەرسنى ئانچە بىلىپ كەتمىسەڭمۇ، دەرسنى جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىساڭ، ئۇچراپ قالغاندا سالام - سائەتنىڭ قويۇق بولسا، ئانچە - مۇنچە ياخشى گېپىنى قىلىپ قويساڭ، ئىشى چىقىپ قالغانلىقىنى پەملەپ تۇرۇپ ئايىغىڭنى يۈگۈرۈك قىلساڭ ئوخشاشلا ئىسسىق كۆرۈنىسەن. ئوقۇشتا ئوتتۇرا ھال ئىدىم، ماتېماتىكا، خىمىيىگە ئوخشاش يىرىك پەنلەردە سەللا ئېھتىيات قىلمىسام يىقىلىش خەۋپىگە ئۇچرايتتىم. كەلگۈسىمنى ئويلاپ، مەن كېيىنكى يولنى تاللىدىم، ئەمما بۇنى ھېچكىمگە تىنمىدىم، ئۇستىلىق بىلەن قىلدىم. يېرىم يىلغا يەتمەيلا بۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۆردۈم. ئىمتىھان قەغەزلىرىمگە ئۈچ نومۇر قويۇشقا تېگىشلىك بولسا تۆت نومۇر قويىلاتتى، تۆتنىڭ ئورنىغا بەش ئۆنەتتى. كېيىنكى يىلى فاكۇلتېتىمىزنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى بويىچە، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەيئىتى بولدۇم، ئۈچىنچى يىلى مۇئاۋىن رەئىس، تۆتىنچى يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن بۇرۇنقى رەئىسنىڭ ئورنىغا رەئىس بولدۇم. ئىشلىرىم يۈرۈشۈپ كەتتى، ھەممىدە ئالدى بىلەن ئۆزۈمنى ئويلىدىم، باشقىلارغا ياخشىلىقمۇ - يامانلىقمۇ قىلمىدىم، ئاخىرى خىزمەت تەقسىماتىدا، سەن ئاقسۇغا كەتتىڭ، مەن ئۈرۈمچىدە قېلىپ كۆزلىگەن ئورۇنغا تەقسىملەندىم... مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلاندى. ئىدارىمىزنىڭ كونا، پېشقەدەم باشلىقى تارتىپ چىقىرىلىپ، نازارەت ئاستىدىكى تازىلىق ئىشچىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتىنىڭ قىرىق بەش ياشلاردىكى بىر ئىشچىسى باشلىق بولۇپ كەلدى، كۆرۈنۈشى قوپال، ئاچچىقى يامان ئادەم ئىدى، ئۇنىڭغا بۇرۇنقى باشلىقىمغا قىلغاندەك يېقىنلىشىشقا باشلىدىم. باشلىق بىر كۈنى ئىشخانىغا چاقىرتىپتۇ، كىردىم. «بۇرۇنقى باشلىق بىلەن مۇناسىۋىتىڭىز ياخشى ئىكەن، شۇنداقمۇ» دېدى. مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كۆزلىرىم قاراڭغۇلاشتى. «ئەمدى، شۇنداق... چەك - چېگرا ئايرىدىم... ئۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ سېسىق زىيالىسى... داشقال...» دەپ دۇدۇقلىدىم. «ھەممىدىن

كۆپ دازىباۋ يازدىڭىز، كونا باشلىقىڭىزنىڭ ئائىلىسىگە، خۇسۇسىي ئىشلىرىغا چېتىشلىق ئىشلاردىن تارتىپ كۆپ مەسىلىلىرىنى پاش قىلدىڭىز، يەنە بارمۇ ؟ » . « ئويلىنىپ باقاي، بولسا قەتئىي پاش قىلىمەن… مەيدانىم ئېنىق، بايرىقىم روشەن… » ، « ئۇ ئادەم سىزنى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقلىقىغا كۆرسىتىپ يۇقىرىغا دوكلات يازغانىكەن، خەۋىرىڭىز بارغۇ دەيمەن » . قىزىرىپ كەتتىم. بۇ ئىشتىن خەۋىرىم بار ئىدى، خۇشاللىقتىن تېرەمگە سىغماي قالغانىدىم. شۇ چاغدا كونا باشلىقىمىز كۆزۈمگە ھەممىدىن يېقىملىق كۆرۈنگەنىدى. ئەمما، ھازىر ئۇنىڭغا چەكسىز غەزەپلەندىم، كونا مۇناسىۋەت يېڭى باشلىقىمغا ياقمايتتى، كەلگۈسىم مۇشۇ ئادەمنىڭ قولىدا خاراپ بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. تىترەپ كەتكەنلىكىمدىن ئاغزىم گەپكە كەلمىدى. « سىز گە ئوخشاش بىر زىيالىينى يېتىشتۈرگۈچە ھۆكۈمەت ئاز خىراجەت سەرپ قىلمايدۇ. بىزگە يېڭى سىمۇ، كونىسىمۇ ئوخشاشلا ئەتىۋارلىق. بۇ ئىشلار ئۆتۈپ كېتىدۇ، دۆلەت، مىللەت يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ » — دېدى ئۇ قادىلىپ تۇرۇپ، ئۇ مېنى سىناۋاتاتتى، ئۇنچۇقماسلىقنى ئەۋزەل كۆردۈم. « ھوشىڭىزنى تېپىڭ، ماڭا ياخشى كۆرۈنۈشكە ئۇرۇنماڭ. مەن يۆتكىلىپ كەتسەم، ئارقامدىن بىر قۇچاق غەيۋەت ـ شىكايەتنى ئالدى بىلەن سىز يوللايدىغاندەك تۇرىسىز، كېيىنكىسىنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ ! » . مەن تاقەت قىلالمىدىم. « سىز بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەكىلى ئىكەنسىز، — دەپ ۋارقىرىدىم، — كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى ياقىلىدىڭىز، مېنى ئىنقىلابىي يولدىن چەتنەشتۈرۈۋاتىسىز… مەن پاش قىلىمەن ! … » . « ئاغزىڭنى يۇم، — دەپ ھەيۋەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ئۇ، — سېنى كۆزۈمدىن يوقىتىش ئۇچۇن، مانا ماۋۇ سېنى باشلىقلىققا كۆرسەتكەن دوكلاتنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلىدۇ. ساڭا ئوخشاش مىتىلەر قانچە ئازايسا شۇنچە ياخشى. ماڭ، ئىشخانىدىن چىق » .

مەن ئىشىكنى يېپىۋاتقىنىمدا ئۇنىڭ زەردە بىلەن « خۇشامەتچى » دېگىنىنى ئېنىق ئاڭلىدىم. بۇ گەپنى ئاشكارا ھالدا تۇنجى ئاڭلىشىم ئىدى، قەلبىم ئوتقا قاقلانغاندەك پۇچۇلاندى. ئۇزۇن ئۆتمەي يېڭى باشلىق « ھوقۇقدارلارنى قانات ئاستىغا ئالدى » دېگەن قالپاق بىلەن قايتۇرۇپ كېتىلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا تەيىنلەنگەن يېڭى باشلىق كېلىپ ھەپتە ئۆتمەي، مېنىڭ سابىق كونا باشلىقىم خاتىرجەم ھەيدەلدى، مەن ئۇنىڭ ئورنىدا تازىلىق ئىشچىسى بولۇپ قالدىم. شۇ چاغدىلا « خۇشامەتچىنىڭ تەخسىسى ھامان بىر كۈنى چېقىلىدۇ » دېگەن گەپنىڭ مەنىسىگە يەتتىم. ئىشچى باشلىقىم ماڭا سىگنال بېرىپ توغرا قىلغانىكەن، ئۇ بولغانلىقى ئۇچۇنلا سابىق باشلىقىم ئىدارىدىن نېرى بولماي، ئۆيىگىمۇ بېرىپ ـ كېلىپ يۈرگەنىكەن. ئۇنداق ئاپەتلىك يىللاردا ئىشچى باشلىقتەك ئادىل ئادەملەرنىڭ چىقىمىقى تەس ئىدى، مەن ئۇنىڭدىن چىن كۆڭلۈمدىن مىننەتدارمەن. كېيىنكى ھاياتىمدا مەندىكى شۇ « كېسەل » باش كۆتۈرگىدەك بولسىلا، ھېلىقى قاپىقى يامان ئىشچى باشلىق كۆز ئالدىمدا ماڭا ھومىيىپ قاراۋاتقاندەك بىلىنىدۇ، دەرھال سەگەپ ھوشۇمنى تاپىمەن.

خاراكتېرىمدىكى بۇ ئىللەتنى، سەن ئۆزۋاقتىدىلا سەزگەن ئىكەنسەن، نېمە سەۋەبتىن يۈزۈمگە سالمىغىنىڭنى بىلمەيمەن. ئېيتقان بولساڭ، ئېھتىمال غۇرۇرۇمغا ئېلىپ، دوستلۇقىمىزغا

دەزكەتكەن بولار ئىدى. ئەقىل - ئىدىرىكىڭ بولسىلا، كىشىلىك تۇرمۇش ھەرقانداق ئىللەتنى ئاشكارىلاپ، تۈزىتىپ كېتىش ئىمكانىيىتىنى تۇغدۇرۇپ بېرىدىكەن. شۇڭا، خاراكتېرىمگە بەرگەن بۇ باھايىڭ كۆڭلۈمگە زەررىچە كەلمىدى.

گېپىمىزگە كېلەيلى: شۇ كۈنى شەھەرگە سۈلىشىپ قايتتۇق. كامال بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمىدى، سۇغا تاشلانغانلىقى، چېكىسىگە مۇشت يەپ، سىنىڭ قۇتۇلدۇرۇپ چىققانلىقىڭ ئۇنىڭغا قاتتىق ھار كەلگەندى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەممىمىز سىنى ئەڭ سەت تىللار بىلەن تىللىدۇق، سەن نەزىرىمىزدىن چۈشكەندىڭ. سەن ئارقىمىزدا نەرسە - كېرەكلەر بېسىلغان خادىككە چىقىۋالغانىدىڭ. مەن خادىكتىن سەكرەپ چۈشۈپ ئالدىڭنى توسۇپ، ئاغىنىدارچىلىقنىمۇ قايرىپ قويۇپ، «ماڭ، كۆدە - كەپەڭنى يىغىشتۇرۇپ ئەتىلا بۇ شەھەردىن يوقال» دېيىشتىن ئۆزۈمنى ئاران - ئارانلا تۇتۇۋالدىم. چۈنكى سەن ئۆلپەتچىلىكى بىلەن تونۇلغان، ئەتە - ئۆگۈنىنىڭ ئىچىدىلا تويى بولىدىغان بىر ئادەمنى، ئۇ ئالىدىغان قىزنىڭ ئالدىدا يۈزىنى تۆككەنىدىڭ. شۇ كۈنكى ساياھەت سەن ۋە مېنىڭ ھۆرمىتىم ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغانىدى، سەن بۇ ھۆرمەتنى بىت - چىت قىلىۋەتتىڭ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن بىر قانچە كۈن، ھەم بولغان ئىشلار مېنىڭ سەندىن ئورۇنسىز خاپا بولغانلىقىمنى يېشىپ بەردى. دەريا سەيلىسىدىن قايتقان كۈنى، سىنىڭ بىز ئولتۇرغان خادىكتە بولمىغانلىقىڭغا، «يوقال» دېگەن سۆزنى ئېيتماي ئۆزۈمنى تۇتۇۋالغانلىقىمغا تاكى ھازىرغىچە ئىچ - ئىچىمدىن خۇشالمەن.

بىر گەپنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەي: يېقىندا غۇلجىغا بارغانىدىم، كۆرمىگىلى ئۇزاق بولغان زايىمكا تەرەپكە چىققۇم كەلدى. ئېمىسنى ئېيتاي، پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، بۇرۇنقى چىغىر تاماقلىق ھارۋا يوللىرى، كۆكۈل مەيدانلار، بۇلاقلار، جىگدىلەردىن ئەسەر قالماپتۇ. بۇ ئادەملەرنى قوي، كۆپىيىپ كەتسە كۆزى قىزىرامدىكىن، بىلمىدىم، خۇدا ئىنسانلارنىڭ يايراپ ياشىشى ئۈچۈن، گۈزەل تەبىئەتنى بىللە ياراتقان. پەن - تېخنىكا ۋايىغا يەتكەن بۇ گۈنكى كۈندە، ئىنسانلار تېخى بىر ئوچۇم تەبىئىي تۇپراق، بىر تال يۇمران مايسا يارىتالمىدى. شۇنىڭغا قارىماي تەبىئەتنىڭ ئىگىسى يوقتەك ئۇنى چەيلەپ خارلاۋاتىمىز، ئاسراش ئېسىمىزگە كەلمەيدۇ. تېيىپجان ئېلىيېۋ ئېيتقاندەك، شېخنى ژىرىپ مېۋىسىنى يەپ، كۆچەت تىكىشنى بىلمەي قېلىۋاتىمىز. نەگىلا قارىما ئادەم ۋە بىنا. ھېكايىلارنى ئوقۇساڭ «ھەيۋەتلىك ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان... ئاسفالت كوچىلاردا ماشىنىلار مۈكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان...» دېگەن تەسۋىرلەرنى ئۇچرىتىسەن. شۇ شائىر - يازغۇچىلارنىڭ ئىچى ئېلىشامدىكىن، بۇرۇقتۇملۇق ھېس قىلمامدىكىن، دەپ ئويلاپ قالىدىغان بولدۇم.

4- ئاۋغۇست

بەش - ئالتە كۈندىن بېرى، ئاسىم ئىككىمىزنى دەپ كېلىدىغان ئەل - ئاغىنىلەرنىڭ ئايىغى ئارتىلىپ قالدى. ئاسىم ماڭا گەپ قىلمايدۇ، ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئېغىر

ئاچساملا ئىچ ـ قارنىغا توشۇپ كەتكەن غەزىپىنى تۆكۈۋېتىدىغانلىقىنى بىلمەن. مەن «قىلىن مېھمان» غا ئايلىنىپ قالدىم، ئاسىم ئەتىگەندە ئۆنچىقماي ئۆيدىن چىقىپ كەتسە، مەن «مۇتەللىپ باغچىسى» غا قاراپ يول ئالىمەن. كۈندۈزى باغچىدا ئادەم ئاز بولىدۇ، خالىي بىر جاينى تېپىپ بەلدىڭدە سائەتلەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدىغان بولدۇم.

دەريا سەيلىسىدىن قايتىپ ئۈچىنچى كۈنى، باغچىدا نۇرىيەنى ئۇچراتتىم.

ــ سىنى كېلىپ قالامدىكىن دەپ تۈنۈگۈن كەچكىچە كۆزۈم ئىشىكتىن ئۈزۈلمىدى، ــ دېدى ئۇ يىغلىۋېتىپ قالغان گېپى بار دەك ئالدىراپ، ــ مىڭ تەستە چۈش قىلدىم، چۈشتىن كېيىن ئاسىمنىڭ ئۆيىگىمۇ بارماقچىمۇ بولدۇم، كۆڭلۈم تارتمىدى. باغچىغا كىرىپ باقاي دەپ كېلىشىم. يۈر چەتتىرەك بىر يەرنى تېپىپ ئولتۇرايلى.

يۆلەنچۈكى بار بەلدىڭدىن بىرىگە كېلىپ جايلاشتۇق. ئۇ ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

ــ بىرى كۆرۈپ قالامدىكىن دەپ قورقۇۋاتامسەن ــ دېدىم كۈلۈپ.

ــ شورپېشانە ئايال قىسمەت پۈتكەن بەختسىزلىكنى ھەر بىر قەدىمىدە ئېسىدىن چىقىرىپ قويمايدۇ، ــ ئۇ قولىدىكى چاققانغىنا خۇرۇم سومكىسىنى ئارىلىقىمىزغا قويۇپ قويدى، ــ تۇل خوتۇن غەيۋەت ـ شىكايەتنىڭ ئوچىقى بولۇپ قالىدىكەن، كۆنۈپ كەتتىم. كۆرسە كۆرەر، كۆرمەي تارقالغان سېسىق گەپتىن كۆرۈپ تارقالغىنى يېنىكرەك بىلىنىدۇ.

ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتى توشۇپ، باغچىدا كۆپىيىپ قېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئالدىدا، ھەممىگە ناتونۇش بولغان مەندەك بىر يىگىت بىلەن كۆپ ئادەم بىلىدىغان ياش تۇل ئايالنىڭ باغچىدەك يەردە يالغۇز ئولتۇرۇشى ــ رەسىم ـ قائىدىلىك بۇ شەھەردە سۆز ـ چۆچەككە سەۋەب بولاتتى. بىرىدىن «ئايال كۆڭلى دەريا» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم. ئايالار دەرد ـ ئەلىمىنى ئۈزۈن داۋاملىشىدىغان سۈكۈتكە ياكى بىر دەملىك ئاچچىق كۆز يېشىغا زورلايدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى خۇشاللىقنىمۇ، خاپىلىقنىمۇ تۈن پەردىسى يوشۇرغاندەك سىغدۇرالايدۇ. غەم ـ قايغۇسىنى كۆڭۈل دەرياسىدا ئېقىتىۋېتىپ، ساپ كۆڭلى بىلەن ئەتىسى ساڭا يېڭى چىققان قوياشتەك ۋىللىدە كۈلۈپ قارايدۇ.

ــ ماڭا دەيدىغان گېپىڭ بامتى ؟!

ــ دەريا بويىدىكى ئىشنى دەيمەن، ھارۋىكەشتىن ئاڭلىدۇق، ئۇلار ساڭا تۇيۇقسىز ئېسىلىشىپ دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ سۇدىكى تېپىرلىشىنى كۆرۈپ ئىچىم بوشاپ قالغاندەك بولدى. مېھمانغىمۇ شۇنداق قىلغان بارمۇ، ئېپلاس !

ــ ئوھۇي ! مەن بۇگۈن غۇلجىغا كېلىپ ئۆزۈم ئۇستىدە بىرىنچى قېتىم ھالال گەپ ئاڭلاۋاتىمەن.

ــ قىزلارنىڭ ھەممىسى خاپا بولۇشتى، سارامۇ ئاچچىقلاندى، ــ ئۇ «سارامۇ ئاچچىقلاندى» سۆزىنى غەرەزسىز ئېيتقاندى، بۇ ئىككى ئېغىز سۆزنىڭ مەن ئۈچۈن مۇھىملىقىنى بىلمەيتتى، ــ ماختىغانلىقىم ئەمەس، سېنى قايتا كۆرگىنىمدىن بىرى ئۆزۈمنى روھلىنىپ قال‐

غاندەك سېزىدىغان بولدۇم. سەن بىلەن ئۇچرىشىش مېنىڭمۇ بېشىمنى تىك تۇتۇپ غۇرۇر بىلەن ياشىغان چاغلىرىم بولغانلىقىنى ئەسلەتتى. چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنىدىم، ئورۇقلىغان، سارغايغان بولساممۇ، چىرايىم ئازغىنە ساقلىنىپ قالغان ئوخشايدۇ. ئاجىزلىقىم، ھىمايىسىزلىقىمنى كۆرۈپ ئارقامغا كىرىۋالغانلارمۇ بار، — ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش پەردىسى تارتىلدى، — كامال سايىدەك ئەگىشىۋالىدىغان بولدى. سارادەك قىز تۇرغان يەردە مېنى ياخشى كۆرۈپ ئەگىشىۋالدۇ دېمىسەن. ئاشنا قىلماقچى، خورلىماقچى. سارا ئۇ قورۇق سۆلەتكە زايا. ئۆتكەندە سەن بولمىغان بولساڭ، مېنى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ھاياتتىن بەزدۈرىدىغان نومۇسسىزلارچە ئىشتىن بىرى يۈز بەرگەن بولاتتى...

پۈتۈمنىڭ ئۇچىدىن كىرگەن تىترەك مېڭەمدىن چىقىپ كەتتى.

— نېمە! شۇ كۈنى ئاخشىمى ساڭا چىقىلماقچى بولغان لۈكچەك ئاشۇ كامالمىتتى، — غەزەپتىن نەپسىم بوغۇلۇپ، ئاۋازىم خىرىلداپ قالدى، — مۇنداق دېگىن، مەن بۇنى سەزمىگەنىدىم... تويدا... دەريا بويىدا... ياخشى بولدى...

نۇرىيە چۆچۈپ ماڭا لاپپىدە قارىدى. ئۇ ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمايدىغان گەپنى ئېغىزدىن چىقىرىۋەتكەنلىكىنى بىلىپ قالغانىدى.

— ياق-ياق... مەن ساڭا دېمەكچى ئەمەس ئىدىم...، — ئۇ قانسىز مەڭزىنى بويلاپ چۈشۈۋاتقان ياشنى ئالدىراپ سۈرتتى، — سەن خاتا چۈشىنىپ قالما... مېنىمۇ، ئۆزۈڭنىمۇ ئايا، ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ... سەن كېتىسەن، مەن قالىمەن...

— مەن ساڭا ئۇنى بىر نېمە قىلىمەن دېگىنىم يوققۇ. — دېدىم ئۆزۈمنى كۈچ بىلەن بېسىپ، — ئۆزۈم تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بۇ شەھەر — بۇ زېمىن ماڭا ياتلىشىپ كەتكەندەك بىلىنىۋاتىدۇ. بۇرۇن ئادەملەر ياخشى بىلەن يامانني پەرق ئېتىپ قوۋناق ياشايتتى. ھازىر، خۇددى ئاسماندىن پىتنە-پاسات ياغقاندەك، كىشىلەر بىر-بىرىنى كۆرەلمەيدۇ، ئىشەنمەيدۇ، پۇرسەت تاپسىلا كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىشنى خىيال قىلىشىدۇ. ھەممىلا يەر ئوخشاش بۇلغىنىپ كەتتى، ھەممىلا يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ئىكەن. سەن ئۆزۈڭنى ئاجىز چاغلاۋاتىسەن، بىلسەڭ، مەن سەندىنمۇ ئاجىز. نەگىلا بارماي ئۆزۈمنى يالغۇز ھېس قىلىمەن. قولۇمدىن كېلىدىغىنى زېتلىشىش، چىشىغا تېگىش، شۇنىڭ بىلەن ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىش.

نۇرىيە ماڭا ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ كەتتى.

— سېنى نېمىلەر بىئارام قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەمما، بۇ يەردە يالغۇزلۇقىڭنى بىلىمەن، — دېدى ئۇ خۇددى ھەدە ئىنىسىغا كۆيۈنگەندەك مۇلايىملىق بىلەن، — تۈنۈگۈندىن بېرى سېنى كۆرسەم، ساڭا قادىلىپ كېلىۋاتقان يوشۇرۇن ئۆچ ئېلىشلاردىن ئاگاھلاندۇرسام، دەپلا يۈردۈم. سۆزۈمنى توغرا چۈشەنگىن، مۇرادىل. ئارزۇيىمغا خىلاپ ھالدا شۇنداق ئويغا كەلدىم، سەن بۇ يەردىن تېزراق كەت.

— قوغلاۋاتامسەن.

— مېنى بىردىن بىر چۈشىنىدىغان ئادەم — سەن. مەن يۈزى ئېچىلغان بەختسىز ئايال،

بەختسىزلىكىم بىلەن ئىچىمنى قايىنىتىپ، ئىچىشقان يېرىڭگە تۇز سېپىشنى خالىمايمەن. تېزراق كەت، كامال سەندىن ئۆچ ئالماي قويمايدۇ، بىكاردىن بىكار نابۇت بولىسەن. ئۆزۈڭنى ئايا، بەختىڭ ئالدىڭدا سېنىڭ.

— بەخت! — مەن ھەر كىم ئۆزى خالىغانچە چۈشىنىدىغان، ئېرىشمەك قىيىن بولغان بۇ تۈۋبىگە يەتكۈسىز سۆزنى شىۋىرلاپ ئاچچىق كۈلدۈم.

نۇرىيە بىلەن ئۇچراشقان كۈننىڭ ئەتىسىنى خىيال، ئىككىلىنىش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. كۆدە - كۆرپەمنى يىغىشتۇرۇپلا كەتمەكچىمۇ بولاتتىم. كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن شەھەردىن ئۈن - تىنسىز يوقىلىش — گۇناھسىز بىر ئادەمنىڭ سايىسىدىن ئۈركۈپ قاچقانلىقى بىلەن باراۋەر ئىدى، بۇنىڭدىن كامالنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتەتتى، مېنى قورقۇنچاقتىن قورقۇنچاققا سېلىپ، ئارقامدىن تېخىمۇ يامانراق مەسخىرە قىلاتتى. ئوغۇل بالا شەنىگە داغ چۈشۈرمەيدۇ، مەن كەتمەسلىك قارارىغا كەلدىم.

نۇرىيەنىڭ دەپ بېرىشىچە، تېخى بىر ئايمۇ بولماپتۇ، بىر توي، بىر ئولتۇرۇشتا ئىككى يىگىت ساراغا سۆز كىشىپ يېقىنچىلىق قىلىپ قويغانىكەن، بىرى كىنودىن يانغاندا، يەنە بىرى ئاشپۇزۇلدا ئۇلپەتچىلىك قىلىپ ئولتۇرغاندا تاياق يەپ ئاغزى - بۇرنى قانغا بويىلىپتۇ. تاياق يېگۈچىلەر شۇ مەيداندا كامالنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىشقان بولسىمۇ، ئۇرغۇچىلارنىڭ كامالنىڭ يېقىنلىرى ئىكەنلىكىدىن، بۇ ئىشتا كامالنىڭ قولى بار دەپ گۇمانلىنىدىكەن. مەن ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئالدىدىلا ئەمەس، ئالىمەن دەپ يۈرگەن قىزى سارانىڭ ئالدىدا يۈزىنى تۆككەن ئىدىم. قېنى، تېرىسىگە پاتمىغان شۇ بايۋەچچە، گۆش بىلەن قولغا ئۆگىتىلگەن قارچىغىدەك، ئولجىنىڭ باش - كۆزىنى قان قىلىشقا ئېتىلىپ تۇرغان ئادەملىرى بىلەن يوپۇرۇلۇپ كەلسە، مەنمۇ جان - جەھلىم بىلەن تۇتۇشۇپ باقسام. چالا ئۆلۈك يېتىپ قالسامۇ، شۇندىلا پۇخادىن چىقاتتىم. ئەمما، مەن ھازىر غىچچە يەتتە ئەزايىم ساق، بىجىرىم يۈرەتتىم. كامالنىڭ ماڭا قول سالمىغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھەيران ئىدىم.

تۈنۈگۈن نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن، ماڭا ئارامگاھ بولۇپ قالغان ئاشۇ باغچىدا سارا بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم. سارا تاتار قىز نىلۇپەر بىلەن بىللە ئىدى، بۇ قىز بىلەن دەريا سەيلىسىدە تونۇشۇپ قالغانىدىم.

ئۇلار ئەركىن - ئازادە، ئوچۇق - يورۇق ئىدى، مەن بىلەن كونا تونۇشلاردەك ئەھۋاللىشىپ، يېنىمدىن جاي ئېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— كەچۈرىسىز، سىزدىن ئەھۋال سوراپ كېلەيلى دېسەك ئاسىم سىزنى سەھرادىكى تۇغقانلىرىنىڭ قېشىغا چىقىپ - كىرىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۆيدە بولىدىغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بارالمىدۇق، — دېدى سارا.

ئاسىمنىڭ قىزلارغا بۇ گەپنى قىلغىنىغا قارىغاندا، كامالغا «ئۇ بىر سەھرالىق تومپاي، ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى كۆڭلۈڭگە ئالما، مېنىڭ يۈزۈمنى قىل» دەپ يالۋۇرۇشتىن يانمايدىغانلىقى

كاللامدىن لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

مەن مۇشۇ كۈنلەردە سارا بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى خالاپ كەتمەيتتىم. دەريا سەيلى-سىدە ماڭا قاراپمۇ قويمىغان، كامالنىڭ قەلب سۆزلىرىنى يېقىملىك بىر مۇزىكىنى تىڭشىغاندەك ئاڭلاپ كېلىۋاتقان بۇ قىزنىڭ، مېنى كۆرۈپلا كۆزىنىڭ بولۇتلۇق ئاسمىنىدەك تۇتۇلۇپ كېتىدى-غان چىرايىنى كۆرۈشنى تېخىمۇ خالىمايتتىم، لېكىن ئۇ مەن ئويلىغاندىن تامامەن باشقىچە ئىدى. نۇرىيەنىڭ دېگىنى توغرا چىقتى، ئۇلار ئەھۋالنى بىلگەن ھەم چۈشەنگەنىدى. بۇنى نى-لۇپەرنىڭ:

— سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولغان بولسامۇ شۇنداق قىلاتتىم. كامال مېھمانغا مۇنداق قوپال چاقچاق قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. سىز سۇغا ئۆزىڭىز چۈشۈپ كەتمەپسىز، ئۇلار تاشلى-ۋېتىپتۇ، — دېگەن سۆزلىرى ئىسپاتلىدى.

— كامال سىزنى ئىزدەپ بارمىدىمۇ؟ — سورىدى سارا.

مەن كامالنى شۇ ئىشتىن كېيىن كۆرمىگەنلىكىمنى، ئۇنىڭ مېنى ئىزدەپ كېلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ئېيتتىم. قىزلار بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويۇپ، گەپنىڭ ماۋزۇ-سىنى ئۆزگەرتتى، دەم ئېلىشىمنىڭ ياخشى بولۇۋاتقان-بولمايۋاتقانلىقىنى، زېرىكىپ قالغان-قالمىغانلىقىمنى سورىشاتتى.



ئاسماندىن چۈشكەندەك لا يېنىمىزدا كامال بىلەن راۋىل پەيدا بولدى.

— سىلەر بۇ يەردە ئىكەنسىلەر غۇ، ئىزدەپ بارمىغان يېرىمىز قالمىدى، — دېدى كامال قول ياغلىقى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ.

ئۇنىڭ كۆپۈپ قالغان دولقۇنسىمان قارا چاچلىرى ئۆزىگە بەكمۇ يارىشاتتى. ئاپئاق فاكچۇ كۆينىكىنىڭ ياقىسىنى تىكىش تاپقان كەرشىنىۋاي يېڭنىك كاستيۇمىنىڭ سىرتىغا چىقى-رىۋالغان بۇ يىگىت، ئۆزىنىڭ شۇ قامىتى بىلەن ماڭا كىنو ئارتىسلىرىدەك بىلىنىپ كەتتى. بىر قولىنى كاستيۇمىنىڭ پېشىنى قايرىپ، شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالغان تۇرقىدىن كۆرەڭلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مېنى كۆرۈپ ئۆزگەرگەن چىرايى راستىمۇ-يالغانمۇ دېگۈچىلىك ئارىلىقتا قايتىپ ئەسلىگە كەلدى، بېشىنى خالار-خالماسلىق بىلەن لىڭشىتىپ قېلىنراق كال-

يۈكلىرىنى مىدىرلىتىپ قويدى، كۆزرۇشۇشكە قول ئۈزار تمدى.

ـــ مۇنداق ئىش، ـــ كامال قىزلارغا قاراپ قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى، ـــ «ناغرىچى» دىكى دىلشات ئەتە بىزنى بىغىغا تەكلىپ قىلىپ قويدى، ئالما ـ ئالگىراتلىرىم پىشىپ مەي بولۇپ كەتتى، چىقايمۇ دېمەيسىلەر دەپ بىزدىن خاپا، بۇ بىر ئىككىنچىدىن، بۇگۈن يازلىق كۇلۇپتا «كۆكۆيۈن» دېگەن كىنو قويىلىدىكەن. بىلەت ئېلىپ قويدۇق. سارا، سىز بۇ كىنونى كۆرەلمەي قالغانىدىم دەپ ئارمان قىلغانىدىڭىز. ھازىر ئۆيگە قايتمايمىز، بىز ئىككىڭلارنىڭ ئۆيىگە كىنوغا بارىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ قويدۇق. بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭلار. كىنوخانىنىڭ يېنىدىكى كاۋاپخانىغا يىگى قىمىز كەلگەنىكەن، بىزگە ئېلىپ قويىدىغان بولدى. بارىمىز ـ دە، كاۋاپ بىلەن قىمىز ئىچىپ ئۇدۇل كىنوغا كىرىمىز.

بۇ يەردە مەن ئارتۇقچە ئادەم ئىدىم. مېنىڭ قۇرۇق تەكەللۇپكە ئەگىشىپ ماڭمايدىغانلىقىمنى كامال ئوبدان بىلەتتى. كۆزلىرىمىز تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە يوشۇرۇنغان سوغۇق نۇرنىڭ شۇ دەقىقىدە چاچراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ مېنى ھەرگىز كەچۈرمەيدىغانلىقىنى ئاشكارا بىلىندۇرۇپ قويۇاتتى. قىزلارنىڭ مېنى دەپ ئوڭايسىزلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. سارا ماڭا لەپپىدە قاراپ قويدى.

ـــ ئورۇنلاشتۇرۇش ياخشى بولغانىكەن، ـــ دېدى ئۇ مەن بىلەن ماڭماقچى بولغاندەك يوپكىسىنىڭ قاتلىشىپ قالغان يەرلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ـــ لېكىن «كۆكۆيۈن» نى كۆرۈش بۈگۈن بىزگە بۇيرۇمايدىغاندەك قىلىدۇ. بىز بىر يەرگە بېرىشقا ۋەدە بېرىپ قويغان، شۇنداقمۇ نىلۇپەر؟!

نىلۇپەرنىڭ چېقىر كۆزلىرىدە سىرلىق كۈلكە ئوينىدى:

ـــ بىز تۈنۈگۈن كەچتىلا كېلىشىپ قويغان. لېكىن نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ بېرەلمەيمىز، بۇ ھازىر چە مەخپىي.

بېرىلگەن جاۋاب، نىلۇپەرنىڭ كۈلكىسى كامالنى تەمتىرىتىپ قويدى.

ـــ لېكىن... لېكىن ئۆيدىكىلەر سىلەرنى بىر يەرگە بارىدۇ دېمىگەنىدى، ـــ دېدى ئۇ تامىقى قۇرۇپ قالغاندەك بوغۇلۇپ.

ماڭا سارانىڭ چىرايى سەل ئۆزگەرگەندەك بىلىنىپ كەتتى:

ـــ قىزىق ئىكەنسىز، ـــ ئۇ كامالغا قاراپ سوغۇققىنە كۈلدى، ـــ بىز بالا ئەمەسقۇ، ھەربىر قەدىمىمىزنى ئۆيدىكىلەرگە، تونۇش ـ بىلىشلەرگە ئېيتىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. كەچۈرىسىز، ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىزدىن خەۋەرسىز ئىكەنمەن. ۋەدەمدە تۇرمىسام بولمايدۇ.

ئىچىمدە قاقاقلاپ كۈلدۈم، مەن سارانىڭ كامالنىڭ ئويۇن ـ تاماشىلارغا قىلغان تەكلىپىنى رەت قىلىپ باقمىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. كامال ئۇجۇقۇپ كەتتى، بۇنى ئۇنىڭ يېرىم ئېچىلىپ قالغان ئاغزى، كۆزلىرىدە ئەكس ئەتكەن تەئەججۇپ، تاماكا قىسىپ تۇرغان بارماقلىرىنىڭ سېزىلەرلىك تىترىشى ئاشكارىلاپ تۇراتتى. سارانىڭ بارىدىغان يېرىنىڭ بار-

يوقىلۇقى ماڭا قاراڭغۇ، لېكىن ئۇنىڭ «شۇنداقمۇ نىلۇپەر» دېگەن ئالاھىدە تەلەپپۇزىدىن بىر
يەرگە بارمايدىغانلىقىنى سەزگىلى بولاتتى. سارانىڭ كامالغا تىكىلىپ تۇرغان قىياپىتىگە جا-
ھىللىق ئارىلاش قارشىلىشش يوشۇرۇنغانىدى. بۇنى كامالمۇ سېزىپ قالغانىدى، ئۇ ئويلاپ
گەپ قىلمىسا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلىپ، بۇ ئېغىر مىنۇتلارنى سۈكۈت بى-
لەن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. مەن ئويلايتتىم. ساراغا نېمە تەسىر قىلدىكىن؟ كامالنىڭ يۈزىنى
تۆكۈۋەتكەن ماڭا ئوخشاش بىر ئادەمنىڭ ئالدىدا، ئۇنىڭغا مۇنداق بىر ئويۇننى ئويناش نېمىگە
ھاجەت بولۇپ قالدىكىن؟ ئۇ بۇ ئويۇنغا مېنى قاتناشتۇرغانىكەن، مەنمۇ ئۆزۈمگە تېگىشلىك
رولنى ئۇستا ئارتىسلاردەك تەبىئىي ئويناپ چىقىشىم كېرەك.

تويۇقسىز ئېسىمگە ئالغاندەك سائىتىمگە ئىتتىك قاراپ سارانى ئالدىراتتىم:

— پاراك بىلەن بولۇپ ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يۈرۈڭلار قىزلار، ئەمدى ئالدىرىمىساق
كېچىكىپ قالىمىز.

سارا ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. ئەگەر ئۇ كامالغا يالغان ئېيتقان بولسا، يالغانىنى
ئىسپاتلاش ئۈچۈن بولسىمۇ مەن بىلەن مېڭىشى كېرەك ئىدى.

— يەنە بىر قېتىم كەچۈرۈم سورايمىز، — دېدى سارا، — بىزدىن خاپا بولماڭلار، ئىلا-
جىمىز يوق. باغقا چىقىش توغرىسىدا ئەتە سۆزلىشەرمىز. يۈر نىلۇپەر، نېمانچە كۈلسەن، سېنىڭ
مۇشۇ كۈلگۈنچە كىلىكىڭنى قانداق قىلارمەن...

— نىلۇپەر، سەنمۇ كېتەمسەن؟ — دېدى راۋىل.

نىلۇپەر قاقاقلاپ كۈلگىنىچە كېلىپ سارانىڭ قولتۇقىدىن ئالدى:

— كىنونى بۇ گۈنچە كامال بىلەن كۆرۈپ تۇرغىن قەدىرلىكىم، مۇندىن كېيىن ماڭا
ئالدىن خەۋەر قىلىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالما، بولمىسا بۇ گۈنكىدەك يولىمىز بىر بولماي قالىدۇ.
خەير، كەتتۇق.

گۈللۈك كېتىن ئايلىنىپ ئۆتۈۋاتقاندا كامالغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئىككىلا قولىنى
شىمىنىڭ يانچۇقىغا سالغان ھالدا، سەل ئېڭىشكىنىچە يەردىن كۆزىنى ئۈزمەي قېتىپ قالغاندەك
تۇراتتى.

* * *

ئادەمنىڭ بىر ئۆمرى ئېرىشىش بىلەن قارشىلىق، خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق، ياخشىلىق
بىلەن يامانلىقنى دەۋر قىلىپ ئۆتىدىكەن. كىشىلەر ئۇنتۇغاق بولۇپ قالغانلىقىدىن ئاغرىنىشىدۇ.
ئەگەر ياراتقان ئىگەم بىزنىڭ نېرۋا سەزگۈلىرىمىزگە «ئۇنتۇغاق» لىق مەلھىمىدىن
ئارىلاشتۇرۇۋەتمىگەن بولسا، بىر ئىنسان بېشىغا كەلگەن ئاچچىق سەۋدالارنى ئوي-خىيالىدىن
نېرى قىلالماي، پۈتۈن ئۆمرىنى قايغۇ-ھەسرەت، پىغان بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئاتا-
ئانىمىزدىن، قېرىنداشلىرىمىزدىن، يېقىن بۇرادەرلىرىمىزدىن ئايرىلغان كۈنلىرىمىزدە ياقا يىر-

تىپ يىغلاپ-قاقشايمىز. بىزگە ھاياتلىقنىڭ قىزىقى قالمىغاندەك ھەممىدىن بىر يولىلا كەچكىمىز كېلىدۇ، لېكىن يەنىلا ياشايمىز. تۇتقىلى بولمايدىغان خىيالىي ئارزۇلارغا ئالدىنىپ، تىرىكچىلىك قايىنىمىغا قانداق كىرىپ كەتكىنىمىزنى بىلمەي قالىمىز، بۇ قاينام ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ، ھەتتا ھاياتىمىزدا شۇنداق بىر ئىشنىڭ بولغانلىقىغا گۇمانلىنىپ قالىمىز. سۇزۇك ئاسماندا بىر پارچە ئاق بۇلۇتنى كۆرۈپ قالساق «بۇ بۇلۇت نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى» دەپ كۆڭلىمىز خىرە بولۇپ قالىدۇ. مېنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىمدىمۇ شۇنداق بۇلۇتلاردىن بىر نەچچە پارچە بار. ئۇنتۇپ كەتسەم كۆڭلۈم سۇزۇلىدۇ، ئېسىمگە كېلىپ قالسا چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك بولۇپ قالىمەن. شۇ بۇلۇتلارنىڭ بىرى — دەريا سەيلىسىدىن كېيىنكى بىر ھەپتە.

قېرىلىق يۇمشاق كۆڭلۈم بىلەن ئالدىڭدا ئىقرارمەن: شۇ چاغدا سېنى غۇلجىغا بىللە ئېلىپ كەلگەنلىكىمگە قاتتىق ئۆكۈنگەنىدىم. سېنى كۆڭۈل ئارامىمنى بۇزغۇچى، كامالنى دىلىمنى سۆيۈندۈرگۈچى دەپ قارىدىم. كېتىمەن دېگەن بولساڭ ئەتىسىلا يولغا سېلىپ قويغان بولاتتىم. سېنىڭ ساق كېلىپ سالامەت كېتىشىڭگە ئۆزۈمنى ئىگە دەپ قارىغانلىقىم ئۈچۈن، كامالغا يېلىندىم، يالۋۇردۇم، خۇشامەت قىلدىم. ھەقلىق ئىشىڭنى چۈشەنمىگەن ماڭا ئوخشاش ھاماقەت دوستۇڭنى كەچۈر. كەچۈر، كۆڭۈل ئاسمىنىمدىكى بىر پارچە بۇلۇت شۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ يوقاپ كەتسۇن.

7 - ئاۋغۇست

تۈنۈگۈن كەچتە ئاسىم ئولتۇرۇش قىلدى. ئۇ مېھمان چاقىرىدىغانلىقىنى ئالدىنقى كۈنى بىر يەردىن كەچ قايتىپ، ئورۇنغا كىرىپ ياتقاندىن كېيىن ئېيتتى. بۇنىڭدىن ھەيرانلىق ھېس قىلمىدىم، چۈنكى مۇنداق ئولتۇرۇشلار كۈن ئارىلاپ بولۇپ تۇراتتى. ئاسىمنىڭ يېرىم كېچىلەردە چالا مەست كېلىدىغانلىقىغا قاراپ، مېنىڭ «مېھمان»لىق شەرىپىم ئاخىرلىشىپ، بۇ ئورۇنغا يالغۇز ئاسىم ئۆتكەنلىكىنى سەزدىم. كاللامدا بىر نەچچە تەخمىن پەيدا بولدى: چاقىرىش كۆپ بولغانلىقتىن ئۆزى بىر ئولتۇرۇش قىلىپ رەھمىتىنى ئىزھار قىلماقچىدۇر ياكى كامال بىلەن مېنى ياراشتۇرۇپ قويۇشنى ئويلىغاندۇر، ۋە ياكى ئۆزىنى بىلمەيدىغان مەندەك قېلىن مېھمانغا «ئەمدى بولار، كەشىڭنى توغرىلا» دېگەن ئىشارەتنى قىلماقچىدۇر. ئاسىم مېنىڭ خىيالىرىمنى بىلىۋالغاندەك، ئۇيقۇلۇق ھالدا غۇدۇراپ ئىزاھ بەردى:

— ئەسلىدە كېلىپلا ئىككى-ئۈچ كۈندىن كېيىن چاقىرماقچى ئىدىم... ۋاقىت ئۆزىراپ كەتتى... بۇ سەن ئۈچۈن...

ئاسىمنىڭ ئولتۇرۇش باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، مېنىڭ ئىسمىم ئارىلاشقان قەدەھ سۆزىنى، ھېجىيىش ۋە ئېگىز-پەس سۇس چاۋاكلار بىلەن قارشى ئالغان كامالنىڭ ئاغىنىلىرى، مېنى نەزەردىن چۈشكەن ئادەم قاتارىغا چىقىرىپ كامال بىلەنلا بولۇپ كېتىشتى. ئۇلار خاتا مۆلچەرلەشكەنىدى. تۇزدەك ياسىنىۋالغان قىزلار نۇرىيە، سارا، نىلۇپەرلەرگە قوشۇلۇپ مېنى گەپكە تۇتاتتى. نۇرىيە داشۆدە بىللە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىزدىكى قىزىقارلىق ئىشلارنى ئېسىمگە

سالاتتى، بۇ قىزلارنى جەلب قىلىدىغان ئەڭ قىزىق ماۋزۇ ئىدى. مەن سۆزگە بېخىل ئىدىم، بۇ گۈن سۆزمەن بولۇپ قالدىم: سىرۇنلاردا شېئىر ئوقۇيدىغانلارنى ياقتۇرمايتتىم، بۇ گۈن شائىر بولدۇم، ھەر بىر رومكا ھاراقنى ئۆمەر ھەييامنىڭ مەي ھەققىدىكى رۇبائىيلىرىنى، ناۋايىنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى غەزەللىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئىچەتتىم: ھاراقنى كۆپ ئىچەلمەيتتىم، بۇ گۈن ھاراققا خۇمار بولدۇم، گېلىمدىن ئۆتكەن ھەر بىر رومكا ھاراق مېنى مەست قىلماي، بەلكى زېھنىمنى ئاچاتتى: تانسىنى چالا بىلەتتىم، بۇ گۈن توختىماي ئوينىدىم، تانسىدىكى ساۋاتسىزلىقىمنى قىزلار چىن كۆڭلىدىن زاڭلىق قىلىشىپ تولۇقلاپ كېتىشەتتى، مەن ئۇلارغا ئەمەس، ئۇلار مېنىڭ ئوينىشىمغا كۆندى: ئاۋازىم ياخشى ئەمەس ئىدى، بۇ گۈن ئېچىلىپ كەتتى، ھەتتا راۋىلىنىڭ گارمۇنىغا تەڭكەش بولۇپ جىرلىدىم. بۇ گۈن مەن مەن ئەمەس ئىدىم، بۇنى ئاسىمىنىڭ ماڭا قاراپ ئېچىلىپ قالغان ئاغزىغا قاراپلا بىلگىلى بولاتتى. كامالىنىڭ ئاغىنىلىرى ئاۋۋال قاراپمۇ قويۇشمىدى، چاقچاقتا يۆلەپ زاڭلىق قىلىشتى، ھەرىكەتلىرىمنى دوراپ كۈلۈشتى. كېيىن «دۈشمەن» لىك ھالىتىنى ئۇنتۇپ، «ئۆمەر ھەييامدىن يەنە بىر كەلتۈرۈڭ»، «قېنى ئىككىمىز بىردىن ئىچىشىۋېتەيلى» گە ئۆتۈشتى. كامالىنىڭ كۆزلىرىنى قىسىپ تىكىلىپ تۇرغان نەزەرى بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇچراشتىم، ئارىمىزدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك بېشىمنى مۇلايىملىق بىلەن ئېگىپ كۈلۈپ قويدۇم، ئۇنىڭ ياڭاق سۆڭەكلىرى مىدىرلاپ كېتەتتى. سورۇن ئۇنىڭغا پايدىسىز ھەم تارلىق كېلىپ قالغاچقا، ئۆزىنى سالاپەت بىلەن تۇتۇپ جىم ئولتۇراتتى. ئاخىرى ھاراقنىڭ كۈچى ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى:

— ساقىي، ماڭا ئىككى رومكا قۇي، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ. ساقىي كىچىك پەتنۇستا ئىككى رومكا ھاراق سۇندى. ئۇ ئۇستەل ئارىلىقىدىن ئۆتۈپ مېنىڭ ئالدىمدا توختىدى، سورۇن جىمىدى، — مەن كۆڭلۈم تارتىپ ئاغىنىمىز مۇرادىلغا بىر رومكا تۇتىمەن، — ئۇ پەتنۇسنى تەڭلىدى، مەن رومكىدىن بىرنى ئالدىم، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىزنىڭ ئېچىلغانلىقىڭىزنى بۇ گۈن كۆردۈم، بۇنىڭدىن ھەممىمىز خۇشال بولدۇق. سىزنىڭ ئاجايىپ تالانتىڭىزنى كۆرۈپ كەسپىنى خاتا تاللاپ قويۇپتۇ، سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇغان بولسا ئۇستا ئارتىس بولۇپ چىقاتتىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم، — ئۇ ئاغىنىلىرى تەرەپكە ئۆرۈلۈپ مۇراجىئەت قىلدى، — مەن بۇ رومكىنى ئاغىنىمىز مۇرادىلنىڭ قىزىقچى ئارتىستەك سورۇنىمىزنى قىزىتىپ بەرگەنلىكىگە مىننەتدار بولغانلىقىمنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن كۆتۈرۈمەن.

ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى ھوشىنى تېپىشتى، گەپ كۈلكىلىك بولمىسىمۇ، سۆزگە يوشۇرۇنغان كىنايىنى چۈشىنىپ، قىقاس كۈلكىلەر بىلەن ئۆينى چاڭ كەلتۈرۈشتى. قوشۇلۇپ مەنمۇ كۈلدۈم، ھاراقنى ئالدىرىماي سۈزۈپ ئىچىپ بولغۇچە كۈلكىلەرمۇ بېسىقتى، رومكىنى سۇنۇۋېتىپ، چىرايىمدىكى كۈلكىنى ئۆچۈرمىگەن ھالدا دېدىم:

— كۆڭلىڭىزگە رەھمەت. ئۆزىنى دەڭسىيەلمەي كەسپىنى خاتا تاللاپ قويىدىغان ئەھۋاللار ئۇچراپ تۇرىدۇ. سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇغان بولسام، ئېھتىمال تالانتلىق بىر ئارتىس

بولۇپمۇ قالارىدىم، شۇنداق بولۇشىغا بۇ گۈن ئۆزۈممۇ ئىشىنىپ قېلىۋاتىمەن. ئەمما، ئۇنىڭسىزمۇ بىز ھەممىمىز ئارتىس، تۇرمۇش بولسا پەردىسى كەڭ ئېچىۋېتىلگەن سەھنە، تەقدىر بىزگە رېژىسسورلۇق قىلىدۇ، بىز ئەنە شۇ كەڭ سەھنىدە تەقسىملەپ بەرگەن رولنى ئوينايمىز. مەسىلەن، خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، مەن بۇنى پەقەت مىسال ئۈچۈنلا ئېيتىمەن. سىز خۇشاللىقىڭىزنى بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى خاپا كۆرسىتىشكە تىرىشىسىز؛ مەن خاپىلىقىمنى بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزۈمنى خۇشال كۆرسىتىشكە ھەرىكەت قىلىمەن. بۇنىڭ ئارتىسلىقتىن پەرقى يوققۇ دەيمەن. بىز ھايات دەپ ئاتىغان بۇ كومېدىيە مەڭگۈ شۇنداق داۋاملىشىپ كېتىۋېرىدۇ. مېنىڭچە، ئىككىمىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىمۇ شۇنداق بىر مەنە بولسا كېرەك.

پەلسەپە پۇرىقى چىقىپ تۇرغان گەپلىرىمگە كامالنىڭ ئاغىنىلىرى ھىجىيىپ قويۇش بىلەن چەكلەندى. قىزلار چۇقىرىشىپ چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. مەن سارانىڭ قىزىقىش ئارىلاش تەئەججۇپ بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىنى، نۇرىيەنىڭ كۈلكىدىن ئېچىلىپ كەتكەن چىرايىنى كۆردۈم. كامال ماڭا ھاڭۋاققاندەك قاراپ قالغانىدى. ئۇنىڭ، مېنى قىزىرىدۇ، ئىزاغا چىدىماي ئاغزىغا كەلگەننى دەپ چېچىلىدۇ، بىز ئۇنى شاڭخۇ قىلىپ پۇخادىن چىقىمىز دەپ ئويلىغانلىقى ئېنىق ئىدى. مەن ئۇنىڭ ماڭا سانچىغان زەھرىنى شېكەرگە مىلەپ ئۆزىگە قايتۇرغاندىم. چىرايىمدا كۈلكە، گەپلىرىم سىلىق، تۇتۇپ رەنجىگۈدەك يېرى يوق ئىدى.

— شۇنداق، ئىككىمىزنىڭ دېمەكچى بولغىنى بىر نەرسە، سىز ماڭا قارىغاندا ئوبدانراق يېشىپ بەردىڭىز، — دېدى كامال ۋە كۈلۈمسىرىگىنىچە جايىغا كېلىپ ئولتۇردى.

مەن كامالنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلگەنلىكىگە ئىچىمدە قايىل بولدۇم. سورۇن كۆرۈپ پىشىپ كەتكەن بۇ بايۋەچچە گەپكە چىدىماي غودۇرىغان بولسا، دەريا سەيلىسىدىكىدىنمۇ يامانراق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى سەزگەنىدى.

ھويلىغا قارىغان دېرىزىلەرنىڭ ئېچىۋېتىلگەنلىكىگە قارىماي، ئۆي ئىچى ئىسسىپ كەتكەنىدى. بىز سالقىنلاش ئۈچۈن قوزغالدۇق. ھويلا ئىچى دەرۋازا ۋە باغ ئىشىكىگە تارتىلغان چىراغلارنىڭ يورۇقىدا يورۇپ كەتكەنىدى. مەن ئىككى-ئۈچتىن باش قوشۇپ تاماكا چەككەچ پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنلەرگە ئارىلاشماي ئۇدۇل باغقا كىردىم. ئاسىم ئىككىمىز ئەتىگەندىلا باغقا سىم تارتىپ بىر نەچچە چىراغ بېكىتىپ قويغانىدۇق. شىرىلداپ ئېقىۋاتقان مۇزدەك ئېرىق سۈيىدە يۈز-كۆزۈم، بويۇنلىرىمنى يۇيدۇم، باغنىڭ سالقىن ھاۋاسى قوشۇلۇپ تەنلىرىم ياپىرىدى، ئىچكۈلۈكتىن قېيىش تەرىپىگە يۆلەنگەن بېشىم سەگىپ يېنىكلەپ قالغاندەك بولدۇم.

باغقا قىزلار كىرىپ كېلىشتى. ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ غىپپىدە چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدىم، ئەپلەشمىدى. ئۇلار مېنى كۆرۈپ قېلىپ ئەتراپىمغا ئولاشتى. مەن ئۆز ھالىتىمگە قايتقانىدىم، ئۇلار قىزىقىپ ئاڭلىغۇدەك بىرەر ئېغىز مەنىلىك گەپ تېپىلمىغا كەلمەيتتى. ئۇلار مېنى چارچاپ قالغاندۇر دەپ ئويلاپ، باغنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە قاراپ مېڭىشتى، نۇرىيە ئايرىلىپ قالدى.

— بۈگۈن سىزنى تونۇيالماي قالدىم، — دېدى ئۇ، — سەن ماڭا راستىنلا ئارتىس بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنۈۋاتىسەن.

— كەسپىمنى ئۆزگەرتەيمىكىن دەۋاتىمەن.

— باغچىدىمۇ ئويۇن كۆرسەتكەندەك قىلىسەنغۇ.

— ئاڭلاپسەن دە.

— ئىلۇپەر دەپ بەردى.

— كامالمۇ بىلىدىغاندۇر، ھەقىچان؟!

— شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا سەزگەن.

— ئويۇننى سارا ئوينىدى، مەن قاتنىشىشقا مەجبۇر بولدۇم.

— سارا بىلەن باش رولغا چىقىش قىيىنغا چۈشەمدىكىن، مۇرادىل.

— قاتناشمىغان بولسام ھاماقەتلىك قىلغان بولاتتىم.

— سارا مېنىڭدىن سەن توغرۇلۇق كۆپرەك سورايدىغان بولۇپ قالدى.

— ئۆزۈڭ خالىغانچە يامانلاپ بەر.

— مېھمان چاقىرماقچىمەن... يەنە كۆرۈشىمىزمۇ ـ يوقمۇ...

— ئاۋارە بولما، بەرىبىر بارمايمەن.

— سارانى ئېيتساممۇ بارماسەن، ئۇمۇ چاقىرماقچى.

— بارمايمەن، مېھماندارچىلىق بۈگۈنكىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، مۇندىن كېيىنكىسىگە ئارتىسلىقنىمۇ قاملاشتۇرالمايمەن.

ئىككىمىز چاقىرىش ـ چاقىرماسلىق، بېرىش ـ بارماسلىقنى تالىشىپ خېلىلا تۇرۇپ قالدۇق، يان تەرىپىمىزدىن كامال چىقىپ كەلدى.

— ئىككىڭلار سەھنىگە چىققان ئىكەنسىلەر ـ دە، — دېدى ئۇ ئىككى قولى يانچۇقىدا ئالدىغا سەل ئېگىشكىنىچە بوينىنى سوزۇپ يېقىنلىشىپ. — مۇرادىل ئەپەندى، مەن سىزنى خېلى قائىدە ـ يوسۇنلۇق ئادەم دەپ يۈرسەم، تۈز يېگەن ئۆيدە شەرمەندە ئىشلارنى قىلىشتىنمۇ يانمايدىكەنسىز ـ ھە!

— سىز نېمە دېمەكچى؟

— يەنە نېمە دېسەم بولاتتى. سۆيۈشۈپ ـ يالىشىپ ئوينىغۇدەك باشقا يەر تېپىلمىدىمۇ، سىلەردە يۈز دېگەن نەرسە بارمۇ ـ يوق!

تىڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇ ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئويلىمىغان، ئادەم ئاسان گۇمانلىنىدىغان، ھەتتا ئىشىنىپ قالىدىغان ئەڭ قەبىھ. پەسكەش ئۇسۇل بىلەن زەربە بەرگەنىدى. مۇنداق چاغدا ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىغان ئادەممۇ ئېغىر ئۇپراتقاندىن كۆرە قولغا زورلاشنى تاللايدۇ. مەن تۈگۈلۈنۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئېڭەك تۈۋىگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدىم. ئۇ سەنتىرەكلەپ كەتتى، ئەمما يىقىلمىدى. چاقماق تېزلىكىدە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ ماڭا ئېتىلدى.

قورقۇپ كەتكەن نۇرىيەنىڭ چىرقىرىشى باغ ۋە هويلا ئىچىنى كۆتۈرۈۋەتتى. دۈكۈ-رۈشۈپ كىرىپ كەلگەن بالىلار ئارىغا چۈشۈپ ئىككىمىزنى ئاجراتتى، ئاجرىتىش باھانىسى بىلەن ئىككى قولۇم مەھكەم قۇچاقلاپ تۇتۇۋېلىنغاچقا، ئىككى مۇشتنى ئارتۇق يېدىم، قىزلارنىڭ يېتىپ كېلىشى مېنى كېيىنكى هارام مۇشتلاردىن ساقلاپ قالدى.

كامالنىڭ ئېغىزىدىن چىققان هاقارەتكە چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى، ئۇ مېنى، ماڭا قو-شۇپ نۇرىيەنىمۇ يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتمەكچى بولاتتى. ئىزا - ئاھانەتكە چىدىماي يۈزىنى ئالقانلىرى بىلەن توسۇپ ئىسەدەۋاتقان نۇرىيە، قولىنى ئىتتىك چۈشۈرۈپ قەددىنى رۇسلىدى، قىزلارنىڭ تۇتۇۋالغىنىغا ئۇنىماي كامالنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— سېنى ئۆزۈۋاقتىدىلا ئەدىپىڭنى بېرىپ، رەسۋا قىلمىغانلىقىمنىڭ سازايىنى بۈگۈن تارتىۋاتىمەن، — دېدى كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كامالنىڭ كۆزىگە بېگىزدەك تەڭلەپ، — سەن بىر مەدەنىيلىك كۈچەك. سېنىڭ نەزەرىڭدە مەن جېنىنى ئاران جان ئېتىپ كېلىۋاتقان يۈزى ئۇچۇق ئاجىز بىر ئايال، شۇنداقمۇ! بىر يىلدىن بېرى ئارقامدىن كۆلەڭگىدەك ئەگەشتىڭ، ۋەدە بەردىڭ، قورقۇتتۇڭ، تەھدىت سالدىڭ، مەقسىتىڭ هايۋانىي ئىستىكىڭنى قاندۇرۇش ئىدى. مېنى بوش چاغلىغانىدىڭ، بىراق مەن كۆنمىدىم. مەقسىتىگە يېتەلمىگەن ئادەم ئۆزىنى كۆرۈن-گەن يەرگە ئۇرۇپ غالجىرلىشىدۇ، بۈگۈن غالجىرلاشتىڭ. مېنى ئەمەس ئۆزۈڭنى رەسۋا قىلدىڭ، سەن ئادەم ئەمەس، ئادىمىي هايۋانسەن!

چاڭ قىلىپ ئۇرۇلغان تەستەكتىن نۇرىيە تولغىنىپ كەتتى. ئۇ مەڭزىنى بېسىپ، يا-شاڭغىرىغان كۆزلىرىدىن چاچراپ چىققان نەپرەت ئۇچقۇنلىرى بىلەن كامالنى كۆل قىلىۋەتمەكچى بولغانىدەك، ئۇنىڭغا مىقتەك قادالدى. ئاڭغىچە قىزلار كېلىپ نۇرىيەنى ئېلىپ كې-تىشتى. ئارىغا سارا چۈشتى:

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ، سىزنىڭ نۇرىيەنى هاقارەتلەشكە، ئۇرۇشقا نېمە هەققىڭىز بار! نۇرىيە سىز ئويلىغانىدەك قىز بولغان بولسا، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشمىغان بولاتتۇق. مەن سىز-نىڭ ئۈستىڭىزدىن تارقىلىپ يۈرگەن گەپلەرگە ئىشەنمىگەنىدىم، هازىرقى هالىتىڭىز مېنى ئىشىنىشكە مەجبۇر قىلدى... — نۇرىيە ئۈچۈنمۇ، ئۆزى ئۈچۈنمۇ خورلۇق تارتقان سارا، نەپسى بوغۇلۇپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدى. ئۇ ئەلەملىك چىرايىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورققانىدەك، يۈزىنى توسۇپ قىزلار توپىغا ئۆزىنى ئاتتى.

كامال ئۆزىنى ئاقلىشى كېرەك ئىدى، ئەكسى هالدا ئۇ سارادىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالاتتى. هاراقتىن ئەقلى كېسىلگەن كامال ۋارقىراپ كەتتى:

— سىز ئاشۇ بۇزۇق خوتۇننىڭ تۆهمەتلىرىگە ئىشىنىۋاتامسىز. ئارقىغا چۈشكەن مەن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆزى! مېنىڭدىن نەپ ئېلىشنى كۆزلەپ كۆرگەن يېرىدە قاش - كۆزىنى ئوينى-تىپ، سۆز كىشىپ يۈرگەنمۇ شۇنىڭ ئۆزى! بەختىم ئېچىلىپ تۇرغان يەردە ئۆزۈمنى مۇشۇنداق ناپاك خوتۇن بىلەن بۇلغىمىدىمەن. مەن بالا ئەمەس، ئەقىل - هوشۇم بار ئەر كەك. قېنى، بولمىسا

ئىسپاتلاپ بەرسۇن، مەن نېمە قىلىپتىمەن !؟

ئۇ نازۇك تەرەپتىن تۇتۇۋالغانىدى. نۇرىيە ئىسپات كۆرسىتىپ بېرەلمىسە، كامالنىڭ مەنتىقىلىك گەپلىرى ھەممىدە گۇمان تۇغدۇراتتى. نۇرىيە ئۇ يەردە مۇنداق دېدى، بۇ يەردە ئۇنداق ئەسكىلىك قىلدى، دېيىشى مۇمكىن. بۇ پەقەت ئاجىز قارشىلىق بولۇپ، باشقىلاردا، ئۆزىنىڭكىنى راست قىلىش ئۇچۇن ئويدۇرۇپ چىقارغان، دېگەن خىيالنى شەكىللەندۇرۇپ قو-ياتتى. ئۇنىڭ ھاقارەتكە قېلىشىغا مەن سەۋەبچى ئىدىم. نۇرىيەنىڭ «سەن كېتىسەن، مەن قالىمەن» دېگىنى خىيالىمدىن كەچتى.

— سىز گە ئىسپات كېرەكمۇ، — دېدىم قوللىرىمنى مەيدەمدە گىرەلەشتۈرۈپ.

كامال ئۇنچۇقمىدى، ئۇ مەن ئارقىلىق كېلىدىغان خەتەرنى سېزىپ قالغانىدەك، ئېغىر پۇشۇلداپ چەكچەيدى. مەن ئاي ـ كۆنلىرىنى ئېنىق قىلىپ دېدىم:

— ئېسىڭىزغا كەلگەندۇر، بايۋەچچە. مەن نۇرىيەنىڭ ئۇستىدىن سىزنى يۇلۇپ ئېلىپ قورسىقىڭىزغا دەسسىلاۋەتتىم. سىز يالغۇز ئەمەس ئىكەنسىز. شېرىكىڭىز يۈگۈرۈپ كەلگەندە ئۇمۇ نېسىۋىسىنى يەپ جىمىقتى. بەلكىم، شۇ شېرىكىڭىز مۇشۇ يەردە باردۇر. سىز بىلەن بۇرۇنراق تونۇشقان بولسام، شۇ ئاخشىمى ئىككىمىز باشقىچە سۆزلەشكەن بولاتتۇق.

كامال خۇدىنى يوقىتىپ ماڭائېتىلدى، ئەمما ئىككى ئاغىنىسى چاققان كېلىپ تۇتۇۋې-لىشقا ئۈلگۈردى. ئۇ يۇلقۇناتتى، تېپىرلايتتى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئالىياتتى، نېمىلا قىلغىنى بىلەن گەپ ياندۇرىدىغان تىلى كېسىلگەنىدى. مەن باشقا گەپ قىلماي ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ باغدىن چىقىپ كەتتىم.

ئىختىيارىمنى پۇتۇمغا تاشلاپ قاراڭغۇ كوچىلارنى ئايلاندىم، ھارغىنلىق يەتسە قورۇ ئىگىلىرىنىڭ ئېرىق بويىغا ياساپ قويغان ياغاچ بەلدىڭلىرىدە ئولتۇرۇپ تاماكا چەكتىم. خىياللىرىمنىڭ چېكى ۋە تۇتامى يوق ئىدى. پەقەت بىرلا نەرسە ئېنىق ئىدى: ئەمدى مېنىڭ بۇ شەھەردە، ئاسمىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشۇم مۇمكىن ئەمەس. تاڭ يورۇشى بىلەنلا كۆزدىن يوقىلىشىم كېرەك ئىدى.

ئۆيگە كەلگىنىمدە سەھەر سائەت ئۇچتىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئاسىم ئۇخلاپ قېتىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ خاپىلىق، بىئاراملىق ئىچىدە ئۇخلاپ قالغانلىقى لەۋلىرىنىڭ ھىمىرىلىشىدىن پۇرۇلۇپ قالغان ئاغزى، قوشۇمىلىرىنىڭ تۈرۈلۈپ پېتىچە قېلىشىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. چىراغ يورۇقىمۇ ئۇنى ئويغىتالمىدى. ئۇخلىيالماسلىقىمنى بىلىپ ئاسىمدىن يوشۇرۇنچە — پەقەت ئىچ پۇشۇقى ئۇچۇنلا يېزىپ قويۇۋاتقان كونا خاتىرەمنى ئالدىم ـ دە، بۇ ئۆيدە ئۆتكۈزگەن ئاخىرقى كېچىدىكى ئىشلارنى يازدىم. سارا كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ئۇنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆ-رۈپ قالغانلىقىمنى شۇ مىنۇتلاردا چىن مەنىسى بىلەن ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىغا كۆزۈم يەتمەيدۇ، مۇنداق ئۇمىدنى ئۆزۈمدىن نېرى قىلغىنىم ياخشى. مەن ئېچكى دۇن-يارىمدا تەنھالىققا ئۆگىنىپ قالغان، تەنھالىقنى ئۇنىڭ ئازابىنى تېتىپ كۆرگەن ئادەملا بىلىدۇ.



تاڭ يورۇپ قالدى. تەق قىلىپ قويغان سومكامغا قولۇمنى سوزۇۋېتىپ ئاسىمغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇ مېنىڭ ئۈن ـ تىنىسىز كېتىپ قالغانلىقىمغا ئىچىدە خۇشال بولار، نېمىلا بولمىسۇن ئۇ مېنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرمىغان بىردىن ـ بىر ئادەم. بىر ۋاراق قە- غەزنى يىرتىۋېلىپ مۇنۇلارنى يازدىم: «ئاسىم، مەن كەتتىم، تېپىپ بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكلىرىم ئۈچۈن مېنى كەچۈر». نۇرىيە ئېسىمغا كېلىپ قالدى، ئۇنىڭ ئاجىزلىقىغا قايغۇردۇم. لېكىن شۇ هامان ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم: مەن نېمىگە قايغۇرىمەن؟ بىز هەممىمىز ئاجىزمىز، دۇنياغا قېقىراپ چۈشۈپ، تۇرمۇشنىڭ قېقىندى ـ سوقۇندىلىرى بىلەن ئۆمرىمىزنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالىمىز. ئەقلىمىزنى تېپىپ بىزگە قالغىنى پۇشايمان ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكىنىمىزدە، نىدا قىلىپ ئاچچىق تولغى- نىمىز ۋە يەنە ئاخىرىدا ئۆلۈممىزگە ئېچىنغانلارنىڭ بىر نەچچە ئېغىز ياخشى گېپى، يىغلاپ ـ قاقشاپ ئۆزىتىپ قويۇشى بىلەن قاراڭغۇ كامارغا كىرىپ جىمىيىمىز.

* * *

شۇنداق، سەن ئۈن ـ تىنىسىزلا كەتتىڭ، چىن گېپىمنى قىلسام ئەتىسى قالدۇرۇپ قويغان خېتىڭنى ئوقۇپ راستىنلا خۇشال بولدۇم. ئۇستۇمدىن ئېغىر بىر يۈك ئېلىۋېتىلگەندەك، كېچىدىكى خاپىچىلىقلارنى ئۇنتۇپ، ئۇشقىيتقىنىمچە يۈز ـ كۆزۈمنى يۇيدۇم. ئۆي بېسىقتۇرۇۋاتقان ئاپام مەن زادىلا كۆرۈپ باقمىغان كونىراق بىر خاتىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ تەڭلىدى. خاتىرىنى ۋاراقلىدىم. خەت سۆيىكىدىن ئۇنىڭ سېنىڭ خاتىرەڭ ئىكەنلىكىنى



بىلدىم. ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قىزىد- قىش كۆچىدىن كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇرۇپ بېشىدىن باشلاپ ئوقۇشقا كىرىشتىم، ئوقۇپمۇ بولدۇم. ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇكى، يازغانلىرىڭنىڭ هەممىسى ماڭا ئەخمىقانە بىلىندى. ئۆزۈڭ توغرىسىدا يازغانلىرىڭ- دىن سېنى خىيالپەرەس دەپ زاڭلىق قىلدىم: مېنىڭ ئۇستۇمدىن يازغانلىرىڭدىن ئاچچىقلاپ تېرىكتىم: كامال توغرۇلۇق گەپلىرىڭدىن ئۇنى كۆرەلمەپتۇ، ئىچ تارلىق قىلىپتۇ، دېدىم: نۇرىيەگە نىسبەتەن، ساقلىنىپ قالغان كونا هېسسىيات بىلەن ئىچ

ئاغرىتىپتۇ، دەپ ئويلىدىم؛ سارانى ياخشى كۆرۈپ قالغان قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزۈمنى ئاران - ئاران تۇتتۇم، سېنى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ دېدىم.

ئاياغ تىۋىشى، ئىشىكنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلاپ بېشىمنى كۆتۈردۈم ۋە سارانى كۆرۈپ چەكسىز ئەجەپلەندىم، ئۇ ئۆزى يالغۇز بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ باقمىغانىدى. ھودۇقتۇم، تەمتىرىدىم، ئېسىمدە قېلىشىچە ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇنداق سۆزلەر بولۇپ ئۆتتى: «مۇرادىل كۆرۈنمەيدىغۇ»، «كەتتى... بۇگۈن ئەتىگەن كېتىپ قاپتۇ»، «نەگە كېتىدۇ»، «ئاقسۇغا... خىزمەت ئورنىغا» (شۇ چاغدا سارانىڭ چىرايى ئاۋۋال ئاقىرىپ، كېيىن قىزىرىپ كەتكەنلىكى بىلىندى)، «خوشلاشمايلا كېتىپتۇ - دە»، «بىلمەي قاپتىمىز، ئەتىگەن ئويغىنىپ قارىسام سومكىسىمۇ، ئۆزىمۇ يوق تۇرىدۇ، يېزىپ قويغان خېتىدىن ئۇقتۇم» (ئۇ ئۇزاق جىمىپ كەتتى، تۇرقىدىن مۇھىم بىر نېمىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدەك جىلى بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى). ئاغزىدىن «خاتىرە يازغانىكەن، شۇنى ئوقۇپ ئولتۇراتتىم» دېگەن گەپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭدا قىزىقىش بولغانلىقىنى كۆزلىرىنىڭ پارقىراپ كەتكەنلىكىدىن بىلدىم، بىراق خېلى ئىككىلەندى. «قىزىقمىكەن؟»، «ئادەتتىكىدەك بىر نېمىلەر...»، «ئوقۇپ باقسام بولامدۇ؟»، «ۋاقتىڭىزغا ئىچىڭىز ئاغرىمىسىلا... بىراق، سىز توغرىلىقمۇ...»، «مەيلى، ئادەم ئۆزى ھەققىدىكى گەپلەرگە قىزىقىدۇ».

كېيىن ئاڭلىغانلىرىمغا قارىغاندا سارا ئاقسۇدىكى بىر قىز دوستى ئارقىلىق سېنى ئىزدەپ تېپىپتۇ. ئارىدا قانداق ئىشلارنىڭ بولغانلىقى ماڭا قاراڭغۇ. بىر يېرىم يىلدىن كېيىن غۇلجىدا ئىككىڭلارنىڭ تويى بولغاندا ھەممىمىز ھەيران قالدۇق، يەنە بىر يىلدىن كېيىن سارا خىزمىتىنى يۆتكەپ ئاقسۇغا كەتتى.

مەن ئۆتكەن يىلى غۇلجىغا بېرىپ كامال بايۋەچچە ھەققىدە مۇنۇلارنى ئاڭلىدىم: ئۇ ئىچكۈلۈككە بېرىلىپ ئاۋۋال ئائىلىسىدىن، كېيىن خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. كېيىنكى كۈنلىرىنى ئۇچرىغان ئادەمنى تۇتۇپ، ئىككى - ئۈچ موچەن سوراش، تاپقان پۇلىغا ھاراق ئىچىش بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۈچ يىل ئاۋۋال قىشتا كېچىسى مەست بولۇپ يىقىلىپ توڭلاپ ئۆلۈپ قاپتۇ. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ كېلىشكەن يىگىت ئىدى. ئۆلۈمىگە بەكمۇ ئېچىندىم.

* * *

مۇرادىل، قەدىردان ئاغىنە! مەن ئامبىرىمىزدا سەن بىلەن مۇڭداشقان خىيالەن سۆھبىتىمنى توپتوغرا بىر ھەپتە ئولتۇرۇپ يېزىپ چىقىپ مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈردۈم. قارىسام، خېتىم ئۆزۈم ئويلىغاندىنمۇ جىقراق بولۇپ كېتىپتۇ. پوچتىخانىغا كېتىۋېتىپ تۇرۇپلا كاللامغا بىر سوئال كىرىۋالدى: مەن نېمە ئۈچۈن ئاقسۇغا بارمايمەن؟ بۇرۇنقى خىزمەت دېدۇق، ئۆي دېدۇق، بالا باقىمىز دېدۇق، ئەمدىچۇ؟ قېرىغان چېغىمىزدىمۇ ئىككى چامدام يەردە تۇرۇپ كۆرۈشەلمىسەك، بۇنى خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ. ئاقسۇغا بارىمەن، يەنە كېلىپ ئايلىم، بەش ياشلىق نەۋرەمنى

بىللە ئېلىپ بارىمەن دېدىم-دە، ئارقامغا ياندىم. بىز غۇ دېگەندەك ئىزدىشەلمەي، كۆرۈشەلمەي، ئويلىغىنىمىزنى ئىچىمىزدە بىلىپ، ئۆتكەن كۈنگە شۈكرى قىلىپلا مۇشۇ يەرگە كەلدۇق. ئەمدى نەۋرىلىرىمىز بولسىمۇ كىچىكىدىن تونۇشۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە بىر-بىرىنى ئىزدىشىدىغان، ئوي-خىياللىرىنى ئورتاقلىشىدىغان بولسۇن، بولمىسا ياتلىشىپ كېتىمىز.

يازغان خېتىمگە قوشۇپ سېنىڭ ئەسلى خاتىرەڭنى ئېلىۋالىمەن، بىللە ئوقۇيلى، كۈلۈشەيلى، شادلىنايلى. ئاندىن كېيىن سەنمۇ سارانى، نەۋرەڭدىن بىرنى ئال (ئىككىنى ئېلىۋالساڭمۇ مەيلى)، ھازىر ماشىنىدىن تولا نەرسە يوق، ئولاش-چۇلاش غۇلجىغا بارايلى. ئۇ يەردىمۇ بىزنىڭ دوستلىرىمىز، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىز كۆپ، ئۇلار بىلەن دىدارلىشايلى، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلايلى. مېنىڭ، سەن ھېلىقى تېرەككە ئىسمىلىرىمىزنىڭ باش ھەرپىنى ئويۇپ يېزىپ قويغان بەلگىنى كۆرسەم كۆڭلۈم كېلىدۇ. غۇلجىغا بېرىپ قالسام سەن ئولتۇرغان مەھەللىگە ئۆتمەي قالمايمەن. ھازىر ئۆزگىرىش تولا. لېكىن شۇ تېرەك يەنىلا ئۆز جايىدا كۆكلەپ تۇرۇپتۇ. ئاڭلىسام، نەچچە قېتىم يولغا توغرا كەلدى، قۇرۇلۇشقا پۇتلاشتى، دەپ كېسىۋەتمەكچى بولغانىمىش. مەھەللە جامائىتى «بۇ بىر مۇقەددەس تېرەك، يولۇڭلارنى، قۇرۇلۇشۇڭلارنى بىر-ئىككى مېتىر نېرىدىن ئالساڭلار بولىۋېرىدۇ» دېيىشىپ كەسكۈزمەپتۇ. ھازىر ئۇ تېرەك رىشاتكا ئىچىگە ئېلىقلىق. قارا، بىزنىڭ قېرى-چۆرىلىرىمىز بۇگۈنكى كۈندە ئۆز مەھەللىسىنىڭ نامۇ نىشانى بولۇپ قالغان نەرسىلەرنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان بوپتۇ.

شۇنداق دوستۇم، ياشلىقتا قالدۇرغان ئىزنى كۆرسەك كۆكسى-قارنىمىز ئېچىلىپ، دىلىمىز يايراپ قالىدۇ، بۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكىمۇ پايدىلىق. قايسىبىر سورۇندا بىر تونۇشىمىز ياشلىق ھەققىدە «ياشلىق-چاقناپ ئۆتكەن كۈچلۈك نۇرغا ئوخشايدۇ، سەن ئۇنىڭدىن بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك يورۇقلۇق يىغىۋالىسەن. ياشانغاندا قەلبىڭدىكى يورۇقلۇق سۇسلىشىپ قالغۇدەك بولسا ياشلىقىڭنى ئەسلە، ئۇ قايتىدىن يىلىنجايدۇ» دېگەنىدى. توغرا ئېيتقانىكەن، مانا ھازىر ياشلىقىمنى ئەسلەپ ياشىرىپ قالغاندەك تېتىكلىشىپ قالدىم. ئاتمىش ياشنى قېرىدى دېگىلى بولماس، مەنزىل ئۇزۇن، ئارزۇ-ئارمانلار كۆپ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھايات كەچۈرۈشىمىز، ياشىشىمىز كېرەك.

مەسئۇل مۇھەررىر **ئالىمجان ئىسمائىل**

ئابابەكرى توختى

## بەشىنچى پەسىل



ئابابەكرى توختى 1973 ـ يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر شىنجاڭ سىفەن داشۆسىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتىدۇ. ھازىر غىچە گېزىت ـ ژۇرناللاردا كۆپلىگەن ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى. «مول لىمچاقنىڭ ھەسرىتى»، «يىراق تەبەسسۇم سايىسى»، «باللىق ناخشىلىرى» قاتارلىق شېئىرلىرى مۇكاپاتلاندى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش؛ شېئىرىي تىل دەبدەبىسىز، چۈشىنىشلىك بولۇش؛ سۇبيېكتىپنى تەكىتلەش بىلەن ئوبيېكتىپنى ئېتىراپ قىلىش؛ شېئىرىي پىكىر يېڭى، بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولۇش، شېئىرىي كەيپىيات ھەرىكەتچان، ھېسسىيات ساپ ۋە تەبىئىي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكنى جارى قىلدۇرۇپ، بەلگىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بىز بۇ ئۈمىدلىك ياش ئاپتورنىڭ بىر تۈركۈم شېئىرىنى دىققىتىڭلارغا سۇندۇق.

## غەزەللەر

### 1

سۆيگۈ دەپ مەن چەكمىگەن دەۋزىخى ھىجران قالمىدى،
ئول نىگارنىڭ ۋەسلىگە يەتمەككە ئىمكان قالمىدى.
ئاھ، سەير ئەتتىم قاچان گۈلگۈن سۈپەت رۇخسارىنى،
باستى كۆلپەتنىڭ تېغى، بىر لەھزە جەۋلان قالمىدى.
تەن مېنىڭ ئىلكىمدىيۇ، كەتتى بۇ جان پەيكانىغا،
شۇ ئىشق سەۋداسىنى ئەملەشكە لوقمان قالمىدى.
نە گۇناھ قىلدىم ساڭا ئېيتقىن، مۇھەببەت تەگرىسى،
مەن چۈشۈپ قىينالمىغان تۈن رەڭگى زىندان قالمىدى.
يا يار اتماپسەن مېنى بىر سۆيگۈسىز مەخلۇق قىلىپ،
ياكى ئېيت: چەكمە پىغان، بەندەمدە ۋىجدان قالمىدى.

## 2

قاچانكى خۇش كۈلۈپ باقسام سۆيۈشكە ئىلتىجا سەندە،
ۋىسال پەيتىگە مۇشتاقلىق مۇھەببەتلىك سادا سەندە.
كۆزۈڭدە پارلىغان خۇرشىد كۆزۈم ئاسماننى سويلاپ،
كۈلەر ئىستەكلىرىم چاقناپ ئەجەب نۇرلۇق جۇلا سەندە.
تىلىڭدىن ياڭرىسا جاننى بىھوش ئەيلىگۈچى شوخ كۈي،
ئۇ چارمەن قۇش بولۇپ ھەريان، پايانسىز بىر ساما سەندە.
قىزىلگۈل بەرگىدىن بەلكىم تۇغۇلدۇڭ ئۇشبۇ ئالەمگە،
قىزىلگۈل بەرگىدەك قامەت، قىزىلگۈلدەك زىبا سەندە.
مەگەر باشلانسىمۇ قايتا جاھاندا نەچچە مۇز دەۋرى،
دىلىم سەزمەس زىمىستاننى ئۇلۇغ بىر ئوت لاۋا سەندە.

## 3

كۆزۈڭگە مەھلىيا قەلبىم، كۆزۈڭ يۇلتۇزغا كان بەلكى،
چىمەن كىرپىكلىرىڭ ئاشىق دىلىمغا بىر كامان بەلكى.
ئۇنىڭ قىيناشىدىن مەڭگۈ سىېزەرمەن زور ھۇزۇر ـ لەززەت،
گويا جەننەتمۇ بولماس بۇ يەڭلىغ ھۆر ماكان بەلكى.
قاچان كۆردۈم كۆزۈڭنى مەن چىمەن كىرپىكلىرىڭ ئىچرە،
بىھوش جىسمىمغا ئەپكەلدىڭ مۇھەببەتلىك زامان بەلكى.
دەقىقە كۆرمىسەم ئاشۇ كۆزۈڭنىڭ شوخ جۇلاسىنى،
يولۇمنى توسقۇسى كۆرمىڭ خەتەرلىك تاغ ـ داۋان بەلكى.
ئۇزاپ كەتتى تالاي كۈنلەر بۈيۈك ئارمانغا يول بەرمەي،
بۈيۈك ئارمانلىرىمغا سەن بولۇپ قالدىڭ خاقان بەلكى.

## 4

قەدەھتەك بۇ جاھانغامەي قۇيۇپ ئىچسەم دېسە، ھەييام
دېگەنكەن مەيپۇرۇش: ئىچكىن، ئىچىشكە ئەرزىسە ھەييام.
ئىچەي دەپ مەيخانىدىن ھېچ چىقالماي كېچە ۋە كۈندۈز،
تېپىلماي قالسىمۇ ئۈلپەت ئىچىپتۇ ھەدېسە ھەييام.
ئاراملىق بەرمىگەچ قۇتراپ دىلىدا تەڭرىلىك دەۋا،
بۇ دەۋانى قىلالماي ھەل چېكىپتۇ دەردىسە ھەييام.
نېچۈن بۇتنايىسەنا دىلبەر تەرك ئەت مەينى دەپ ھەردەم،

بوغار قەلبىمنى ناشودلۇق، مەگەر قول بەرمىسە ھەييام.
ئىچىشنى تەرك ئېتەر بولسام ئۇزاتقىن سۆيگۈ جامىنى،
شۇ چاغ مەيلىتى مەڭگۈگە قاۋاقتىن ھەيدىسە ھەييام.

## 5

پەلەك ھەييارلىقىدىن ھەر قەدەمدە ئىمتىھان ئەتتى،
چۇۋۇپ ئىستەكلىرىمنىڭ باغرىنى گوياكى قان ئەتتى.
قاناتسىز تەنلىرىمدىن ھۇر كىسە شادلىق ـ خىرامانلىق،
نادامەت قۇشلىرى روھىم بېغىنى ئاشىيان ئەتتى.
مەگەر زەر تارىدىن قەلبىم مۇقاملار ئەۋجىگە چۇشسە،
ئىشق زىندانىغا ھەيدەلگۈچى مەھبۇسنى خان ئەتتى.
پەرىلەر كۈلكىسى شۇندا سىلاپ دەردلىك يۈرىكىمنى،
جاھان غەۋغاسىدىن تارتىپ كى شادلىق ئارمىغان ئەتتى. ①
نىگارسىز ئۆر تىنىپ ياتسام ئۇزاق تۈنلەردە ئۇھ تارتىپ،
ماڭا سۆيگۈ پىغانىمدىن مۇقام سۆيگۈ بايان ئەتتى.
پەلەك ھەييارلىقنى قىلسا يوق پەرۋايى ئۇيغۇنىنىڭ،
مۇقام ئاتلىق نىگاردىن ئۇنىگار ۋەسلىنى شان ئەتتى.

## 6

چېچىلىك بەرقىگە تۈن قونسا چېچىلىك مەبۇدقا ئايلانغاي،
ھىلال قاشىڭدا يۇلقۇنسا ھىلال بىر مۇتقا ئايلانغاي.
نىگاھىڭ تەرزىدىن ئاقسا چىمەنلەر كۆكسىگە يۇلتۇز،
قۇچاقىڭ مىسلى ئاتەشلىك گۈلستان يۇرتقا ئايلانغاي.
سۆزۈڭ بەھرىگە چىر ماشسا خىيالچان تەلپۈنۈش بۇتناش،
چېچەكلەر بەرگىگە ئاققان يېشىڭ ياقۇتقا ئايلانغاي.
ئۆيۈڭدىن تولغىنىپ چىقساڭ يىلانلار تاشلىنىشىپ قاسراق،
ھەسەتنى بەچچىدان ئەيلەپ چىرايى جۇتقا ئايلانغاي.
ئارامگاھ باغلىرىڭ ئىچرە ئىزىڭ قۇتلۇق مۆھۈر باسسا،
چېكەڭنى تەخت قىلىپ رەيھان لاۋۇلداپ ئوتقا ئايلانغاي.
قىرىق تال پۈرمە ساچىڭنى دولاڭدا سويلىتىپ ماڭساڭ،
قىرىق كۈن مەست بولۇپ ئالەم گويا بىر بۇتقا ئايلانغاي.
دىلىمنى چالغىتىپ ھىجران ئاراملىق بەرمىدى كۈن ـ تۈن،
غېرىپ كۈلبەمگە بىر كەلسەڭ ئۆمۈرلۈك قۇتقا ئايلانغاي.

① مۇبارەكلىدى، قۇتلۇقلىدى مەنىلىرىدە

## 7

مېنى شەيتانغا ئالداتما، ئۆزۈڭ ئالداپلا قاچقايسەن،
مۇھەببەت ئالەمى ئىچرە قۇيۇندەك پىر قىرىتقايسەن.
«نازاكەت ياچىقىدىن ئوق ئۈزۈپ باغرىمنى قان ئەيلە»
بۇ كەۋسەر قان جۇلاسىدىن ئۇيۇققا ھەل يالاتقايسەن.
نە ھاجەتتۇر بىھوشلانسام يۈزۈمگە گۈل سۈيى چاچماق،
كۆزۈڭ لەشكەرلىرىگە بىتنىنىم تىنتىپ تالاتقايسەن.
ھوشۇمنىڭ بارىدا خۇلقۇڭ ماڭا قان كۆكلىگەن زىندان،
مۇھەببەت ئىستىلاسىدىن مۇشۇنداق قاغجىراتقايسەن.
ھاياتنى چۇش دېگەن ئىردىم، چۈشۈمنى سەيلىتىپ كەتسەڭ،
بۇزۇلغان چۇشلىرىمنىڭ بارىنى كۈلكىگە چاققايسەن.

## 8

(بىر شائىرنىڭ ۋاپاتىغا)

قەي قىلىپ كەتتىڭ پەلەكنى نەزمىنىڭ پەيمانىدا،
قاندى شەيتانلىق ھەۋەسلەر ئاشۇ قەينىڭ شانىدا.
سەن ئۆلۈمنى مىڭ قېتىملاپ ئۆلتۈرۈپ كۈلكەڭ بىلەن،
مىڭ تىرىلگەن قېقنۇستەك سۆيگۈنىڭ گۈلخانىدا.
يوللىرىڭنىڭ قانسىراپ تۇرغان لىۋىدە بىر ئۈمىد،
سەن ئۇنى چىققان ياساپ ئاشىق يۈرەكنىڭ قانىدا.
ئەكچىگەن نۇرلار ئارا يۇلتۇزلار قۇچاقتا سۇكۇت،
بۇ سۇكۇتلەر ياش بولۇپ دەۋرەيدۇ قەبرەڭ يانىدا.
ئۆلمىدىڭ، كەتتىڭ گويا قايتا ھاياتلىق تاپقىلى،
بىز ئۇنى قالدۇق كۇتۇپ سەنسىز بۇ كەڭرى خانىدا.

## كېچەلىرىكىسى

كېچىلەر چېچەك سۇمبۇل، چېچەك لالە،
دىلبەرنىڭ چاچلىرىدىن رەڭ تالاشقان،
ئاھىڭ ئوت، ئوت قوينىدا قىلىپ نالە،
مەشۇقسەن زېمىن بىلەن قۇچاقلاشقان.

نەقەدەر سۆيۈملۈكتۇر سۆيۈپ يىغلاش،
گىياھلار ياپراقىدا ياقۇت يېشىڭ.
تىڭلايدۇ سۆيگۈ كۈيى (كۈيگە سىرداش)
زېمىننىڭ كۆكرىكىگە قويغان بېشىڭ.

مەستۇرسەن بىر تۇيغۇدىن، پىچىرلاشتىن،
پىچىرلاش ئەبەدىيلىك خۇمار ساڭا.
قۇتلۇقلاپ بۇ تۇيغۇنى يەنە باشتىن،
ئېسپىتۇ ئاسمان نۇرلۇق تۇمار ساڭا.

مەشۇقسەن زېمىن بىلەن قۇچاقلاشقان،
ئىھ، كېچە سەندە ھىجران بوغۇلماقتا.
بۇيۇكسەن، بۇيۇك كىلۇككە قۇچاق ئاچقان،
باغرىڭدا ئەنە قۇياش تۇغۇلماقتا...

## قۇياش سىزىپ ئولتۇرار بالا

كىچىككىنە بىر بالا
ئولتۇرىدۇ قۇياشنى سىزىپ،
ئۇچۇم بولغان خىياللىرىدا،
چەكسىز ئۇيۇق، سامانى كېزىپ.
قۇياش
گاھ ئوخشايدۇ كاكچە نانلارغا
لەۋلىرىنى يالاپ قويار ئۇ،
گاھ ئوخشايدۇ ئانا كۆزىگە،
نۇرلا ئەمەس، چاچىدۇ سۆيگۈ.

بۇ يوللاردا تەمتىلەپ مېڭىپ،
بالا بىلگەن قۇياش پەقەت شۇ...،

ئەخمەتجان تۇرۇپ

## سەھرادا كەچكۈز

قاتار ـ قاتار ئۇچقان ئاپئاق تۇرنىلار
جۆنىمەكتە يەنە يىراق جەنۇبقا.
ۋاللەي ئېيتىپ كۇلۇشمەيدۇ باللار،
قار ياماشتى سەمرىپ كەتكەن بۇلۇتقا.

چېكەتكىنىڭ كۈيلىرىنى ئەپقاچتى،
توك قارغىلار شاختىن ـ شاخقا قونۇشۇپ.
دىر بىلدەيدۇ ئەمدى قويلار پادىسى
يايلاقتىكى يۇمران چۆپكە تويۇشۇپ.

ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرىدۇ قېرىلار
پاكار تامنىڭ دالدىسىدا سىر دىشىپ.
تورۇپ كەتكەن قۇشلارنىڭ شوخ كۈيمۇ،
دان تو شۇيدۇ ئۇۋىسىغا قىر ئېشىپ.

بىر قارىساڭ سۆيۈنسەن كىمگىدۇر،
بىر قارىساڭ كۆزلىرىڭگە ياش كېلەر.
مۇڭدەۋاتقان سەھرانىڭ كەڭ دالىسى
ئالتۇن رەڭلىك ياپراقلارغا چۈمكىلەر...

## كۈيلىرىمدە خىيالچان سەھرا

### شورلۇق لىرىكىسى

شورلۇق دالا، شورلۇق كۆل، شور قاپلىغان قىرغاقلار،
چوپان ئاياغ باسقان دەم لەۋلىرىنى ئۇشلايدۇ.
تومۇرىدا شورلۇقنىڭ قېنى ئاققان قىياقلار،
تاتلىق ـ تاتلىق چۇشەكەپ بەخت قوشى قوشلايدۇ.
كېلەر ھەتتا بۇ يەرگە قوي تويغىلى ئەگىشىپ،
ناخشىسىدىن چوپاننىڭ چۆچۈپ كەتكەن سۇزۇك تاڭ.
قومۇش نەيگە جۆر بولۇپ تۆكىشىدۇ بۇ يەردە،
بۇلبۇل ئەمەس، شىتىلە ئاق قۇشقاچلار خۇش ئاھاڭ.
مۇڭلىنىدۇ بىر پەستە جىمى نەرسە بۇندىكى،
مۇڭ تارىتىپ ئۇزىغان مۇڭلۇق كۈينىڭ سېھرىدە.
ئانىسىغا باش قويار ھەتتا ئەركە پاقلانلار،

يۈرىكىنى ئىسسىتقان ئاپئاق سۈتنىڭ مېھرىدە.
سۈرەر ئاستا چوپانمۇ يۈلەنگەنچە جىگدىگە،
ئەللىيىدە شورلۇقنىڭ چۇچۇك ـ چۇچۇك خىياللار.
بۇندا گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلار كىن قاچان دەپ،
خىيالدا چوپاننىڭ كېزىپ يۈرەر سوئاللار...

## بىر زوغۇيغا

ئېچىلىپ كۆلمىدىم ئالدىڭدا بىر رەت،
تۆكمىدىم ۋە يەنە ئىسسىق ـ ئىسسىق ياش.
سەن ماڭا يار اتقان تۇمەن ـ تۇمەن دەرد،
ساسلىقتا قېپ قالدى بولالماي ھاپاش.

ئىستىدىڭ بوينۇمغا قونۇشنىمۇ ھەم،
ھېسابلاپ ئۆزۈڭچە مۇلايىم قونداق.
شۇ ھامان ئۇر كىدىڭ، ئۇر كىدىڭ ئەمما،
غورۇرۇم زەربىدىن قاناتلىرىڭ تاق.

ئاداققى سۆزۈم شۇ: سېنىڭ پۇتۇڭغا،
يېلىنىپ پىھاندا قويالمايمەن باش.
بىر سىقىم كۆل قالار ئىزىڭدا جەزمەن،
پارلىغاچ قەلبىمدە ئىككىنچى قۇياش.

## كۆل سۈيى

ئۇچۇپ كېتەر بەلكىم كۆل سۈيى،
قورشاۋىدىن چىقسا قىرغاقنىڭ.
تېپىۋالار شو خلىقنى ھەم،
تۇر تكىسىدە ئۆگمەس پىراقنىڭ.
چۈنكى تەمى كەتتى بۇزۇلۇپ،
تولۇپ كەتكەچ تېگىگە لاۋا.
سۆيگەندىمۇ ھالقىسمان نۇر،
بۇرۇنقىدەك قىلالماس جولا.
تۇتقۇن قىلدى زېرىكىشكە ھەم،
ئۇندا ئۆزگەن قاشاڭ ئۆردەكلەر.
لەۋلىرىدە جۇدىگەن ياپۇز،
باھاردىمۇ ئاجىز پورەكلەر.

جىمجىتقىنا تۇرغان كۆل سۈيى،
بەلكىم تىلسىز ئاشىق يىگىتنىڭ
قەلبىدىكى مۇڭلۇق بىر كۈيى.

## قىز

(ئوكتاۋ ئۇسلۇبىغا تەقلىد)

تاقىر سايغا كۆز تىكسەڭ، ئەي قىز،
قورام تاشلار قىلار تەبەسسۇم.
تالىشىدۇ قۇياش بىلەن رەڭ،
تاش تۇۋىگە دۆۋىلەنگەن قۇم.

سېغىنغىلىققا كۆز تىكسەڭ ئەي قىز،
كېتەر چاڭقاق لېۋى يەملىشىپ.
يېرىلماس ھەم قىيامەتكىچە،
يۈرەك قېنى قالغاچ نەملىشىپ.

يۈرىكىمگە كۆز تىكسەڭ ئەي قىز،
بۇلار ھايات جەزمەن باراقسان.
كۆل قىلىۋەت، كۆز تىكىپ ئەي قىز،
ئۈنۈپ قالسا قەلبىمدە نۇقسان.

## سەھرا قىزى

زىننىقىڭدا باردۇر بىر تال گۈل،
ياپرىقىدىن كەتمەس يېشىل رەڭ.
قونالمىدى بۇ گۈنگىچە قار،
قۇياش ساڭا سالغاچ دائىم زەڭ.

زىننىقىڭدا باردۇر بىر تال گۈل،
قۇچاق ئاچقان كۆلكىگە ئىكەم.
ئىزدىگەننى تاپىسەن جەزمەن،
داتلا شىمسا غورۇر، ئەي سەنەم...

تۇرسۇن نىياز

# ياشلىقىمدا يېزىلغان غەزەللەر

## 1

قاچان كۆردۇم سېنى دىلبەر، بېشىمغا بىر بالا تاپتىم،
بالا نە ئۇ، دېيىشنى ھەق ئۆزۈمگە مىڭ راۋا تاپتىم.
بالالەر رەنجىدىن خالىي بولاي، دەپ ئىزلىسەم ۋەسلىڭ،
شىپا تاپماق تۇگۇل سەندىن يۈرەككە مىڭ يارا تاپتىم.
يارامغا، ئېيت، داۋا يوقمۇ، كۆزۈڭگە تەلمۈرۈپ باقتىم،
قادالدى كىرپىكىڭ ئوقتەك جېنىمغا مىڭ جازا تاپتىم.
ئازابلىق نالىلەر ئىچرە قويارغا جاننى تاقەت يوق،
سېنى ئىزدەپ بېغىڭدىن خۇش بۇيىڭ سىڭگەن سابا تاپتىم.
سابا تاپتىم، داۋا تاپتىم، ئىكەنسەن مېھرىبان دىلدار،
كېچىككەن بولسىمۇ سۆيگۈم سېنىڭدىن چىن باھا تاپتىم.
باھاغا لايىقى سۆيگۈم ئەمەستۇر، بىل ۋاپادارلىق،
مېنى ۋەسلىگە زار قىلغان نىگارىمدىن ۋاپا تاپتىم.

## 2

ئىجازەت بەر، ماڭا جانان، ئىجازەتسىز يۈرەلمەيمەن،
ساڭا كۆيدۈم دېگەن بىرلە سېنى كۆندە كۆرەلمەيمەن.
ئۆتۈپ كەتكەن ساڭا نىچاغ يۈرەكنىڭ ئىختىيار ـ مەيلى،
ئاشۇ ئەركىم يوقالغاچقا، يۈرەك مەندە دېيەلمەيمەن.
ئىجازەت بەر، تىلىمغا ھەم ساڭا دەرد ـ ھالىنى تۆكسۇن،
يوقۇڭدا ياش تۆكۈپ يىغلاپ، كۆرۈشكەندە كۈلەلمەيمەن.
ئىجازەت بەر، پەقەت بىر رەت لېۋىڭنىڭ بال شارابىغا،
چۈشۈمدە ئىچكىنىم بىلەن ئوڭۇمدا مەن ئىچەلمەيمەن.
ئىجازەت بەر، يولۇمغا ھەم كوچاڭدا بولمايىن سەرسان،
كېتىشكە خوش، دېگەن بىرلە قەدەم تاشلاپ يۈرەلمەيمەن.
پولات ئارقانىنى ئۈزگەن شىر بۇگۇن بوپتۇ ياۋاش قوزا،
ئۈزەلمەس رىشتىنى سەندىن سەۋەب نەدە بىلەلمەيمەن.
ئىجازەت بەر، جېنىمغا ھەم داۋا ئىزلەپ، شىپا تاپسۇن،
دېگەيمىش ئۇ: «ئۆزۈڭ دورا»، ئۇنىڭسىز مەن تۈزەلمەيمەن.

ئايان بولدى سىرى ھېكمەت، نىيازى كۆڭلىدە بىر سۆز:
سېنىڭسىز بۇ جاھان ئىچرە ئۆزۈمنى بار دېيەلمەيمەن.

## 3

نىتەي ئەمدى سېنى دىلبەر، پەقەت ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن،
سېنى ئۇنتۇش ماڭا زۇلمەت، سېنىڭسىز كۈن كۆرەلمەيمەن.
دىلىمنى مەست ـ بىھوش قىلدى كۆزۈڭدىن چاقنىغان شۇ نۇر،
قۇياش قايسى، كۆزۈڭ قايسى، ئۇنى مەن پەرق ئېتەلمەيمەن.
ئەمەس ھەر كۈن، ناگاندا بىر يىراقتىنلا قىيا باقساڭ،
ۋۇجۇدۇم كۆيىدۇ شامدەك، ئاڭا بەرداش بېرەلمەيمەن.
ئىچىمدە مىڭ تۈمەن گەپ ـ سۆز، بىراق ئالدىڭدا تىلسىزمەن،
سېنى كۆرسەم لېۋىم تىترەپ، پەقەت لام ـ جىم دېيەلمەيمەن.
كېچەي بوپتۇ، دېسەڭ كەچكىن، ئەمەس بىر مىڭ جېنىمدىنمۇ،
لېكىن بىر كۈچ دېگەي: توختا! شۇڭا رىشتىم ئۈزەلمەيمەن.
ئۈزۈپ رىشتىم نىگارىمنىڭ ۋاپاسىغا جاپا سالسام،
ئۇ ئالەم ھەم بۇ ئالەم ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن.

## 4

قايسى كۈن مەن بىلمىدىم، بۇ ئىشقنى يار قىلدىڭ ماڭا،
نە ئىشقكىم، مىسلى زور ئاتەشنى يار قىلدىڭ ماڭا.
بىلمىدىم باشتا كۆيۈپ، سېھرىڭ بىلەن ھوشسىزلىنىپ،
ئەمدى كۈل بولسا ۋىسال تەختىڭنى تار قىلدىڭ ماڭا.
كۆرمىسەم بىر كۈن سېنى بىر يىلغا تەڭ بولدى كۈنۈم،
بىر غېرىبچە يەر تۇرۇپ، ھىجراننى دار قىلدىڭ ماڭا.
بى ۋىسال ئۆتمەك قىيىنكەن مەن كەبى دىل خەستىگە،
يۈز كۆرۈشمەكنى دەقىقە ئىنتىزار قىلدىڭ ماڭا.
ئۇچرىشىپ قالساق ناۋادا كەلدى تار بۇ كەڭ جاھان،
تۆت ئېغىز مۇڭداشقۇدەك خىلۋەتنى زار قىلدىڭ ماڭا.
بىلمىدىم ئۆمرۈم ئۆتەمدۇ ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت بىلەن،
مەن كۆنۈپ كەتكەن تىنچ شادلىقنى خار قىلدىڭ ماڭا.
مەيلى خارلىق يەتسىمۇ يەتسۇن ماڭا، بولماس ئۇۋال،
چۈنكى سەن ئۆچكەن ئۈمىدتىن يوقنى بار قىلدىڭ ماڭا.

## 5

ھەسرىتا بىر سەن ئۈچۈن ۋەيرانە بولدۇم ئاقىۋەت،
سەن ئۆزۈڭ ئوت، مەن گويا پەرۋانە بولدۇم ئاقىۋەت.
ئاھ دېدىم، ئۆرتەشلىرىڭگە جان ـ تېنىم بەرمەي چىداش،
بىر يۈتۈم مەيسىز يۈرۈپ، مەستانە بولدۇم ئاقىۋەت.
ئاي يۈزۈڭنى ئەسلىدىممەن ئاخشىمى ئايغا قاراپ،
كۆندۈزى ئىزلەپ سېنى سەرسانە بولدۇم ئاقىۋەت.
نە ئامال ئۆتتۈم كوچاڭدىن ھەر-كۈنى بىر قانچە رەت،
پۇل ئەمەس، ۋەسلى خۇمار دىۋانە بولدۇم ئاقىۋەت.
گۈل ئىدىم گۈلدەك يۈزۈڭگە دەسلىپى كۆيگەن چېغىم،
ئەمدى رەڭگىم زەپىران، غەمخانە بولدۇم ئاقىۋەت.
بولدى مەشرەپ، بەزمىلەرمۇ مەن ئۈچۈن ھەتتا ھارام،
بۇ ئىشق سەۋداسىدىن يېگانە بولدۇم ئاقىۋەت.
سۆيگۈ ھىجران بولسا شۇنداق كىم چىدايدۇ بىلمىدىم،
لەيلى ـ مەجنۇن جىسمىغا ھەيرانە بولدۇم ئاقىۋەت.

## 6

تىلدا داستان سۆيگۈنى كىم بار دېسە سەن مەن ئارا،
پاكلىقىنى ئۆزگە بىلمەس، بىلگۈسى پەرۋەردىگاھ.
ئۇ نېسىپ بولسا ناۋادا ھۆر ـ پەرىلەر زاتىغا،
چۈشسە ئەرشتىن يەر زېمىنغا بولمىغاي بەلكى گۇناھ.
روھى ئىنسانىنىڭ قورۇنماي ياتقۇسى تۇپراقتىمۇ،
چىن مۇھەببەت ھىجرىدە جان بولسىمۇ تەندىن جۇدا.
سۆيگۈ جان، سۆيگۈ مۇقەددەس، بۇر چىنى تىلدا ئۇنىڭ
مىڭ قەلەم ئۇپراپ، قۇرۇپ ياز غاندىمۇ بولماس ئادا.
ئۇنتۇلۇش مۇمكىن بەختنى، ئۇنتۇغاي ھەسرەتنى كىم،
نە ئامال ھىجران ئوقىدا بولسا جان، باغرىڭ يارا.
ئاھ ئۇرۇپ مەنمۇ ۋىسالىڭ ئىشقىدا تۇرسام كۆيۈپ،
ئوت ئىچىگە قول ئۇزاتتىڭ، بولمىدىم بەختى قارا.
يار ۋىسالىڭغا نىيازى بىر ئۆمۈر قۇل بولسا ھەق،
مەن ساڭا شۇنداق دېيىشنى ئۆلگىچە كۆردۈم راۋا.

## 7

گۇل تۇتۇپ چۇشتۇڭ قىشىمغا، مەھلىيا بولدۇم قاراپ،
نە گۇلۇڭگە كۆز تىكەيمەن مەن سېنى قىلدىم تاۋاپ.
چۈنكى مىڭ گۇل ھۆسنىدىن چەندان گۈزەل مېھرىڭ ماڭا،
شۇ چېھىر پەرۋانىسىمەن باغرى ئوت، قەلبى كاۋاپ.
باغ كۆرۈندى بار چە جىسمىڭ قايسى گۇل، قايسى ئۆزۈڭ ؟
مەست بولۇپ ئەقلىم ئاداشتى بىر يۇتۇم ئىچمەي شاراب.
كەلسە بۇلبۇلمۇ قىشىڭغا ئاز غىشىپ قالغاي شۇئان،
تاپمىسا ئۆز يارىنى ئۇ، بەرگىدىن گۇلنى پۇراپ.
سار غىيىپ قاپتۇ، دېدىممەن، گەپ ئېلىشىنىڭ قەستىدە،
نۇر جامالىڭ ئالدىدا، گۇل غۇنچىسى چەككەچ ئازاب.
گۇلغۇ سەن، گۇل ئۆستۈرۈشلەر بولدى نە ھاجەت ساڭا؟
بار چە گۇل ئالدىڭدا مەستتۇر، مەن ئۆزۈم بەر سەم جاۋاب.
رەھمە قىلغىن، باغرى قان بۇلبۇلمۇ تاپسۇن يارىنى،
نەدە قالدى مەشۇقۇم ؟ دەپ يۇرمىسۇن سەندىن سوراپ.

## 8

شادلىقىم قايسى جاھاندا، بىلمىدىم سەندىن بۆلەك،
تاپمىدىم سەنسىز ئۆزۈمگە ئۆزگە يار غەمدىن بۆلەك.
بار چە ئوي، پىكرۇ خىيالىم تۇر سا ھەر ئان سەن بىلەن،
جان نېمىش قىلسۇن مېنىڭدە بۇ قۇرۇق تەندىن بۆلەك ؟
ئاھ ئۇرۇپ بۇلبۇل دېگەيمىش: بى كېرەك بوستان ماڭا،
كۆرمىدىم يار ۋەسلىنى مەن، باغى گۇلشەندىن بۆلەك.
گۇل سىياقىڭنى ئەگەر دە كۆر سە شۇ بۇلبۇل كېلىپ،
تۆكمىگەي ئىككى كۆزىدىن قان بىلەن سەلدىن بۆلەك.
ياش ئەمەس قان تامچىسا مەيلى كۆزۈمدىن سەن ئۈچۈن،
چۈنكى قەدرىڭنى بىلەلمەس ھېچ كىشى مەندىن بۆلەك.

## 9

خاتىرەڭ چىقماي ئېسىمدىن بىر بالا بولدى ماڭا،
نە بالا كىم، كۆيگىنىمگە مىڭ جازا بولدى ماڭا.

شۇ جازانى تاتقىنىمدىن، مەن سېنى ئۇنتاي دېسەم،
بىر مىنۇت ئۆتمەي ئىزنىڭمۇ ئۇنتىيا بولدى ماڭا.
يولغا باقتىم ئىزلىرىڭنى ئاختۇرۇپ تاپماق ئۈچۈن،
تاپقىنىمدا ئىز ئەمەس ئۇ، گۈل ـ گىياھ بولدى ماڭا.
گۈلدە ئەكس ئەتسە چىرايىڭ، كەلدى بەرگىدىن ھىدىڭ،
دەسسىلىپ قالغان توپاڭمۇ ئەتىۋا بولدى ماڭا.
ئىز ـ توپاڭنى قولغا ئالدىم يۈز ـ كۆزۈم سۈرمەك ئۈچۈن،
تەپتىدىن چىققان ھارارەت ئوت ـ لاۋا بولدى ماڭا.
ئوتتا كۆيسەم نە ئامالىم مەن يەنە پەرۋانىدەك،
ئۆرتىنىپ كۆيگەن كۆڭلۈممۇ نۇر ـ زىيا بولدى ماڭا.
نۇر ـ زىيا بالقىپ كۆزۈمدە، توختىدى ئاخىر يېشىم،
نە ئۆزۈڭ، باسقان ئىزىڭمۇ بىباھا بولدى ماڭا.

1992 ـ يىل، قەشقەر

**توختىمۇھەممەت تۇردى**

## ئات قويۇش

سۇبھى دەم يەڭگىدى پەرىزات ئامان،
ئاسمانغا ئۇلاشتى شائىرنىڭ بېشى.
قەلبىدە تۇيغۇلار ياساپ سەل ـ قىيان،
سىرغىدى مارجاندەك ھاياجان يېشى.

شائىرمۇ بۇۋاقتەك قىيغىتىپ قالدى،
ئاتىلىق تەختىدە ـ بەخت قوينىدا.
تىلەكلەر قەلبىنى ئىرغىتىپ قالدى،
چاراقلاپ زۇنناردەك پەرز بويىندا.

پارلىدى يەتتە تاڭ، كۈلدى يەتتە كۈن،
جەم بولدى تۇغقانلار ـ ئاتا ـ ئانىلار.
ۋارىسقا ئات قويۇش ـ قۇتلۇق توي بۈگۈن،
جەم بولدى ئۇققانلار، دوستلار، باللار...
ـــ ئېتىنى؟
سورىدى شائىردىن موللا،
ـــ ھەقىقەت
ـــ ھەقىقەت؟!

كۈلدى مېھمانلار.
ـــ تاپتىلا بۇ ئاتنى نەدىن، ياللا؟!
تەئەججۇپ ھېسىغا چۆمدى مېھمانلار.
ـــ ئاجايىپ ئات ئىكەن،
ـــ يېڭى ـ يات ئىكەن،
ـــ ئەپسۇسكى، بۇ ئاتنى چاقىرماق قىيىن.
ـــ كىتابتا يوق ئاتنى كىم قويغان، كۆرگەن؟
ئويلايلى، ھەسرەتتە قالمايلى كېيىن.

قىزىدى مەرىكە، قىزىدى تالاش،
بەزىلەر بۇ ئاتنى ياقتۇرمىدى ھېچ.
بەزىلەر تېخىچە خىيالغا ئاداش،
ئولتۇرار بېشىنى تاشلاپ تېپتىنچ.

كۆتۈردى بېشىنى شائىر ئامالسىز،
كۆتۈردى قەلبىدە ئارمانلار چۇقان.
تىترەڭگۈ ئۈن بىلەن دېدى ئېرەڭسىز:
ئوغلۇمنىڭ ئېتىنى قويۇڭلار «ئارمان»...

مۇتەللىپ جۇماخۇن

# ئۈچ شېئىر

## شائىر

شائىر گۆھەر كائىناتقا كەتكەن چېچىلىپ،
شائىر روھى گۈل ـ چېچەكتۇر تۇرغان ئېچىلىپ.
شائىر بۇلاق، ھاسىل قىلغان بۇلدۇقلاپ ئېقىن،
يەر تەكتىدىن، قىستاڭلاردىن چىققان ئېتىلىپ.

شائىرلارنىڭ لۇغىتىدا يوق «ئۆلۈم» خېتى،
يېزىقلىقتۇر ھەر قەلبكە نۇر بىلەن ئېتى.
ئادەملەرنىڭ جىسمى ئەمەس شائىرنىڭ جىسمى،
ئۇ دۇر بىلسەڭ ھېس ـ ھاياجان، ئىلھامنىڭ قېپى.

شائىر ماڭماس راھەت ئىزدەپ ھەرگىز تۈز بىلەن،
تەرىپىگە يېتەلمەيسەن كۆچەپ سۆز بىلەن.
ئۇ يۈرسىمۇ پۇتلىرىڭغا پۇتلىشىپ ھەتتا،
كۆرەلمەيسەن تىكىلىپمۇ ئۇنى كۆز بىلەن.

شائىر شۇنداق سېھىرلىنىپ تۆرەلگەن ئىنسان،
تىلىمەيدۇ ئۇ ھېچكىمدىن سەدىقە ـ ئېھسان.
شائىرلارنى سەۋدايى دەپ ئويلاپ قالماڭلار،
ھاڭۋاقاندەك كوچا ـ كويدا يۈرسە خىيالچان.

جان بار دېسەڭ، شائىرلارنىڭ خىيالدۇر جېنى،
قان بار دېسەڭ، تومۇردا تەسەۋۋۇر قېنى.
گۆش ـ سۆڭەكتىن پۈتۈلمىگەن شائىر ئەسلىدە،
ئۇرغۇپ تۇرغان تەپەككۇردۇر پۈتۈنلەي تېنى.

شائىرى يوق يۇرتنى ئاۋات قىلغىلى بولماس،
توڭ خەمەكنى مېھمان كەلسە تىلغىلى بولماس.
خىسلىتىگە بىر مىللەتنىڭ قىزىقساڭ ئەگەر،
شائىرىنى چۈشەنمەستىن بىلگىلى بولماس.

## بىر تال گىياھ

بىر تال گىياھ، ئاھ بىر تال گىياھ،
قارىسام سەن ئىكەنسەن بۇيا.
قانداقلارچە ماكان بوپ قالدى
ئەجەپ ساڭا بۇ يانتۇ قىيا.

كەمتۇ كىلۇك يوق بويۇڭ ـ بەستىڭدە،
بەرگىلىرىڭ ھاسىل قىپتۇ قۇر.
چاقناپ تۇرار پۈتۈن جىسمىڭدا
گۇگۇمدىمۇ خىرە كۆكۈش نۇر.

گۇماندىمەن يىلتىزىڭ نەدە ؟
كىم بېرىدۇ ئوزۇق، ئۇسسۇزلۇق.
كۆرۈنمەيدۇ خۇلۇم ـ قوشناڭمۇ،
ھېس قىلمامسەن، ئېيتچۇ يالغۇزلۇق ؟

## بوۋاي

نەۋرىسىنى يېتىلەپ بوۋاي،
چارچىسىمۇ كوچىدا يۈرسە.
ئېچىنىدۇ ھەر قانداق ئادەم،
بىچارىنىڭ ھالىنى كۆرسە.

شۇ ئارىدا ئوغلى ئۆيىگە
ۋېلسىپىتلىك ئىشتىن قايتىپلا.
بالىسىنى قولىغا ئېلىپ،
دادىسىغا كەتتى كايىپلا.

چارچىمامدۇ كىچىك تۇرسا بۇ،
توختىماستىن يېتىلەپ يۈرسەڭ.
بولغاندىكىن ئۆيدە بىكارچى،
بولماسمىدى بىر دەم كۆتۈرسەڭ.

كۆنۈپ كەتكەچ بۇنداق گەپلەرگە،
بوۋاي ئانچە ئېرەن قىلمىدى.
لېكىن ئوغۇل، تەقدىر ئايلىنىپ،
بولۇشىنى بوۋاي بىلمىدى.

ئايمۇھەممەت ساھىبى

## ئىككى غەزەل


### 1

يورۇغقاشنىڭ قىر غىقىدىن كۆز بېقىشتۇق ئىككىمىز،
دىلدا بىر ئىستەك تۇغۇلدى، خوپ يېقىشتۇق ئىككىمىز.
ئەمما بىز ئۆتتۇق شۇ ھالدا سىر دىشالماي ئەيمىنىپ،
ئاشقىنىدا ئۆمرىمىز تەگدىن تېپىشتۇق ئىككىمىز.
مۇپتىلا بولسامۇ مۇشكۇلكەن ساڭا كۆيدۈم دېمەك،
ئۇچرىششتا ئەيمىنىپلا قول سىقىشتۇق ئىككىمىز.
تىنىمدۇق، ئۆتتۇق ئۇۋالدا، بۇ گۇناھ كىمدە جېنىم ؟
سۆيگۈ ھىجران دەردلىرىنى كۆپ تېتىشتۇق ئىككىمىز.
سەبرى ـ تاقەت ئىجتىھاتتا ئاخىرى قۇچتۇق بەخت،
چىن ۋىسال ئەيىامىغا ئەمدى يېتىشتۇق ئىككىمىز.

## 2

كۆڭۈل مۈلكۈمنى جەم ئەيلەپ ئاۋۋال يەتكۈزمىدىم سىزگە،
تۇتۇپ سۆيگۈمنى سىر ـ ئەسرار مالال يەتكۈزمىدىم سىزگە.
يېزىپ تەكلىپ قىلىپسىز توي مېنىڭدىن كۆپ بەختلىككە،
نادامەت ئۆرتىدى دىلنى، قامال يەتكۈزمىدىم سىزگە.
ئېچىندى جان جىگەر دوستلار ئەلەمدىن يەڭ تۇرۇپ تەۋرەپ،
ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستۇم، زاۋال يەتكۈزمىدىم سىزگە.
بېشىمغا چۈشتى كۈن ـ سەۋدا، ياقام چاكتۇر، كۆزۈم چەشمە،
بىراق پەرياد بىلەن يىغلاپ، ئۇۋال يەتكۈزمىدىم سىزگە.
ئۆزۈم بىر شوخ يىگىت ئەردىم غېرىپ مىسكىن بۇدەم ھالىم،
ئىچىمدە مىڭ بوران چىقتى شامال يەتكۈزمىدىم سىزگە.
ئىشقىنىڭ دەشتىنى كەزدىم پىراقتىن مەينى دوست ئەيلەپ،
رەقىب چەيلەپتۇ غۇنچەمنى، كامال يەتكۈزمىدىم سىزگە.
ئەجەپ بىر ئىزدىمەپسىز دەپ يۇرەكنى قىلدىڭىز لەختە،
پۇشايماندىن ئۆلەي ئەمدى ئامال يەتكۈزمىدىم سىزگە.

ئابدۇللا ساۋۇت



# قىسمەت

(پوۋېست)①

— سامانمۇ نېمە؟ — تولغاناي ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۇرمەسلىككە تىرىشىپ هارۋا ئۈستىدىكى تاغارلارغا قارىدى، — سامانكەنغۇ، نەگە ئاپىرىسەن؟ ساتقىلىمۇ؟ شۇ هالغا چۈشۈپ قالمىغانسەن؟


— ساڭغا ئاپىرىمەن.

تولغاناي هەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. سۇلايمان هارۋىنى هەيدەپ ماڭدى. كەنتكە كىرگەندە ئون نەچچە يەلەن ئۇچرىدى. هەممىسىلا «سامانىنى نەگە ئاپىرىسەن؟» دەپ سورايتتى. سۇلايمان ساڭغا، دەپلا جاۋاب بېرەتتى. سوئال سورىغۇچىلار هەيران بولۇپ قاراپ قېلىشاتتى. كەنت بېغىنىڭ ئۇدۇلىدىكى سېدە تۇۋىدە كىمنىسا بىر سىقىم ئوسمىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى. سۇلايمانىنى كۆرۈپ لىككىدە ئورنىدىن تۇردى.

— سامانمۇ، نەگە ئاپىرىسەن؟ — كىمنىسا بېلىنى تولغاپ كۈلۈمسىرىگىنىچە سۇلايماننىڭ ئالدىغا ئۆتتى، — ساتقىلى ئاپىرامسەن، پۇلۇڭ تۈگەپ قالمىغاندۇ؟

— ساڭغا ئاپىرىمەن.

— ساڭغىمۇ سامان ئاپارغان بارمۇ؟ ئەخمەق. كاللاڭ جايىدىمۇ؟ — كىمنىسا كۈلۈپ كەتتى.




— ۋەزىپەم تۇشمىدى. سامانىمۇ ئۆتكۈزۈپ بېرەي دەيمەن.

— ئۇنداق قىلما، هەرگىز ئۇنداق قىلما، — كىم-

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

ىسانىڭ شوخ كۈلكىسى يوقالدى ۋە سەل جىددىيلىشىپ دېدى، — ھەرگىز بۇنداق ساراڭلىقنى قىلما. ئاكام ئاڭلىسا... ئۇنىڭ خۇي ـ پەيلىنى بىلىسەن، بىكار كۆڭلۈڭ ئازار يەيدۇ. سېنىڭ پۇلۇڭ بار. پۇل بىلەن تۈگەيدىغان ئىشقا بۇنداق تەتۈرلۈك قىلما. جېنىم سۇلايمان، گېپىمنى ئاڭلا، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ خاپىلىق تېپىۋالىسەن.

كەمىنىسانىڭ چىرايلىق سۆزلىرىمۇ، ئەركىلەشلىرىمۇ سۇلايماننىڭ كۆڭلىنى يۇمشىتالمىدى. ئۇ قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا دېدى:

— تەشكىل دېگىنى شۇ سېنىڭ ئاكاڭ، يامىنى كەلسە ئاكاڭ مېنى چارباغدىن، قىشلاقتىن قوغلىۋېتەر. رۇستەمنىڭ ئۆيىنى چاققانغا ئوخشاش مېنىڭ ئۆيۈمنى چېقىۋېتەر. ناھايىتى كەلسە بۇ يۇرتتىن كېتەرمەن.

— مەيلى، ئۆزۈڭ بىل. ئۆزۈڭ بولدى، قېچىپلا يۈردۈڭ. ناھىيىدىن قايتىشىڭدا كىر، ئوخشىتىپ لەغمەن ئېتىپ بېرىمەن. ئوتياشمۇ، گۆشمۇ بار. كىرگىن.

سۇلايمان ئېشەككە قامچا سالدى. چوڭ يولغا چىققاندا ھېچكىم ئۇنىڭغا سامان توغرىسىدا گەپ قىلمىدى. يولدىن ماشىنا، تراكتور، ئېشەك ھارۋىسى ۋە پىيادىلەر ئۆزۈلمەي ئۆتۈپ تۇراتتى. سۇلايماننىڭ ئېشىكى ھەممە ئۆتكۈنچىلەرگە مۆلايىملىق بىلەن يول بوشىتىپ بېرىپ ئۆزى يول چېتىدە ئالدىرىماي قەدەم تاشلايتتى. پات ـ پات بېشىنى بۇراپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ خىتىلداپ قوياتتى. سۇلايمان ئېشەكنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. سۇلايمان نەق ساڭنىڭ دەرۋازىسىغا كەلگەندە توسىلىپ قالدى.

— ئادىشوي، سەن ساراڭمۇ؟ — دەرۋازىۋەن يىگىت ھەم ھەيران بولۇپ ھەم تېرىكىپ ۋارقىراشقا باشلىدى، — بىلەمسەن، بۇ بۇغداي، قوناق، زىغىر، شال سېتىۋالىدىغان يەر بۇ. سامان ئەكېلىپسىنا. بازار كۈنى سامان بازىرىغا ئاپىرىپ سات. قانداق نېمىسەن؟ ھۆكۈمەتنى زاڭلىق قىلىپ...

سۇلايمان خېلى تىرىكەشتى، ئەھۋالنى ئېيتتى. ئامالسىز قالغانلىقى توغرىسىدا ھال ئېيتتى. ئاخىرىدا قىزىرىشتى. ئۇ ھېچ قانداق قىلىپ دەرۋازىدىن كىرەلمىدى. شۇ ئارىدا ئاشلىق ساتقىلى كەلگەن ۋە سېتىپ بولۇپ قايتقان دېھقانلاردىن بىرمۇنچىسى ئولاشتى. ھەممىسى ئۇنى ئەيىبلىگىلى تۇردى.

— بۇ قىلىقىڭ پەقەتلا قاملاشماپتۇ.

— ئەلمىساقتىن بۇيان بولۇپ باقمىغان بىر ئىش ـ تە بۇ.

— بارنى سېتىپ، پەقەت ئامال بولمىغاندا تەشكىلگە ئېيتقۇلۇق.

— قارا ئۇكام، كۈنىگە سەككىز سەردىن قوناق ئۇمىچى ئىچكەن چاغدىمۇ بىز دېھقان خەق چىدىغان. ھازىر دېگەن توقچىلىق جاھان. قوي ـ قوزاڭ باردۇ، بىرەر ـ يېرىمىنى سېتىپ ئاش ئال ـ دە، ۋەزىپەڭنى تۆلەت. ئۇنىڭلىقتا ئۆلۈپ قالمايسەن.

— قايتىپ كەت، ئۇكام، ھېلى باشلىقلار ئاڭلىسا سەت بولىدۇ، دېھقانغا ئاھانەت

كەلتۈرمە.

كىشىلەرنىڭ نەسىھەتلىرى ئاياغلاشماي تۇرۇپلا ئاسماندىن چۈشكەندەك ئىساق شۈجى بىلەن ياقۇپ مۇدىر پەيدا بولدى. ئۇلار ھېچنېمىگە قارىماي ئۇدۇل سۇلايماننىڭ ئالدىغا ئىتتىلىپ كېلىشتى.

ــــ ھەي، ساراڭ پېسى! قارغىننىڭ مېڭىسىنى يەپ قالغان گۆي! نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ ــــ ئىساق شۈجى ئاغزىنى بۇزۇپ تىل سالدى، ــــ چارباغلىقلارنىڭ شەنىنى بۇلغاي دەمسەن؟ ماڭ چاپسان، گۆرۈڭگە قايت!

ــــ قايتمايمەن، نېمە دەيتتىڭ! ــــ سۇلايمانمۇ بوش كەلمەي تەڭ ئۆرىدەشتى، ــــ تۆت مويەرنىڭ بۇغدىيىنى يامغۇر نابۇت قىلدى. چىققان داننىڭ ھەممىسىنى ساتتىم، ۋەزىپەم تۈگىمىدى. ھەر كۈنى قاسساپنىڭ قانجۇقىدەك سو كولداپ كېلىپ، ۋەزىپەڭنى ئورۇنلا، دەپ قىستىدىڭ. نېمىنى ساتىمەن، سامان قالغان، شۇنى ساتماي جاننى ساتايمۇ ئەمىسە!

ــــ ھەي گۆي! سەت پېسى. مېنى قانجۇققا ئوخشىتىۋاتىسىنا؟ مەن قانجۇقمۇ؟ ــــ ئىساق شۈجى دېۋەيلەپ كەلدى. ياقۇپ مۇدىر سالا قىلىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى، ــــ مېنى بىلەمسەن، مەن ئادەم، مەن دېگەن چارباغنىڭ شۈجىسى، مەن سەندەك ئۆكتەم كىسپۇرۇڭلارنى باشقۇرالمايمەنما؟ تولا ئۇششۇقلۇق قىلماي ھارۋاڭنى تارت! بولمىسا ئاسانلا جايلايمەن سېنى...

ــــ قولۇڭدىن كەلسە تاشنى ئېزىپ ماش قىلىۋەت، ــــ سۇلايمان ئالدىغا بىر قەدەم مېڭىۋىدى، ئىساق شۈجى ئىككى قەدەم ئىلگىرىلەپ كەلدى. ئىككىيلەن ياقىلاشتى، ياقۇپ مۇدىر ئوتتۇرىغا كىردى، سۇلايمان پەيلىدىن يانماي دېمەيتتى، ــــ قېنى جايلىغىنىڭنى كۆرۈپ باقاي. سەندەك شۈجىنى، پارتىيە ئەزاسىنى ئىلاھىم! چارباغلىقلارنىڭ قېنىنى شوراپ بولدۇڭ، قىلمىغان ئەسكىلىكىڭ قالمىدى. ھەممە ئادەم بىلىدۇ سېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى. قېنى كېلە نوچى بولساڭ، خەلقى ئالەم ئالدىدا يىغىرىڭنى ئېچىپ، سېسىتىپ رەسۋا قىلمايدىغان بولسام. ھە، ئاتە مۇشتۇڭنى. بۇ گۆن نېمە بولسام مەيلى. يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم!

ياقۇپ مۇدىر ئىساق شۈجىنى تارتقۇشلاپ نېرىغا ئېلىپ كەتتى. ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ساكىنىڭ مۇدىرى يېتىپ كېلىپ ئارىغا چۈشتى. سۇلايمان نەسىھەت بىلەن قايتۇرۇلدى. ئۇ ھارۋىسىنى ھەيدەپ ساڭ دەرۋازىسىدىن يىراقلاشتى. ئۇ چارباغقا قايتماي بازار ئىچى بىلەن مېڭىپ رۇستەمنىڭ دۇكىنى ئالدىغا كەلدى.

ــــ بۇنداق قىلمىساڭ بوپتىكەن، ــــ دېدى رۇستەم ئەھۋالنى ئاڭلاپ ئۆكۈنگەن ھالدا، ــــ بۇغدىيىڭ ئاز چىقسا نېمە بوپتۇ. ناھايىتى كەلسە 60 جىڭ بۇغدايكەنغۇ. مېنىڭ بۇغدىيىمدىن ئاپىرىپ سات. يەيدىغانغا يەنە بۇغداي بار. بولمىسا تامىقىڭ بىزنىڭ ئۆيدىلا بولسۇن، لېكىن كادىرلارنىڭ زىتىغا تەگمە. ئىساق شۈجىنى بىلسەنغۇ. ھېلىمۇ بىز چار باغقا جېنىمىزنى ئاران سىغدۇرۇۋاتىمىز.

سۇلايمان جىم تۇرۇپ تىڭشىدى. ھەر ھالدا رۇستەمنىڭ گېپى ئورۇنلۇق ئىدى. ئىك‍

كىسى ئاشخانىغا كىرىپ غىزالاندى. سۇلايماننىڭ ئاچچىقى خېلى بېسىلىپ قالدى. ئۇ هارۋىسىنى هەيدەپ ئەختەم قارىينىڭ ئىشىكىگە كەلدى. گۈلجامال بىلەن قىزغىن هال سوراشتى.

— ئۆيدىكى ماللارغا سامان ئەكىلىۋېدىم.

— رەھمەت.

گۈلجامال دەرۋازا قاناتلىرىنى ئۇلۇغ ئاچتى. سۇلايمان هارۋىنى هويلىغا كىرگۈزۈپ، سامانىنى سامانلىققا تۆكتى.

— بىزنى پەقەتلا تاشلىۋەتتىلە، — دېدى گۈلجامال سۇلايماننىڭ قايتىشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، — دادام بولمىسا سىلىمۇ كەلمەيدىكەنلا ـ هە.

— ئۇنداق ئەمەس، گۈلجامال. ئىشىم تېخى تۈگىمىدى، كېيىن كېلىمەن. خوش.

سۇلايمان هارۋىسىنى هەيدەپ تۆمۈر چىلىك دۇكىنى ئالدىغا كەلدى. رۇستەم شاگىرتلىرىنىڭ بىرىگە بۇيرۇق قىلدى:

— سەن ئاۋۇ هارۋىنى ئېلىپ بېرىپ بىزنىڭ ئۆيدىن بىر تاغار بۇغداي بېسىپ كېلىپ ساتقىن. تالۇنغا سۇلايمان تەۋەككۇل، دەپ يازدۇر. تېز ماڭ.

دۇكان ئىچى تىنچىق ئىدى. رۇستەم ئوچاقتىكى قىزىق تۆمۈرلەرنى قىسىپ ئېلىپ سەندەلگە قويىاتتى. بولقا، بازغان ئاۋازى دۇكاننى زىلزىلىگە سېلىپ جاراڭلايتتى. يانچىلىۋاتقان تۆمۈردىن چاچرىغان ئوت ئۇچقۇنلىرى ۋىژىلداپ هەر تەرەپكە ئۇچاتتى. سۇلايمان رۇستەمنىڭ كەڭ پېشانىسىگە، قاپقارا قوشۇما قاشلىرىغا، كۈچ ـ قۇدرەت يېغىپ تۇرغان بىلەكلىرىگە ۋە قاۋۇل بەستىگە قاراپ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا ئېچىندى. تولغانئاينىڭ ئۇنى ئەمەس، بەلكى ئاشۇ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، كۈچلۈك هۈنەرۋەن يىگىتنى تاللىغانلىقى گۇناهمۇ؟ سۇلايمان بۇنىڭغا قايىل بولسىمۇ، بىراق كۆڭلىدە هامان تولغانئايدىن نارازى ئىدى. بەرباد بولغان ئارزۇلارنىڭ پۇتمەس ـ تۈگىمەس هەسرىتى گويا ئۇنىڭ قەلبىنى بىر پارچە تۆمۈرگە ئايلاندۇرۇپ، جۇدالىق ئوچىقىدا قىزدۇراتتى. ئازاب سەندىلى بىلەن تەقدىرنىڭ رەھىمسىز بازغىنى ئۇ تۆمۈرنى رەھىمسىزلەرچە يانچىيتتى. ئۇنىڭدىن ئېتىلىپ چىققان ئوت ئۇچقۇنلار سۇلايماننىڭ يۈرىكىدىن تېپچىرەپ چىققان قانلارغا ئوخشايتتى. سۇلايمان دۇكاندا تۇرۇۋېرىپ زېرىكتى. تۆمۈرلەرنىڭ جاراڭلىغان، گۈمۈلدىگەن ئاۋازلىرى ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋەتكەنىدى. ئۇ بىر دىنلا كىمىنسانى ئەسلەپ قالدى. كىمىنسا قايتىشىدا كىرگىن، ئوخشىتىپ لەغمەن ئېتىپ بېرىمەن، دېگەنىدى. بۇ يەردە بولقا بىلەن بازغاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرغاندىن كۆرە كىمىنسانىڭ ئۆيىگە بارغان ياخشى. ئۇنىڭ لەغمىنىدىن كۆرە شوخ كۈلكىسى، نازى كۆڭۈلگە ئارام بېرىدۇ. سۇلايمان ئورنىدىن تۇردى.

— مەن كېتەي ئاداش. بېرىپ خاماندىكى چارنى سوقۇۋېتەي.

— ماقۇل، — دېدى رۇستەم بولقىنى يەرگە قويۇپ، — لېكىن ئىساق شۇجىنىڭ كۆزىدىن يىراقراق يۈر.

قۇياش غەرب ئاسمىنىدا بىر پارچە ئوتلۇق شاردەك يالىلداپ تۇراتتى. سۇلايمان شىپاخانا

قۇرۇلۇش ئورنىغا كېلىپ ئۇستا بىلەن ئىشنىڭ سۈرئىتى ھەققىدە بىر ئاز پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن بازار ئارىلاپ يولىغا راۋان بولدى. چار باغقا يېقىنلاشقاندىن كېيىن چوڭ يولنى تاشلاپ ئېتىزلىقلار ئارىسىدىكى چىغىر يول بىلەن ماڭدى. ئۇ ستەك ياقىلاپ مېڭىپ ئاخىر كەنت بېغىنىڭ ئارقا تەرىپىگە كەلدى - دە، تامدىن ئارتىلىپ باغ ئىچىگە چۈشتى. نامدا كىمنىسا، ئەمەلىيەتتە ئىساق شۇجى ھۆددىگە ئالغان بۇ باغ 6 - 7 مو ئەتراپىدا كېلەتتى. باغدا ئۆرۈك، ئالما، ئامۇت، شاپتۇل - توغاچ، بېھى، ئانار ... دېگەندەك تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆز رەتى بويىچە ئۆسكەن بولۇپ، ھازىر ئۆرۈكلەر پىشىپ تۆكمە بولغانىدى. توختام بويىچە ئىساق شۇجى كەنتكە يىلىغا مىڭ يۈەن تۆلىسىلا بولاتتى. ئەمما، باغنىڭ ئۆرۈك بىلەن شاپتۇل - توغىچىدىنلا 2 مىڭ يۈەن كىرىم بولاتتى. ئىشقىلىپ، ئىساق شۇجى باغدىن ئىبارەت بۇ تۈگىمەس بولاقتىن قانغۇچە سۇ ئىچىپ راھەتلىنەتتى ۋە ھەر يىلى كەك - كۆشادە يەپ، سېتىپ خەجلەپ يەنە بانكىغا مىڭ يۈەن نەق پۇل ئامانەت قوياتتى. سۇلايمان ئۆرۈك قاتارلىرىنى ئارىلاپ ئەگىن ئىشىك ئارقىلىق ھويلىغا ئۆتتى. ھويلا جىمجىت ئىدى. ھويلا دەرۋازىسى سىرتىدىن قۇلۇپلانغانىدى. سۇلايمان ھويلا سەيناسىدا بىردەم ئايلىنىپ يۈردى. ھويلىنى ئۇزۇم بارىڭى چۆمكەپ تۇراتتى. پېشايۋانلىق ئۆي گەرچە بەك ھەشەمەتلىك ياسالمىغان بولسىمۇ، ئىشقىلىپ كەنت بويىچە خېلى ياخشى قورۇ - جاي ھېسابلىناتتى. كىمنىسا مۇشۇ كەڭ، ئازادە قورۇ - جايدا يالغۇز ياشايتتى.

سۇلايمان باراڭ ئاستىدىكى سۇپىغا چىقتى - دە، گۈللۈك تەگلىمات كىگىز ئۇستىگە ئۆ- زىنى تاشلاپ ئۇگدىسىغا سوزۇلۇپ ياتتى. كەنت يولىدا كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ گەپلىرى ھويلىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يولدىن ئۆتكەن ماشىنا ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى. چار باغلىقلار كەنت ئىشخانىسىغا توپلانماقتا ئىدى. ئىساق شۇجىنىڭ غەزەپلىك، غاراڭ - غۇراڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. كىمنىسانىڭ ئۆيى بىلەن كەنت ئىشخانىسى تام تۇتاش بولغاچقا، ۋاراڭ - چۇرۇڭنىڭ ھەممىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەجلىسنىڭ بۇ گۈن چۈشتىن بۇرۇنقى ۋەقە توغرۇلۇق بولىدىغانلىقى سۇلايمانغا ئايان ئىدى. ھېلى كىمنىسا كەلسە ھەممىنى دەپ بېرىدۇ. سۇلايمان كىمنىسانى كۈ- تۈپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى. بىر چاغدا چۈشتىلگەن مايىنىڭ ئاچچىق بۇسى بۇرنىغا ئۇرۇلۇپ ئويغىنىپ كەتتى. ئورنىدىن تۇرغىسى كەلمىدى. كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ ئۇزۇنغىچە خىيال سۈ- رۈپ ياتتى. قىزىتىلغان مايغا تاشلانغان گۆشنىڭ ۋىژىلدىشى، چۆمۈچنىڭ تاراقلىشى ئۇنىڭ خىياللىرىنى ئارىلاشتۇرىۋەتتى. كىمنىسا قورۇلغان سەينى كىچىك كورىغا ئالدى. قازانغا سۇ- قۇيدى. پىلتە قىلىنغان خېمىرنى ئەشتى. ھەربىر كەتتى شۇنچىلىك چاققان، سىيلىق ئىدى. چاچلىرىنىڭ، يەلكىسىنىڭ يېنىك تەۋرىنىشلىرى شۇنچە نازاكەتلىك، يېقىملىق ئىدى. بارماقلى- رىغا ئالمىشىۋالغان خېمىر تاللىرىنى ھەر قېتىم سىلكىپ - سىلكىپ ئاشتاختىغا تار سىلدىتىپ ئۇرغاندا نېپىز، ئاق كوپتىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان كۆكسىلىرى ئۇنىڭ ھەربىر كەتكە ماسلىشىپ تەڭ سىلكىنەتتى.

— ۋاي ... قانداق قىلىپ بۇ گۈن قورقماي كىرگەنسەن ؟ — كىمنىسا ئۇنىڭ ئويغاق

يېتىپ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ سورىدى. سۇلايمان كۈلۈپ قويۇپ يېتىۋەردى. كىمنىسا لەغمەن سوزۇۋېتىپمۇ، قازانغا ئاش تاشلاۋېتىپمۇ توختىماي سۆزلىدى. سۇلايمانغا شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭ ساڭغا سامان ئاپارغانلىقى ناھىيە ئىچىگە تارقالغان، ناھىيە رەھبەرلىرىمۇ بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ دەررۇ كىچىك ماشىنىلىرىغا ئولتۇرۇپ چار باغقا يېتىپ كەلگەن. ئىساق شۇجى، ياقۇپ مۇدىر ۋە باشقا كەنت كادىرلىرى جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ چار باغلىقلارنى كەنت قورۇسىغا توپلىغان. باشلىقلار چار باغلىق دېھقان سۇلايماننىڭ دۆلەتكە ئاشلىق سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنلىماي مۇتىھەملىك قىلىپ، ھۆكۈمەتنى، تەشكىلنى، سىياسەتنى كۆزگە ئىلماي ساڭغا سامان ئاپارغانلىقى چوڭ خاتالىق، دېيىشكەن. بۇ خاتالىقنى تېزدىن تۈزىتىشنى، سۇلايمانغا بولغان سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىشقان. ئاخىرىدا ئىساق شۇجى ئوتتۇرىغا چىقىپ چار باغلىقلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، سۇلايماننىڭ ھۆددىگە ئالغان يەرلىرىنى قايتۇرىۋېلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. قۇددۇس قارىي قاتارلىقلار بۇ تەكلىپنى قوللاپ چۇقان كۆتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ناھىيە رەھبەرلىرى قوشۇلمىغان.

— بىر چاغدا رۇستەم پەيدا بولۇپ قالدى، — دېدى كىمنىسا سۇلايماننىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا بىر تەخسە لەغمەننى قويۇۋېتىپ، — ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا بىر پارچە تالونى ئاكامغا بەردى ۋە سۇلايمان ئاشلىق سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تۈگەتتى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش ئاخىرلاشتى. ئۇھۇش... بولدى، بۇنداق گەپلەرنى قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى، تاماقىڭنى يېگىنە.

كىمنىسا قازان ـ قومۇشلارنى يۇيۇپ ـ يىغىشتۇرۇپ بولغاندا نامازشام ۋاقتى بولۇپ ھويلا قاراڭغۇلاشقانىدى. كىمنىسا سۇلايماننىڭ كېتىمەن، دېگىنىگە ئۇنىماي قولىدىن سۆرەپ مېھمانخانىسىغا ئەكىردى. تېلېۋىزورنى ئاچتى. ئىككىيلەن يانمۇ يان ئولتۇردى. كىمنىسا سۆزلەشكە باشلىدى:

— نەۋاقىتچە مەندىن قېچىپ يۈرىسەن. ئەسلىدىنمۇ قورقۇنچاق بىر نېمىدىڭ زادى، بۇ گۈن يەنە تېخى كېتىمەن دەيسەن. ئولتۇر. كەتسەڭ ئاشۇ چۆل قىشلاققا بارىسەن. يالغۇز ئولتۇرىسەن، تىزىڭنى قۇچاقلاپ ياتىسەن. يىغلاپ قالىدىغان بالاڭ، ئاچ قالىدىغان كالاڭ بارمىدى. يېڭى ئۆيۈڭدە دوستۇڭ ئولتۇردى. تولغانئايىنى قولدىن كەتكۈزىۋەتكەنىڭ ئۈستىگە ئۆيۈڭنىمۇ بەردىڭ. مەيلىغۇ. كونا ئۆيۈڭنى بىر كىم يۆتكەپ كەتمەيدۇ. مانا قارا، مەنمۇ يالغۇزغۇ. ياشلىق دېگەننىچۇ، لايسۇدەك بىكارغا ئۆتكۈزىۋەتسە بولمايدۇ.

كىمنىسا ئەركىلەپ ئۆزىنى سۇر كىڭگىلى تۇردى. سۇلايماننىڭ ياشلىق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تاشتى. كىمنىسانىڭ چاچلىرىنى، بويىنىنى، كۆكسىنى زوق ـ شوق بىلەن سىيلىدى. كىمنىسا پىخىلداپ كۈلگىنىچە ئۇنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ ئولتۇرىۋالدى.

— يۈزۈڭدىكى ھېلىقى بىر نېمىلەر پاك ـ پاكىز يوقىلىپتۇ. خېلى چىرايلىق بولۇپ قاپ-

سەن. ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرۈپ...

كىمنىسا ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىۋالدى، سۇلايمانمۇ قوللىرىنى ئۇنىڭ قولتۇقىدىن ئۆتكۈزدى.

ــ باشقا ئەزالىرىمدىكىمۇ ساقىيىپ بولدى، پەقەت... ــ سۇلايمان تاشقىرىدىن ئىشىكنىڭ چېكىلگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ گېپىنى توختىتىۋالدى. دەرۋازا بارغانسېرى قاتتىق چېكىلىۋاتاتتى، كىمنىسا سۇلايماننىڭ قۇچىقىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى ۋە چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى، بوسۇغا سىرتىدا ئىساق شۇجى بىلەن قۇددۇس قارىي تۇراتتى. كىمنىسا سەل ھودۇقۇپ تۇرۇپ:

ــ ھە، ئاكا، ئۆ... ئۆيگە كىرىلى، ــ دېدى.

ئىساق شۇجى قارىيغا يول بېرىپ ئارقىدىن كىردى. سۇلايمان ئىساق شۇجى بىلەن قۇددۇس قارىينى كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى. ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ چەتكە ئۆتتى. كىمنىسا مېھمانلارغا كۆرپە سالدى، ئۇ چەيلەن ئولتۇرۇپ بولغاندا قۇددۇس قارىي دۇئاغا قول كۆتۈردى.

ئىساق شۇجى سۇلايمانغا مىختەك تىكىلىپ تۇراتتى. چىرايى ئۆڭۈپ كەتكەنىدى. كىمنىسا سۇلايماننىڭ لاغىلداپ تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىپ كۆز قىرىدا ئىشارەت قىلدى. بۇ ئاكام ماۋۇ قارىينىڭ ئالدىدا ساڭا قاتتىق بىر نېمە دېيەلمەيدۇ، قورقما. دېگەن مەنىدىكى ئىشارەت ئىدى. بىر مىنۇتلۇق جىملىقتىن كېيىن قۇددۇس قارىي ئېغىز ئاچتى:

ــ بىر تۇل ئايالنىڭ بۇنداق كېچىدە ياتباش ئەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇشى نامەھرەمدۇر، شۇجى، نامەھرەم دېگەنلىك گۇناھ دېگەنلىكتۇر.

ــ ئېيتقانلىرى دۇرۇس، قارىم، ــ ئىساق شۇجى سۇلايمانغا لاپپىدە قاراپ قويدى، ــ لېكىن بۇ بالا سىڭلىمدىن كىچىك، ئىنىسىدەكلا بار، گۇناھمۇ بولماس. كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا.

ــ شۇنداقتىمۇ ئەر يەتكەن بالا ـ دە، بۇرۇتلىرىنى كۆرمىدىلىمۇ ئۇنىڭ. ۋاللاھۇ ئەئلەم، شەيتاننىڭ دامىدىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن ئاللا!

كىمنىسا داستىخان سېلىپ نان، چاي كەلتۈردى. ئىساق شۇجى قۇددۇس قارىينى مەزگەتە كىلىپ قىلدى.

ــ خېنىم، ــ قۇددۇس قارىي تەكلىپنى ئاڭلىمىغاندەك كىمنىساغا بۇرۇلۇپ دېدى، ــ سىلى مۇسۇلمان بالىسى، شۇجىيىمىزنىڭ جان ـ جىگەر قېرىندىشى، خۇدايىم كۆڭۈللىرىگە ئىنساب ـ تەۋپىق بەرسۇن. ئاۋۇ شەيتاننىڭ ساندۇقىنى ئېتىۋەتسىلە. زوۋانى ئۆچسۇن. خېنىم ئاشۇنىڭدىن چىقىدىغان بۇت ـ سەنەملەرنى كۆرمىسىلە. شۇنىڭ ئورنىغا قۇرئان سۈرىلىرىدىن بىلگەنلىرىنى ئوقۇسىلا، بىلمىسىلە ئۆگەنسىلە. بۇنىڭ ساۋابى ھەددى ـ ھېسابسىز بولىدۇ.

كىمنىسا قۇددۇس قارىينىڭ بۇيرۇق، نەسىھەتلىرىگە پەرۋامۇ قىلىپ قويمىدى. پەقەت تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى سەل ـ پەل پەسەيتىپ قويدى. خالاس. قۇددۇس قارىي بىر ـ ئىككى قېتىم گېلىنى قىرىقىپ قويۇپ بىر بۇردا ناننى ئاغزىغا سالدى. ئىساق شۇجى سۇلايمانغا ھومىيىپ

قارايتتى. ئۇ قارىينىڭ ئالدىدا سىڭلىسىنى ئاقلاشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ئاچچىقىنى بېسىپ ئولتۇراتتى. سۇلايمان شۇنى پەملىدىكى، ئىساق شۇجى قارىينى مەلۇم مەقسەت بىلەن باشلاپ كىرگەن، ئەمما بۇ يەردە سۇلايماننىڭ بولۇشى ئۇنىڭ پىلانىنى بۇزۇۋەتكەنىدى. شۇڭا، سۇلايمان قايتىشقا ئالدىرىدى. ئۇنىڭغىچە قۇددۇس قارىيمۇ دۇئاغا قول كۆتۈردى. سۇلايمانمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئۇزاپ چىقتى.

ۋاقىت خۇپتەندىن ئۆتكەنىدى. قويۇق سۇۋادان تېرەكلەر يولنى قاراڭغۇلاشتۇرىۋەتكەن بولۇپ، سۇلايمان دەككە ـ دۈككىدە ئالدى ـ ئارقىسىغا قاراپ قەدەم تاشلايتتى. ئۇ پارچە سايىدا كېتىۋېتىپمۇ ۋەھىمىدىن خالىي بولالمىدى. كەينىگە ھەر بىر قارىغىنىدا گويا ئىساق شۇجى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنىپ تېنى شۈركىنەتتى. ئۇ كىمنىسانىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپلا ئىت قوغلىغاندەك يۈگرەشكە باشلىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ كەينىدە ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن قەدىمىنى ئاستىلاتتى. تاش ئېرىقنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ دېمىنى ئالدى. يىراقتىن ئۇنىڭ قىشلىقى قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ساسلىقتىكى پاقىلارنىڭ كۇر كىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ يەنە خىيال سۈرۈپ كەتتى. ئىساق شۇجى سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە قۇددۇس قارىينى نېمىشقا باشلاپ كىردى؟ توغرا، كىمنىسانى قارىيغا بەرمەكچى. شۇجىمۇ تازا ئۇچىغا چىققان كاززاپ بىر نېمە ـ دە. ئۇنىڭ ئابرويي قازىنىمەن دەپ نامازخان بولىۋېلىشى، قۇددۇس قا- رىينى ھەدەپ ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشى، مەسچىتنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزى باش بولۇشى، ئۆشرە ـ زاكات، ئىئانە يىغىشى... ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؟ ئۇ بىر پارتىيە ئەزاسى، ياچېيكا شۇجىسىغۇ! باشلىقلار تېخى ئۇنى «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. يىغىنلارغا چاقىرىدۇ، مۇكاپات بېرىدۇ! پارتىيە شۇنداق ئادەملەرنى ئۆزىگە ئەزا قىلىدىكەن ـ دە. ناھىيە باشلىقلىرى ئۇنىڭ ئىشلىرىنى بىلمەمدىغاندۇ؟ قانۇن ئۇنىڭ رۇستەمنىڭ ئۆيىنى بۇزدۇرۇۋەتكەنلىكىنى نېمە ئۈچۈن سۈرۈشتۈرمەيدۇ؟ بىر نەچچە ساقچى كەلدى، كەتتى، ئاخىرىدا ئۇلارمۇ جىمىپ كەتتى. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ دەرۋەقە ئۇنىڭغا ھەممە يەردە يانتاياق بار، شۇڭا ئۇ قورقمايدۇ.

ياشلىقىڭ ـ پاشالىقىڭ،
ھەر تەرەپتىن گۈل كېلۇر.

كەنت تەرەپتىن ئاڭلانغان ناخشا ئاۋازى سۇلايماننىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ چۆچۈپ قۇلاق سالدى. كىمنىسا ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتاتتى.

تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن،
سېنىڭ قېشىڭغا كىم كېلۇر.

سۇلايمان ئورنىدىن تۇرۇپ كىمنىسانىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

— كېلىپسەنغۇ؟

— كەلدىم، كەلسەم نېمە بوپتۇ؟ — كىمنىسا سۇلايماننىڭ دولىسىغا قولىنى قويۇۋالدى، — راستىنىلا بەغەرەز نېمىكەنسەن. ئاۋۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قايتىپ كىرسەڭ بولمامتى؟ سېنى كىرىدۇ دەپ ساقلاپ ئولتۇرۇپتىمەن. كىرمىدىڭ. ئاندىن بۇياققا قاراپ ماڭدىم.

— ئاكاڭدىن قورقتۇم، — سۇلايمان سەل جۈرئەتلىنىپ كىمنىسانىڭ بېلىدىن تۇتىۋالدى. ئىككىيلەن بىر - بىرىگە سۈر كىشىپ ئاستا مېڭىشتى، — ئاكاڭ كەينىمدىن قوغلاپ كېلىپ ئۇرىدىغاندەك تۇيۇلدى. كۆزىگە بىر يامان كۆرۈنۈپ قالغان كىشىنى يانپاشقا ئالماي قويمايدۇ. مېنى سېنىڭ ئۆيۈڭدە كۆرۈپ قالغىنى تېخىمۇ چاتاق بولدى. رۇستەمنى جايلىغاندەك...

— ئەخمەق بولما. ئاكام باشقىلارنىڭ ئالدىدا ۋارقىرىغان بىلەن مېنىڭ ئالدىمدا ئۇنداق قىلالمايدۇ. كېيىنكى قېتىم بەرگەن تىللارىڭنى ئاكامغا بەرگەن. سۇلايمان بەردى، دېمىسەممۇ، ئاكام ئۇنى ماڭا كىمنىڭ بەرگەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇندىن كېيىن قاچان كۆڭلۈڭ تارتسا ئۆيۈمگە كىرىۋەر، ئاكامدىن قورقما، — كىمنىسا تۇيۇقسىز توختاپ قالدى، — ۋاي توۋا، ساڭا ئەگىشىپ مېڭىۋېرىپتىمەن. مەن سېنى قايتۇرۇپ ئەپكەتكىلى كەلگەن، كەينىمىزگە يانايلى، يۈر.

— ياق، كىمنىسا، بۇنداق كېچىدە سۆرۈشۈپ يۈرسەك قانداق بولىدۇ؟ مېنى كەتكىلى قوي، ئەنە قىشلاققا يېقىنلاپ قالدىم.

— ئەمىسە مەنمۇ ئۆيۈڭگە باراي. قىشلاق تىنچ، يالغۇز ئۆيۈڭگە كىم كېلەتتى.

بۇ گەپ سۇلايمانغا خۇش ياقتى، ئىككىيلەن بىر - بىرىگە يېقىن مېڭىپ قىشلاققا قاراپ كېتىشتى.

يازنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى.

ھويلا بىلەن باغنى ئايرىپ تۇرغان پاكار تام ئۈستىگە تىزىلغان تەشتەكلەردىكى گۈللەردىن تارالغان خۇش بۇي ھىد ھاۋاغا ئارىلىشىپ ھويلىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. گۈلجامال ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، ھويلا - ئارامنى سۇ سېپىپ سۈپۈردى. ئۆي ئىچىنى يىغىشتۇردى. ناشتىلىق ئۈچۈن سۈت پىشۇردى. ئاۋۋال ئانىسىغا سۇتلۇك چاي ئەكىردى، ئاندىن پېشايۋان سۇپىسىغا داستىخان سالدى، سۇلايمان سۈت ئىچمەيتتى. گۈلجامال ئۇنىڭغا شۇنداق تەكلىپ بېرىپ پەرز تۇتۇشنى بەلگىلىگەنىدى. گۈلجامال ئۇنىڭغا دورا - دەرمەك سېلىپ چاي دەملىدى.

سۇلايمان ھويلىدا خىيال سۈرگەچ تام ئۈستىدىكى گۈللەرنى تاماشا قىلدى. گۈل بەر - گىلىرىدىكى شەبنەملەر گويا گۈلجامالنىڭ بويىنىدىكى مەرۋايىت دانىلىرىدەك يالتىراپ تۇراتتى. سۇلايمان بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ دالان ئارقىلىق تاشقارقى ھويلىغا ئۆتتى. ئېشەكنى ھارۋىغا قاتتى، يېتىلەپ چىقىپ دەرۋازا ئالدىدىكى ئۈجمىگە باغلىدى ۋە گۈلجامالنىڭ چىقىشىنى كۈتتى. ئالدىنقى كۈنى گۈلجامال بىر ئاز چۈچۈكبۇيا يىلتىزى يىغىۋېلىشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندا سۇلايمان: «بىزنىڭ قىشلاقتا بار، مەن كولاپ كېلەي» دېگەنىدى. گۈلجامال شۇ ھامان: «يېقىنكەن، ئۇنداقتا مەنمۇ باراي» دېدى. سۇلايمان «سىلە ئاۋارە بولمىسىلا، ئۆزۈم ئەكېلەي»

دېۋېدى، گۈلجامال قاشلىرىنى تۈرۈپ: «ساپالتۇ، نېمۇ بىللە بارغانىدىمغۇ، سىلىنىڭ قىشلاقنى كۆرۈپ كەلسەم يامان بولماس» دېدى. سۇلايمان بۇ گەپكە قارشىلىق بىلدۈرەلمىدى. ئۇ گۈلجامالنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇشىنى نېمىشقا خالىمىسۇن. گۈلجامالنىڭ ئاشۇ گەپنى دېگەن چاغدىكى ئاۋازىدا روشەن ئىپادىلەنگەن ئىستىھزا سۇلايماننى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەنىدى. مانا بۇ گۈن ئۇلار قىشلاققا بىللە بارماقچى. گۈلجامال ياسىنىپ ـ تارىنىپ چىققاندا سۇلايمان ئۇنىڭ ئالتۇنگۈل بەرگىدەك قىزارغان مەڭزىلىرىگە، سەھەر ھاۋاسىدا تۇ گۈلگەن غۇنچىدەك كىچىك، نازۇك لەۋلىرىگە، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە ھاڭۋاققىنىچە قاراپ قالدى. يۈرىكىدە ئوتلۇق بىر سېزىم پەيدا بولدى، گۈلجامال قارا سارجا كاستۇم ـ يوپكا، قارا پايپاق كىيىپ، قاپقارا چاچلىرى ئۈستىگە مارجان دوپپا قوندۇرۇۋالغانىدى. توىغا بارىدىغاندەك ياسىنىۋاپتۇ، جاڭگالغا بارىدىغانلىقى ئېسىدە يوقمىدۇ. سەھرادىكى توپا ـ تۇمان ئارىسىدا بۇ قىز نېمە بولۇپ كېتەر كىن. سۇلايمان ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى يېشىپ قولىغا ئالدى. گۈلجامال ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇردى. ئەختەم قارىي ھاجى مەسچىتتىن قايتقانىدى. يولدا گۈلجامالنى، سۇلايماننى كۆرۈپ توختىدى.

سۇلايمان ھارۋىدىن چۈشتى. ئەختەم قارىي ھاجى ئۇنىڭ قوللىرىنى ئىككى ئالقىنى ئارىسىغا ئېلىپ قىستى، كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇراتتى.

ــ يول بولسۇن باللىرىم.

ــ خوش دادا.

ــ خوش قارىي ھاجىم.

ئېشەك ھارۋىسى بازار ئىچىدىن ئۆتتى. چارباغ تەرەپكە بارىدىغان چوڭ يولغا بۇرۇلغاندا گۈلجامال:

ــ دادام سىلىنى ئۆز ئوغلىدەك ياخشى كۆرىدۇ، ــ دېدى كۈلۈپ.

ــ شۇنداق، ــ دېدى سۇلايمان خۇشال كەيپىياتتا، ــ قارىي ھاجىم مېنىڭ ئۆز دادامدەك كىلا.

شۇ سۆزدىن كېيىن ھەر ئىككىيلەن جىم بولۇپ قېلىشتى. ئېشەك يورغىسىنى بۇزماستىن بىر خىل قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى. نوقتىسىنىڭ ھەر قايسى تۇ گۈنلىرىگە ئېسىلغان تۇچ كولدۇرمىلار تىنىمسىز تەۋرىنىپ زىل سادا چىقىراتتى. سۇلايمان ئاشۇ سادالارنىڭ يېقىملىق ئاھاڭغا تەككەش بولغاندەك جىمجىت ھالدا ئەسلىملەر قۇچىقىغا كىرىپ كەتتى.

ئەختەم قارىي ھەج سەپىرىگە مېڭىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا شىپاخانا پۈتتى. سۇلايمان توختام بويىچە ئۈستىغا تېگىشلىك بولغان پۇلنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى بېرىپ ھېساب ـ كىتابنى ئۈزدى. شىپاخانا پىششىق خىش بىلەن سېلىنغان بەش ئېغىزلىق ئۆي بولۇپ، 32 مىڭ يۈەن پۇل بىلەن پۈتكەنىدى.

گۈلجامال ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ، كارىدوردا ئۆيان ـ بۇيان مېڭىپ تام، دېرىزە، ئىشىكلەرگە سىزىلغان ھەر خىل شەكىللەردىكى ئويما، قاپارتما، سىزما نەقىشلەرگە تويماي قاراپ

ھاياجىنىنى باسالمايلا قالدى، ئۇنىڭ چىرايى گۇلدەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

ـــ ئاھ، دادام كەلسە، بۇ چىرايلىق ئۆيلەرنى كۆرسە!

ـــ دادىلىرى ئەتە ـ ئۆگۈن كېلەرمىش، ـــ دېدى سۇلايمان باشقىلاردىن ئاڭلىغان خەۋەرگە ئاساسەن، ـــ ئالدىغا بارساق بولاتتى.

گۇلجامال شادلىق، سېغىنىش ھېسسىياتىغا چۆمۈلگەن ھالدا سۇلايمانغا ئوتلۇق نىگاھ تاشلىدى.

ـــ ئاغزىلىرىغا ناۋات! ۋاقتى ـ سائىتى كەپتۇ ـ دە. ئۇنداقتا مەن شەھەرگە بېرىپ دادامنىڭ كېلىشىنى كۈتەي.

سۇلايماننىڭ تالىقىدا شېرىن بىر سۆيۈملۈك پەيدا بولغاندەك غۇرتتىدە قىلىپ تۇكۈرۈكىنى يۇتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا گۇلجامال راستىنلا ئاغزىغا ناۋات سېلىپ قويغاندەك تۇيۇلغانىدى.

ـــ مېنىڭچە... مەن... ـــ سۇلايمانمۇ ھاياجانلاندى، ـــ شەھەر گىچە ئەمەس، خونجىراپقىچە...

گۇلجامال تېگىرقاپ تۇرۇپ قالدى. خونجىراپقىچە بېرىش ئۇنىڭ ئۇچۇن يەتتىنچى ئاسمانغا چىققانلىق بىلەن ئوخشاشلا قىيىن ئىش ئىدى. تاموژنا ئاپتوبۇسلىرى قاتناپ تۇرىدىغان بولسىمۇ، گۇلجامال تاموژنىنىڭ نەدىلىكىنى، ئاپتوبۇسنىڭ قاچان، قايسى كۈنى قاتنايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دادىسىنىڭ قاچان، قايسى كۈنى خۇنجىراپقا كېلىدىغانلىقىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى. گۇلجامال سۇلايمانغا يەنە بىر قېتىم ئۈمىدلىك نىگاھىنى تاشلىدى.

ـــ خونجىراپقىچە ئالدىغا بارىمىز، ـــ دېدى سۇلايمان كەسكىن قىلىپ، گۇلجامال ھەيران بولۇپ:

ـــ بارىمىز دېدىلىمۇ، ھەر ئىككىمىز... ـــ دېدى.

ـــ خالىسىلا.

گۇلجامال ۋىللىدە قىزاردى، نازۇك لەۋلىرى تىترىدى، كۆزلىرى ئوتتەك ياندى. بۇ ئوتنىڭ ئارقىسىدا بىر مۇھەببەت داستانى يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. ئەمما سۇلايمان بۇ مۇھەببەت داستانىنى ئوقۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

سۇلايمان شۇ كۈنىلا گۇلجامال بىلەن قەشقەرگە باردى. ياشقىنا بىر تاكسى شوپۇرىنى تېپىپ خونجىراپقا بېرىپ ـ كېلىش كىراسىنى 350 يۈەنگە پۈتۈشتى.

جۇڭگو ـ پاكىستان چېگرىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان خونجىراپ ئېغىزى ئېگىز تاغلار ئۈستىگە جايلاشقانىدى. بىر كۈن ئىچىدە ھاۋا كېلىماتى نەچچە خىل ئۆزگىرىپ تۇراتتى. ھەج تاۋاب قىلغۇچىلارنىڭ قايتىشىغا ئۇلگۇرۇپ چىققان قەشقەرلىك، ئاتۇشلۇق ئاشپەز، قاسساپلار چېدىر تىكىپ، ئوچاق، قازان ـ قومۇشلىرىنى تەق قىلىشقانىدى. يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان

بۇنداق ياخشى پۇرسەتتە ئۇلار بىر قاچا لەغمەننى 7 ـ 8 يۈەنگە، بىر كىلوگرام قوي گۆشىنى 25 يۈەنگە سېتىپ بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا خېلى جىق پايدىغا ئېرىشەتتى.

سۇلايمان بىلەن گۈلجامالنىڭ كەلگىنىگە ئىككى سائەت بولدى. شۇ‌ئىر غانىنىڭ ۋىژىلدىغان ئاۋازى ئۇمۇمىي گۈر كىرەشكە ئايلىنىپ كۆ كۈلگە ۋەھىمە سالاتتى. سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى. سۇلايمان ئېلىۋالغان قېلىن جۇۋىنى گۈلجامالغا كىيگۈزۈپ قويغانىدى. سۇلايمان دۈگدىيىپ ئولتۇراتتى، سوغۇقتىن جالاقلاپ تىترەيتتى. شوپۇر يىگىت ماشىنىسى ئىچىدە مۈگدەپ ئولتۇراتتى. كېچە سائەت 2 دە پاكىستان تەرەپتىن ئۈچ ئاپتوبوس تاموژنا بىناسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى، ئاتا ـ ئانىلىرىنى، تۇغقانلىرىنى كۈتۈۋېلىشقا كەلگەن كىشىلەر ئاپتوبۇس تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ باردى. ئەمما تاموژنا خادىملىرى توسۇۋېلىپ ھېچكىمنى ئۆتكۈزمىدى. تەكشۈرۈش رەسمىيەتلىرى تۈگىگەندىن كېيىن چامىدان، خالتا، تاغارلارنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ھاجىلار قاتارىدا ئەختەم قارىيمۇ كۆرۈندى.

ــــ دادا! دادا!

ــــ ھاجىم! قارىي ھاجىم!

گۈلجامال دادىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. سۇلايمان سوغۇقتىن مۈزلاپ ـ تىترەپ ئاران دەسسەپ تۇرغان ئەختەم قارىي ھاجىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. ئەختەم قارىي ھاجى قىزىنىڭمۇ، سۇلايماننىڭمۇ شۇنچە يىراق يولنى بېسىپ ئالدىغا كېلىشىنى ئەسلا كۈتمىگەنىدى.

ــــ قىزىم، جېنىم قىزىم، ئوغلۇم سۇلايمىناخۇن.

ئەختەم قارىي ھاجى باشقا گەپ قىلالمىدى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھاياجان كۆز ياشقا ئايلىنىپ ئېتىلىپ چىقتى. سۇلايمان ئەختەم قارىي ھاجىنى چېدىر غا يۆلەپ ئەكىردى. قاسساپتىن ئۈچ كىلو گۆش ئېلىپ ئاشپەزگە پىشۇر غۇزدى. ھاجىنى، شوپۇرنى غىزالاندۇردى. ئۇلار يولغا چىققاندا سۈبھى ئاقىرىشقا باشلىغانىدى.

ئەختەم قارىي ھاجى شىپاخانىنى كۆرگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ھۆر كىرەپ يىغلىۋەتتى. بىر نەچچە كۈنگىچە يېشى قۇرىمىدى. كېچىلىرى جايناماز دا ئولتۇرۇپ قۇرئان تىلاۋەت قىلاتتى. ھەر بىر سۈرىنى ئوقۇپ تۈگەتكەندە ئورنىدىن تۇرۇپ قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ بۇقۇلداپ يىغلايتتى. سۇلايماننىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ دۇئا قىلاتتى. خۇدادىن سۇلايماننىڭ كېيىنلىكە شىپالىق تىلەيتتى. دادىسىنىڭ سۇلايمانغا بولغان يۈكسەك دەرىجىدىكى ھۆرمەت ـ ئىخلاسىدىن تەسىرلەنگەن گۈلجامال سۇلايماننى تېخىمۇ ھۆرمەتلەشكە باشلىدى.

ــــ سۇلايمان.

سۇلايمان چۆچۈپ يېنىغا قارىدى. ئۇ باياتىن بېرى ھارۋا ئۇستىدە ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرغان گۈلجامالنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقار غانىدى.

ــــ ھە! ــــ سۇلايمان ئەندىكىپ جاۋاب بەردى ۋە گۈلجامالغا بۇرۇلۇپ قارىدى، ــــ ھە، باياتىن بېرى مەن...

— شۇنداق، باياتىن بېرى بەكلا جىمىپ كەتتىلە. يولدا ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ تولىسى ئىككىمىزگە ھەيران بولۇپ قارىشىپ قېلىشتى. چار باغلىقلار ئاجايىپكەن. كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىزگە قاراپ ياقىسىنى تۇتۇشۇپ بىر نېمىلەرنى دېيىشتى. تووا خۇدايىم...

— ھېچ گەپ يوق، — دېدى سۇلايمان، — ئۇلار مېنىڭ بىر قىز بىلەن بىللە ماڭغىنىمنى كۆرۈپ باقمىغان. شۇڭا...

— سىلىنىڭ بۇ يۇرت خويمۇ چىرايلىقكەن. يوللىرى، ئېتىز - ئېرىقلىرى شۇنچىلىك رەتلىك، ئورمانلىرى، باغلىرى كۆپ ئىكەن.

— شۇنداق، چارباغ چىرايلىق يۇرت. دادام ھايات ۋاقتىدا ھەمىشە « غېرىب - سەنەم » داستانىنى ئوقۇپ بېرەتتى. دادام تېخى « شاھ ئاباسخان قىزى سەنەمجانغا ئاتاپ چاھار باغ ياساتقانىكەن. يۇرتىمىزنىڭ ئىسمىمۇ چارباغ. كىم بىلىدۇ، شاھ ئاباسخان بەلكى مۇشۇ يۇرتتا تەخت قۇرۇپ دەۋران سۈرگەن بولغىيدى. سەنەمجانمۇ ئاشۇ باغلاردا كېنىزەكلىرى بىلەن بىللە تاماشا قىلىشىپ، غېرىب بىلەن بىللە ناخشا - قوشاق، بېيىتلارنى ئېيتىشىپ يۈرگەن بولغىيدى » دەيتتى.

— ھا... ھا... ھا... — گۈلجامال ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ كۈلدى، — سىلىزە گەپكە ئۇستىكەنلا. قارىسىلا، كۆڭلۈمگە كەلگىنىنى ئېيتاي. ئۆزلىرىمۇ چارباغلىق، بەلكىم توي قىلىدىغانغا پۈتۈشكەن مەشۇقلىرى، سەنەمجانلىرى باردۇر - ھە؟

سۇلايماننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. يۈزى، قۇلاقلىرى شەلپەردەك قىزاردى. تولغانئاينىڭ كۆپكۆك كۆزلىرى، سېرىق چاچلىرى، زىبا قامىتى كۆز ئالدىدىن غىل - پال ئۆتۈپ كەتتى.

— مېنىڭ سەنىمىم يوق، مەن يېتىم، يىگانە، كەمبەغەل بىر ئادەم.

— ھا... ھا... ھا! — گۈلجامال يەنە قاتتىق كۈلدى. بۇ قېتىمقى كۈلكىسى سۇلايماننى تېخىمۇ قاتتىق ھودۇقتۇرۇۋەتتى.

سۇلايمان گۈلجامالنىڭ سۇئالىغا تولۇق، قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭ نەدە سەنىمى بولسۇن؟ سۇلايمان تاياقنى ئېشەكنىڭ سۆڭگىچىگە نىقتاپ قويۇۋېدى، ئېشەك چېپىپ كەتتى. يىراقتىن ئىساق شۇجىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىتىلغان پىكاپ كۆرۈندى. شۇجىنىڭ ئۆيىگە باشلىقلار كەلگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى سۇلايمان. كىمنىسامۇ بەلكىم مېھمانلارنىڭ ئالدىدا نايناقلاپ يۈرگەندۇ. ئېشەك ھارۋىسى يېقىنلاپ كەلگەندە دەرۋازىدىن تۆت كىشى چىقتى. ئۇلارنى كۆرۈپ سۇلايماننىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى. ئۇلار ساقچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەن بولۇپ، راسا ئىچىپ كەيىپ بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار ھارۋىدا ئولتۇرغان گۈلجامالغا ھېجىيىپ، تىكىلىپ قارىشاتتى. سۇلايمان يېقىندىن بۇيان ج خ ئىدارىسىنىڭ چارباغقا ئادەم ئەۋەتىپ رۇستەمنىڭ ئۆيى توغرىسىدىكى ئەنزىنى قايتا تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۇققانىدى. ئىش ئوخشاپتۇ - دە، — ئۇ ئۆز - ئۆزىگە

پىچىرلىدى، ــ دېلو تەكشۈرگۈچى ساقچى جاۋابكارنىڭ ئۆيىدە هاراق ئىچىپ ئەيش ـ ئىشرەت قىلسا توۋا...

ئېشەك هارۋىسى پارچە سايدىن، ساسلىقتىن ئۆتتى. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە دانىش ئۆيدىن چىقتى. ئۇ چىرايلىق ياسىنىۋالغان گۈلجامالنى كۆرۈپ، سۇلايمانغا قاراپ هىجىيىپ قويدى. گۈلجامال هارۋىدىن چۈشتى ـ دە، ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ دەرەخ، يانتاق، يۇلغۇن، چۇچۇكبۇيا بىلەن بېزەلگەن قىشلاقنىڭ گۈزەل قىياپىتىگە بىر ـ بىرلەپ نەزەر سېلىپ چىقتى.

ــ ئەجەپمۇ خىلۋەت، هاۋالىق يەركەن بۇ! ــ گۈلجامال قارىغانسېرى تېخىمۇ مەھلىيا بولۇپ، هارۋا تۇرغان جايدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتتى.

ــ پەمىڭ باركەن، مانا ئاخىرى ئىلكىڭگە ئاپسەن، ــ دانىش ئېشەكنى هارۋىدىن چىقىرىپ باغلاۋېتىپ سۇلايمانغا قاراپ بوش ئاۋازدا دېدى، ــ لېكىن بۇ كونا ئۆيگە ئەمەس، ئاۋۇ يېڭى ئۆيگە باشلىساڭ بولاتتى.

ــ رۇستەمدىن خەۋەر بارمۇ؟ ــ سۇلايمان گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى.

ــ ئۈرۈمچىگە ئەرز قىلغىلى كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم.

سۇلايمان ئېغىر خورسىندى، رۇستەم ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلماي جىممىدىلا يوقاپ كەتكەنىدى.

گۈلجامال كەينىگە ياندى.

ــ بۇ قىشلاقتا ئىككىلا ئائىلە باركەن ـ هە، ئاۋۇ ئۆي كىمنىڭ؟ يېڭىدىن ساپتۇ ـ هە، ــ گۈلجامال يېڭى ئۆيگە قىزىقتى ۋە ئۆزى كىرمەكچى بولغان ئۆيگە ياراتمىغاندەك بىر نەزەردە قاراپ قويدى.

ــ ئۇمۇ مېنىڭ ئۆيۈم، بۇ يىل ئەتىياز پۈتكەنىدى. رۇستەمنى بىلىلا، سىلىنىڭ كوچىدىكى تۆمۈرچى، شۇنىڭغا بېرىۋەتكەنىدىم.

ــ سىلە مۇشۇ زامانىنىڭ هاتەمگىلا ئوخشايلا. ئەمدى ماۋۇ ئۆيلىرىنى دانىشقامغا بېرىۋەتسىلە. بۇ كىشى سىلىگە تەۋە يەر، ئورمانلارنى باشقۇرىدىكەن، خۇددى غوجىدارغا ئوخشاش.

ــ غوجىدار، توغرا دېدىلە، دانىشۋاي بولمىسا مېنىڭ قىشلىقىم زەي، شور ئاستىدا قالىدۇ. لېكىن ئۆينى بېرىۋەتسەم، مەن نەدە ئولتۇرىمەن؟

ــ توۋا، تېخىچە بىلمەملا؟ سىلە بىزنىڭ ئۆيدە ئولتۇرىلا، ــ گۈلجامال ئالدىراپ ئاغزىدىن چىقىرىۋەتكەن سۆز ئۈچۈن ئۇيۇلۇپ يەرگە قارىۋالدى. ئۇ ئاشۇ گەپ بىلەن سۇلايماننىڭ بۇندىن كېيىنكى تەقدىرى، ئىستىقبالى توغرىسىدا ئېنىق بېشارەت بېرىپ، ئۆزىنىڭمۇ سۇلايمانغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى جاكارلىغانىدى. سۇلايماننىڭ تىلى كالۋالىشىپ بىر مىنۇتقىچە زۇۋان سۈرەلمەي سۈكۈتتە تۇرۇپ قالدى.

ــ ئۆيگە كىرىلى، ــ دېدى ئاخىرى.

ئۆينىڭ بىساتلىرى ئاددىي، كونا، كۆرۈمسىز بولسىمۇ، هەر هالدا پاكىز ئىدى. گۈلجامال

مېھمانخانا ئۆيىنىڭ تۆرىدە — كۆرپە ئۈستىدە قورۇنۇپقىنا ئولتۇردى. سۇلايماننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن دانىش تولغانئايىنى، ئانىسى مارىيەنى باشلاپ كىردى. مېھمانلار كۆرۈشۈپ ھال - ئەھۋال سوراشتى. دانىش غىپپىدە چىقىپ كېتىپ بىر ھازادىن كېيىن بىر پاقلاننى يېتىلەپ كىردى. مېھمانلاردىن دۇئا ئېلىنىپ پاقلان سويۇلدى.

مارىيە تۈنۈگۈن قىزىنى يوقلاپ كەلگەنىدى. سۇلايماننىڭ يېڭى ئۆيىنى كۆيئوغلى بىلەن قىزىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ كونا ئۆيىدە ئولتۇرغانلىقى مارىيەنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن بولسىمۇ، چىرايلىق بىر قىزنى باشلاپ كېلىپ كۆز - كۆز قىلغانلىقى ئۇنى قاتتىق ئۇيالدۇردى. ئۇ گۈلجامالغا پات - پاتلا تىكىلىپ قاراپ قوياتتى. گۈلجامال مېھمانلاردىن قورۇنۇپ يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. مارىيە سۇلايمانغا مۆل - مۆل قاراپ توختىماي ياشلىرىنى سۈرتەتتى. ئۇنىڭ ئۈنسىز ئۆكسۈشلىرىدە سۇلايماننى كۆيئوغۇل قىلالمىغىنىغا چەكسىز پۇشايمان يەۋاتقانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ، قىزىنىڭ بېشىغا كۈلپەت چۈشكەندە سۇلايماننىڭ ياخشىلىق قىلغانلىقىغا بولغان چەكسىز مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بار ئىدى. ئاز ئۆتمەي گۈلجامالنىڭ قورۇنۇشلىرى تۈگىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ قەددىنى تىك تۇتۇپ مەغرۇر ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە تولغانئاينىڭ چىرايى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ بوۋىقىنى باغرىغا بېسىپ، يەرگە تىكىلگىنىچە ئولتۇراتتى. مارىيە ئورنىدىن تۇرۇپ، سۇلايماننىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي داستىخان سالدى. چاي، نان كەلتۈردى. گۈلجامال چايدىن بىر ئوتلىدى - دە، يەنە قەددىنى ئەگمەستىن مەغرۇر ئولتۇردى. چوڭ بىر ئائىلىنىڭ ساھىبخانلىق قىلىۋاتقانلىقى، سېرىق چاچلىق، كۆك كۆزلۈك بىر جۇۋاننىڭ بالىسىنى تۇتقىنىچە مۈكچىيىپ ئولتۇرغانلىقى ئۇنى گۇمانغا سالاتتى. ئۇ ئويلىدى، قىياس قىلدى، بىراق ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى. سۇلايماننىڭ رۇستەم بىلەن بولغان دوستلۇقىدىن باشقا يەنە بۇ قىز ئوتتۇرىسىدا قاندىقتۇر بىر كۆڭۈلسىز مۇناسىۋەتنىڭ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى غىل - پال ھېس قىلدى.

سۇلايمان كەتمەننى ئېلىپ مېڭىۋىدى، ھويلىدا پاقلاننىڭ گۆشىنى پارچىلاۋاتقان دانىش ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى سورىدى.

— بىز ئەسلىدە چۇچۇ كېبۇيا يىلتىزى كولاشقا كەلگەن، شۇڭا...

— توختا، ئۇكام. ئۆزۈڭ بىلىسەن، بىكار قالسام قولۇم قىچىشىدىغان مىجەزىم بار. شۇڭا ئارىسال ۋاقىتلىرىمدا جاڭگالغا بېرىپ چۇچۇ كېبۇيا يىلتىزى كولاپ قويغان، تېخى ئۇنى چىرايلىق كەسلەپ شورلۇققا يېيىپمۇ قويغانىدىم. تاغار ئېلىپ بېرىپ قاچىلىساڭلا بولىدۇ. تەييار نەرسە، 3 - 4 تاغار چىقارمىكىن.

سۇلايمان خۇشال بولۇپ ھارۋىنى قوشتى. ئىككى تاغار، بىر چېپىتنى ھارۋىغا تاشلىدى - دە، ئېشەكنى يېتىلەپ جاڭگالغا يول ئالدى. شۇئان ئۇنىڭ كەينىدە گۈلجامال پەيدا بولدى، ئۇ ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. سۇلايمان توختىدى.

— بۇ ئىشلىرى بولمىدى، گۈلجامال. سىلە مېھمان، ئۆيدە ئولتۇرسىلا، جاڭگالدا... ئاپ-

تاپتا...

— راستىنى ئېيتسام، يات خوتۇنلارنىڭ ئالدىدا قورۇنۇپ، قىسىلىپ قالىدىكەنمەن. ئىككىلىسى ماڭىلا تىكىلىپ... ئۇنىڭدىن كۆرە سىلە بىلەن جاڭگالغا بارغىنىم تۈزۈك، — گۈلجامال قىزارغان مەڭزىنى سىلاپ يەرگە قارىدى.

— سىلە قىلغىدەك ئىشمۇ يوق، دانىشۋاي ھەممىنى تەييار قىلىپ قويۇپتۇ.

— مەيلىلا، ھېچ بولمىسا كۆرۈپ كېلەي. يۇلغۇن چېچەكلىرى ئېچىلمىدىكەن چىرايلىق. ھە. خۇددى گىلەم يېيىپ قويغاندەك.

سۇلايمان ئۈندىمىدى، ئىككىيلەن چۇچۇ كىبۇيا مەيدانىغا قاراپ كېتىشتى.

— ھېچ چۈشەنمىدىم، — دېدى گۈلجامال كېتىۋېتىپ، — ئۇ خوتۇنلار ماڭا نېمانچە قارايدىغاندۇ؟

— سىلە چىرايلىق، بەكمۇ ئوماق، شۇڭا...

— ۋىيەي... دېگەن گەپلىرىنى قارىسىلا.

سۇلايمان رۇستەم بىلەن بولغان دوستلۇقى، رۇستەم بىلەن تولغانئايىنىڭ توي قىلغاندىن كېيىنكى سەرگۈزەشتلىرى، تارتقان خاپىلىقلىرى، ھازىر رۇستەمنىڭ ئەرز - داۋا ئۈستىدە يۈرۈۋاتقانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى.

— سىلە بىزگە شەپقەت قىلغاندەك، ئۇلارغىمۇ شەپقەت قىلىپتىكەنلا ـ دە.

— شۇنداق، رۇستەم قۇرئان تۇتۇشقان دوستۇم.

— بىز چۇ؟

سۇلايمان بىر پەس مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئېسىنى يىغىپ:

— ئەختەم قارىي ھاجىم مېنىڭ نىجاتكارىم، — دېدى.

— مەنچۇ؟ — گۈلجامال قەلبىدە ئۆركەشلەۋاتقان ھېسسىياتىنى بېسىۋالالماي سۇلايماننىڭ بېلىكىنى مەھكەم تۇتىۋالدى ـ دە كۆزلىرىگە تىك قارىدى، — دېسىلە، مەنچۇ؟

سۇلايمان قىزىرىپ زوۋان سۇرەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— سىلە... سىلىمۇ مېنىڭ... — سۇلايمان دۇدۇقلاپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى. گۈلجامال تېخىچە ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇراتتى.

— ھە، دېسىلە، نىجاتكارىم، شەپقەتچىم دېسىلە ئۇنىمايمەن، ھەرگىز ئۇنىمايمەن. سىلە بىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلدىلا. دادامنىڭ سىلىنىڭ كېسەللىرىنى داۋالىغان ئەجرى بىلەن سىلىنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ھەرگىز تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. دادامنىڭ ئەجرى تامچە، سىلىنىڭ يەتكۈزگەن شەپقەتلىرى بولسا دەريا. ياق، بۇ گەپنى قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بايىقى گېپىمنى دەي، مەن نېمىلىرى؟ مەن زادى نېمىلىرى؟!

سۇلايمان ئۇنىڭ مۇلايىملىقتىن قىلچە ئەسەر قالمىغان جىددىي، تۈرگۈن قىياپىتىنى، بۇلاقتەك كۆزلىرىدە ئويناپ تۇرغان ئاجايىپ يېقىملىق، مەپتۇن قىلغۇچى سېھىرلىك جىلۋىنى

كۆرۈپ خىجىللىققا چۆمدى.

— سىلىنى نىجاتچىم دەي دېسەم ئۇنىمىسىلا، ئەمىسە... ئەمىسە سىڭلىم دەي، سىڭلىم...

— ھىم، سىلە مېنىڭ ئاكاموۇ؟!

گۈلجامالنىڭ كۆزلىرىدىكى سېھىرلىك جىلۋە يوقالدى. ئۇ سۇلايماننىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ كېتىپ قالدى. چۈچۈكبۇيا مەيدانى تەرەپكە ئەمەس، يۇلغۇنلۇق تەرەپكە كەتتى.

سۇلايمان ئېغىر ئۇھسىنىپ يولىنى داۋام قىلدى. ئۇ كېسىلىنى داۋالىتىش جەريانىدا گۈلجامال بىلەن بىرلىكتە باغدا ئىشلىگەنلىكىنى، ئائىلە ئىشلىرىنى بىللە قىلغانلىقىنى، بىللە ئولتۇرۇپ دورا سوقىغانلىقىنى ئەسلىدى. كىشىلەر نەزەرىدە يىرگىنىشلىك ھېسابلانغان پېسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى تۈپەيلىدىن كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغان، قىزلار ياراتمىغان، مۇشۇنداق ئەھۋالدا مەشھۇر تېۋىپنىڭ ئەتىۋالىق قىزىنىڭ ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قېلىشى سۇلايمان ئۈچۈن جىددىي ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر ئىش ئىدى. توغرا، ئۇنىڭ ئالتۇن، تىللالىرى ئاشۇ ئائىلىنىڭ ئەڭ مۇشكۈل ئىشلىرىنى ئاسان قىلدى. شۇڭا سۇلايمان ئۆزىگە كۆرسىتىلىۋاتقان سەمىمىي ئىلتىپاتلارنى مۇھەببەت دەپ قارىمايتتى. گۈلجامالنىڭ مۇھەببىتى دەل ئاشۇ ياخشىلىقلارنى ياندۇرۇش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئۇرۇنۇش ئەمەسمۇ. سۇلايمان گۈلجامالنىڭ مۇھەببىتىنى، ئىچكى دۇنياسىنى چۈشىنىشكە ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن ئاجىزلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. پۇل بىلەن كۆڭۈل باشقا-باشقا نەرسە. ئەگەر گۈلجامال مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزىنى قەرزدار ھېسابلاپ ماڭا تەگمەكچى بولسا، بۇ تازىمۇ قاملاشمىغان ئىش. گۈلجامال يىراقتا، قىپقىزىل يۇلغۇنلۇقتا ئايلىنىپ يۈرەتتى. سۇلايمان چۈچۈكبۇيا يىلتىزلىرىنى تاغارغا قاچىلاۋېتىپ پات-پات يۇلغۇنلۇق تەرەپكە قاراپ قوياتتى. ئۇ تاغارلارنى ھارۋىغا بېسىپ بولغاندىن كېيىنمۇ يۇلغۇنلۇققا ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى. گۈلجامال قايتىپ كەلمىدى. قېيداپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. سۇلايمان بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ يۇلغۇنلۇققا قاراپ ماڭدى.

— يۈر سىلە گۈلجامال، كېتەيلى.

گۈلجامال باراقسان ئۆسكەن بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ يېنىدىكى سۈيى سۇغۇلۇپ قالغان بۇلاققا قاراپ ئۆرە تۇراتتى. سۇلايمان كەينىدىن بېرىپ قولىنى تۇتتى. بۇ قولنى تۇتۇش ئۈچۈنمۇ سۇلايمان ئۆزىگە مىڭ تەستە بىر ئىچكى كۈچ توپلىغانىدى. گۈلجامال قولىنى تارتىۋالمىدى، سۇلايمان ئۇنىڭ قولىنى بوشقىنا تارتتى.

— كېتەيلى، گۈلجامال.

— ماقۇل، ئاكا.

سۇلايمان گۈلجامالنىڭ ئاۋازىدىكى مەسخىرىنى، تەنىنى چۈشىنىپ، مېڭىسى غوڭۇلداپ كەتتى. كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. گۈلجامال ئۇنىڭغا مەغرۇر بىر قىياپەتتە تىك قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چاقماقتەك بىر ئوت ئېتىلىپ چىقىپ سۇلايماننىڭ يۈرىكىگە تەگدى. يۇلغۇن چېچەكلىرى لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتقا ئوخشايتتى. سۇلايماننىڭ نەزەرىدە

گۈلجامالنىڭ كۆزلىرى، لەۋلىرى، ھەتتا كۆكسمۇ ئۇتقا ئوخشاپ قىلىۋاتاتتى. بۇ ئوت گۈلجامالنىڭ قولى ئارقىلىق سۇلايمانغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى شىددەت بىلەن كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. دوزاق ئوتى مۇشۇنداق كۆيدۈرەرمىش. مەن تىرىك تۇرۇپ دوزاققا كىردىممۇ نېمە؟ سۇلايماننىڭ ۋۇجۇدىدا ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ياۋايى بىر تۇيغۇ باش كۆتۈردى. ئۇ چىداپ تۇرالمىدى. ئۆزىگە يېقىن تۇرغان ئولجىغا ئېتىلدى. گۈلجامال بىر ـ ئىككى قەدەم كەينىگە داجىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇندى ـ يۇ، لېكىن ئىختىيارسىز جايىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە ئۆزۈندىن بېرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان يۇكسەك ھەم شېرىن ھېسسىياتنىڭ ئۆزىدىكى خىجىللىق، نومۇس تۇيغۇلىرى پەيدا بولغان قارشىلىق چاغلىرىدا يوقىلىپ كېتىشىدىن خەۋپسىرەپ قالغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ قىزلىق غۇرۇرى نازۇك، ئەۋرىشىم قوللىرى ئارقىلىق ئاجىزانە قارشىلىقنى ئىپادىلىدى. بۇ خىل قارشىلىققا ئىزا بىلەن ناز، شادلىق بىلەن قورقۇنچ، تەقەززالىق بىلەن ھېيىقىش ئارىلاشقانىدى. گۈلجامال ۋۇجۇدىدىكى نازۇك تىترەكتىن خۇدىنى يوقىتىپ كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇۋالدى. بۇ ھال ئۇنىڭ ئەرك ـ ئىختىيارىنى ئۆزى باخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ ئىلكىگە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇنىڭ پېشانىسى، يۈزى، لەۋلىرى، سۆيۈلدى. لېكىن سۇلايماننىڭ قوللىرى ئۇنىڭ بىر جۈپ ئالمىسىنى سىيلاشقا باشلىغاندا، ئۇ قولىدىن بىرىپ قويغان ئىختىيارىنى چاقىرىۋالدى. يۇلقۇنۇپ چىقىپ ھارۋىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ ھاسىراپتتى. كۆزلىرىدە سۈزۈك ياش تامچىلىرى پەيدا بولغانىدى.

— ھارۋىغا چىقسىلا.

گۈلجامال چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا سۇلايمان بېشىنى ئېگىپ، يەرگە قاراپ تۇراتتى. گۈلجامال شەپەردەك قىزارغان يۈزلىرىنى باش ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن توسقىنىچە كېلىپ ھارۋىغا ئولتۇردى. ئۇلار تاكى ئۆيگە يېتىپ كەلگۈچە گەپ قىلىشمىدى.

گۈلجامال قەددىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇراتتى، ئەمما كۆزلىرىدە قانداقتۇر بىر چۈشىنىكسىز خىيالنىڭ ئەكسى كۆرۈنەتتى. ھەممەيلەن داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئاۋۋال تورىيا، ئاندىن گۆش كەلتۈرۈلدى. مارىيە سۇلايمانغا قاراپ مۆل ـ مۆل ياش تۆكەتتى. تولغانئاي بولسا، بويۇنلىرى غىنچە قىزىرىپ، تىرنىقىنى تاتىلاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى پېشانىسىگە ساڭگىلاپ كۆزلىرىنى توسىۋالغانىدى. گۈلجامالنىڭ ھېچنېمە يېگۈسى يوق ئىدى. داستىخاننىڭ ھۆرمىتى ۋە سۇلايماننىڭ كۆڭلىنى دەپ گۆشتىن ئاران بىر لوقما ئېلىپ ئاغزىغا سالدى. ئۇ دۇئادىن كېيىنلا ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋېدى، سولايمان ئۇنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. ئۆزى يەنە ئادا ئۆرە تۇرۇپ ئىچ يانچۇقىدىن قولياغلىققا ئورالغان بىر تۈگۈنچىكنى چىقىرىپ يەشتى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى سۇلايماننىڭ قولىدا يالتىراپ تۇرغان زىبۇزىننەتلەرگە تىكىلدى. سۇلايمان ياقۇتتىن كۆز قويۇلغان بىر جۈپ ئاي نۇسخىلىق ئالتۇن سىرغا بىلەن بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈكنى گۈلجامالنىڭ ئالدىغا، ئوخشاشلا يەنە بىر جۈپ سىرغا بىلەن بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈكنى تولغانئاينىڭ ئالدىغا قويدى.

— بۇنى ئەختەم قارىي ھاجىم ماڭا ھەدىيە قىلغانىدى، ئەمدى ئىككىلىرىگە تەقدىم قىلىمەن. قوبۇل قىلىشقايلا.

قەددىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇرغان گۈلجامال كۆز جىيەكلىرىدە پەيدا بولغان ياش تامچىلىرىنى سۈرتىۋېدى، كىرپىكلىرىدە يەنە بىر نەچچە تال تامچە پەيدا بولدى. بۇ تامچىلار ئۇنىڭ سۈلايماننىڭ سوۋغىسى ئۈچۈن بىلدۈرگەن مىننەتدارلىقى ئىدى. تولغانئاي يىغلىمىدى. ئۇ بارغانسېرى تۈگۈلۈپ، قورۇنۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرۇپ ھەشقاللا ئېيتتى.

دانىش داستىخانغا بىر ئاز پىششىق گۆش ئوراپ چىقىپ ھارۋىدا ئولتۇرغان گۈلجامالنىڭ يېنىغا قويدى.

— ھاجىمنىڭ نېسىۋىسى، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — ئاز بولسىمۇ ئېغىز تەگسۇن.

— بۇنچە كايىمىسىلا بولاتتى، دانىشكا، — دېدى گۈلجامال تەسىرلىنىپ.

سۈلايمان بىلەن گۈلجامال تومپايغان تاغارلار ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يولغا راۋان بولۇشتى. تولغانئاي ھارۋا كەتكەن تەرەپكە مۆكىلىنىپ قاراپ قالدى.

ئۇلار جامە ئالدىدا تاسادىپىيلا ئۇچرىشىپ قالدى.

سۈلايمان موتىسىكىلىتىنىڭ تەپكىسىنى باساي دەپ تۇرۇشىغا كىمىنسا يەردىن ئۈنگەندەكلا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— سۈلايمان، سېنى كۆرىدىغان كۈنمۇ بولىدىكەن. يوقاپلا كەتتىڭ، تەۋۋا. سەن مېنى ئۇنۇتتۇڭ. ئەمما مەن سېنى كۈندە سېغىنىپ...

— ھە، نېمە گېپىڭ بار، دېگىنە، — دېدى سۈلايمان ئارامسىزلىنىپ. — مەن ھازىر ئالدىراپ تۇرىمەن.

— بىلىمەن، سەن ھازىر ئالدىراش. يېڭى يار تاپتىڭ. كۆردۈم، بەك چىرايلىقكەن. ئەچىم سېرىلدى، سەن شۇنداق قىلىپ...

— بولدى، مەن ماڭاي، — ئۇ كىمىنسانىڭ گېپىنى بۆلۈپ موتىسىكىلىتىنىڭ رولىنى قايرىدى.

— توختا! — كىمىنسا ئالدىراپ يانچۇقىدىن بىر سىيرىق كونۋېرتنى ئالدى، — ساڭا خەت كەلدىمۇ. رۇستەمنىڭ نېمە قىلغىنىكىن - تاڭ، ماڭا خەت يېزىپتۇ. مە، ئوقۇپ باق. كېيىن تۆرۈمگە قايتۇرۇپ بېرەرسەن.

سۈلايمان كونۋېرتنى يانچۇقىغا سالدى - دە، شىپاخانا تەرەپكە راۋان بولدى.

سۈلايمان ئىككى كۈن ئۆيدە دورىخانىدا ئىشلىدى. ئۈچىنچى كۈنى موتىسىكىلىتنى مىنىپ قىشلاقلارغا ماڭدى. ئەختەم قارىي ھاجى ئۇنىڭ قىشلاققا تولا بېرىپ ئايىغىنىڭ چەمى يېنىلىپ دېتەي دەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ياشۇ موتىسىكىلىتنى ئېلىپ بەرگەنىدى. سۈلايمان يېتىپ كەلگەن چاغدا دانىش بىنامدىكى تاۋۇزلۇقتا پىلەك يىغىۋاتاتتى. ئەمدى بۇ يەرلەرگە بۇغداي، تېرىش، چەت - چۆرىلىرىگە ئورمان قويۇش كېرەك ئىدى. چار باغلىقلار ياراتماي تاتىلىۋەتكەن

بۇ قىشلاق سۇلايماننىڭ ئۆيىنى ئاشلىقفا، يانچۇقىنى پۇلغا توشقۇزغانىدى. يېڭى ئېچىلغان بىنام يەرلەردىن ئۈچ يىلغىچە باج ـ سېلىق، سۇ ھەققى ئېلىنمايتتى. سۇلايمان كۆچى يەتسىلا يەنە قانـچىلىك بىنەم ئاچسا بولىۋېرەتتى. سۇلايمان دانىش بىلەن كەچ كىر گىچە ئېتىزدا پېلەك يىغدى. كەچتە ئىككىيلەن تولغانئاينىڭ ئۆيىدە غىزالاندى ۋە كونا ئۆيگە چىقىپ ئۇخلاپ قېلىشتى. ئەتىسى كەچتە سۇلايمان تولغانئاينىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، سامانلىقنىڭ ئالدىدا بىر ھازاغىچە بېدە توغرىدى. سۇلايمان جادۇنى كۈچ بىلەن باساتتى. جادۇنىڭ تىغى بېدە باغلىمىغا تەگكەندە غاراس ـ غۇرۇس ئاۋاز چىقىراتتى. بىر چاغدا تولغانئاي ئىچكىرى ھويلىدىن چىقىپ كەلدى.

— تاماق يەۋالغىن.



جادۇ توختاپ قالدى. سۇلايمان يېڭى بىلەن تەرلىرىنى سۈرتۈپ بولۇپ ئۆزىگە يېقىنلا تۇرغان تولغانئايغا قارىدى. تولغانئاينىڭ ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەن سېرىق چاچلىرىنىڭ ئۇچلىرى يېشىلىپ كەتكەن بولۇپ چېچىلىپ تۇراتتى.

— ماقۇل، سەل تۇرۇپ...

— ئاش سوۋۇيدۇ ھېلى، — تولغانئاي پېشايۋان تەرەپكە كېتىۋېتىپ نېمىلەرنىدۇر دەپ غودىرىدى، لېكىن سۇلايمان ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۇقمىدى. ئۇ تولغانئاينىڭ كەينىدىن قاراپ خىيالغا چۆمدى. ھېلىقى كۈنى شىپاخانىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، كىمنىسادىن ئالغان خەتنى ئوقۇغانىدى. سۇلايمان رۇستەمنىڭ ئىجىر ـ مىجىر يېزىلغان پوچۇر كىسىنى تونۇدى. «قەدىرلىكىم كىمنىسا، — دەپ يېزىلغانىدى قەغەزنىڭ بېشىغىلا. سۇلايمان رۇستەمنىڭ كىمنىسانى بۇنداق ئاتىغىنىدىن ھەيران بولۇپ كېيىنكى قۇرلارنى ھە-

جىلەپ ئۇقۇشقا باشلىدى، — ئۆزۈڭ بىلىسەن، يۇرتتا مەن ئەرز قىلىپ بارمىغان ھۆكۈمەت ئورگىنى قالمىدى. نېمە ئۈچۈندۇر بۇ ئەرزنىڭ ئايىغى چىقمىدى. ئاخىرى دۇكاننى، ئەسۋاب-سايمانلىرىمنى تاشلاپ ئۈرۈمچىگە كەلدىم. لېكىن ئۈرۈمچىدىمۇ ئەرزىمنى ئاڭلايدىغان ئادەمنى تاپالمىدىم. ئاندىن گۇاڭجۇغا باردىم. ھازىر مەن شاڭخەيدە قەشقەر، ئاتۇش، خوتەندىن كېلىپ تىجارەت قىلىۋاتقان سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى ساقلاش، يۆتكەش، توشۇپ بېرىش دېگەندەك ئىشلارنى قىلىۋاتىمەن. تاپاۋىتىم يۇقىرى، ھال-كۈنۈم ئوبدان، بىراق سېنى بەكمۇ سېغىندىم. كىمىنىسا، راستىنى ئېيتسام، سەن بىلەن دەسلەپ بىللە بولغان چاغلىرىمدىلا ساڭا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالغانىكەن. تولغانئايىنى ئالغاندىن كېيىنمۇ سەندىن پەقەت كۆڭلۈمنى ئۈزەلمىدىم. ئۇ-نىڭ ئۈستىگە، تولغانئايمۇ كۈندەشلىك قىلدى. ئەسلىدە بۇرۇنلا سېنى ئالسام بوپتىكەن. مەن ئەمدى يۇرتقا بارمايمەن. نېمە دەپ بارىمەن، تولغانئايىنى دەپمۇ. ياق مەن تولغانئايىنى ئېلىپ خاتا قىلغان ئىكەنمەن. سۇلايمان ماڭا ياخشىلىق قىلدىم، دەپ ئەسلىدە خوتۇنۇمنى كۆزلىگەنىكەن. شۇنداقمۇ دوست بولامدۇ، ئۇنىڭ ھەمىشە دېگۈدەك تولغانئايغا تىكىلىپ قارىشىدىن ھەممىنى سېزىپ تۇرغانىدىم. بەلكىم بۇ گۇمانلىرىم قەسىممىز ئالدىدا مېنى گۇناھكار قىلىپمۇ قويار، ئۇمۇ قەسەمنى يادىدىن چىقىرىپ قويمىغاندۇر، ماڭا شۇنداق تۇيۇلغاندۇ. نېمىلا بولمىسۇن تولغانئاي-دىن كۆڭلۈم قالدى. كىمىنىسا، ھەر ھالدا بىر نىيەتكە كېلىپ تەييار بولۇپ تۇرغىن. يول كىراسىغا، خىراجەتكە يېتەرلىك پۇل ئەۋەتىمەن. پۇل تەگكەن ھامان دەررۇ جابدۇنۇپ شاڭ-خەيگە كەل. ئايرىم تىجارەت قىلىمىز. بارنى تەڭ كۆرىمىز. شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈپ تاماشا قىلىمىز. چوقۇم كەل.»

سۇلايمان شۇ كېچە مەست قىلىپ كۆز يۇممىدى. خەت ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى، غەزەپ-لەندۈردى. رۇستەم بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگەن بالىلىق، ياشلىق دەۋرىنى، ئورتاق سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر-بىرلەپ ئەسلەپ چىقتى. رۇستەمنىڭ ئالدىدا، قىلىشقان قەسەملىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ پاك، گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە قىلچە شۈبھىلەنمىدى، ئەمما خەتتىكى ئۆزى توغرىلىق يېزىلغان سۆزلەر يۈرىكىنى چاشقاندەك غاجىلاپ ئارامىنى قويمىدى.

سۇلايمان جادۇنى تاشلاپ ئايۋانغا كىرگەندە تولغانئاي قازاندىن سۈزۈلگەن لەغمەننى داستىكى سۇغا سېلىپ چايقاۋاتاتتى. ئۇ بىر تەخسە لەغمەننى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقاندا سۇلايمان ئۇنىڭ قولىقىدا يالتىراپ تۇرغان ئالتۇن سىرغىغا نەزەر سالدى. سىرغا ئىشىكتىن، دېرىزىدىن كىرگەن كەچكى شەپەقنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ۋال-ۋال پارقىراپ تولغانئاينىڭ يۈزلىرىدە ئاقۇش، سۈزۈك نۇر دائىرىسىنى ھاسىل قىلغانىدى.

سۇلايمان ھەش-پەش دېگۈچە لەغمەننى يەپ بولدى-دە، چىقىپ تولغانئاينىڭ كالا-قويلىرىغا ئوت-سامان سالدى. ئاندىن ئۆز ئۆيىگە چىقىپ ياتتى ۋە بىر دەمدىلا ئۇخلاپ قالدى. بىر چاغدا ئىشىكنىڭ يېنىك چېكىلدىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى. دانىش كەلدىمىكىن، دەپ ئويلاپ ئىشىكنى ئاچتى. شۇئان ئۇنىڭ بۇرنىغا ئەتىر، يۈز مايىنىڭ خۇش ھىدى گۈپپىدە ئۇرۇلدى.

ئۇنىڭ ئالدىدا تولغانئاي تۇراتتى.

سۇلايمانىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى ۋاژژىدە كۆيگەندەك بولدى ـ دە، ئېسىنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالدى. بۇ كېچىدە نېمىشقا كەلدىكىنە، دېيىشكۇدەك زۆرۈر گەپمۇ يوق ئىدىغۇ. سۇلايماننىڭ كۆز ئالدىدا ساغۇچ بۇلغار مۇقاۋىلىق قۇرئان نامايەن بولدى.

— ئىشىكنى تۇساپ تۇرىسەنغۇ، — تولغانئاينىڭ ئاۋازى سۇلايماننى يەنە بىر قېتىم چۆچۈتتى. رۇستەم بىلەن ئىككىسىنىڭ قۇرئاننى مەيدىسىگە بېسىپ تۇرۇپ قىلىشقان قەسەم سۆزلىرى قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ياڭراۋاتاتتى. بۇ ئاۋازنى تولغانئاينىڭ يېنىملىق ھەم سىرلىق ئىلتىجاسى بېسىپ كەتتى، — مېنى كىرمىسۇن دەۋاتامسەن؟

— ھە، ياق، تولغانئاي...

تولغانئاي ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پىسەنت قىلماستىن ئىشىككە تىرىلىپ تۇرغان قوللارنى ئىتتىرىۋېتىپ ئۆزىگە يول ئاچتى ـ دە، ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— قاراڭغۇدا ھېچنېمىنى كۆرمىدىم. چىرىغىڭنى ياندۇرغىنا.

سۇلايمان تىمىسقىلاپ يۈرۈپ پەنەرنى ياندۇردى.

— چارباغدا توك بار، قىشلاققىمۇ توك تارتقۇزساق بوپتىكەن.

— رۇستەم كەلگەندە ئىككىمىز بىرلىشىپ ئەپكېلەرمىز.

سۇلايمان شۇ سۆزنى دەۋېتىپ ئۆزىچە ھودۇقۇپ كەتتى. رۇستەمنىڭ شاگىخەيدە ئىكەنلىكىنى تولغانئايدىن سىر تۇتۇش كېرەك ئىدى. لېكىن تولغانئاي ئۇنىڭ سۆزىگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدى ۋە سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ نېپىز، كۆك رومالنىڭ بىلەنلا كىر كەتمىدى. ئۆي ئىچىنى تولغانئاينىڭ چاچلىرىدىن، بەدىنىدىن تارالغان خۇش پۇراق قاپلىدى.

— رۇستەمدىن خەت ـ خەۋەر يوق. بەك غېرىپسىندىم. بىر تۈيدە ئۇنۇلەپ، ھەپتىلەپ يالغۇز ئولتۇرۇش جانغا تېگىدىكەن. ئانام ئانچە ـ مۇنچە كېلىپ يوقلاپ تۇردى. سېنىڭ ئۆزۈڭنى قاچۇرۇپلا يۈرۈۋاتىسەن.

— رەنجىمە، — سۇلايمان يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ شۇنداق دېدى. ئاۋازىمۇ بوش چىقتى، — ساڭا يېقىن تۇرسام شەيتىنىم كۆڭلۈمنى ئېزىقتۇرامدۇ. تۇندىن كۆرە سەندىن نېرى تۇرغىنىم تۈزۈك. رۇستەم بار چاغدا سەن بىلەن ئوچۇق ـ يورۇق گەپلىشىۋېرەتتىم. لېكىن ھازىر رۇستەم يوق. شۇڭا سەندىن تېخىمۇ يىراق تۇرۇشۇم كېرەك.

— باشقىلار ئەقىدىن يانمىدىمۇ؟

— ياندىم، تولغانئاي، يېنىۋالدىم. سەن مېنى يارانماي رۇستەمگە نەگىدىڭ. رۇستەم ئىككىمىز قىيامەتلىك دوست بولۇشقا قۇرئان تۇتۇشۇپ قەسەم قىلىشقان. قەسەمگە خىلاپلىق قىلسام قارا يۈز بولۇپ كېتىمەن.

— مەن ئەقىلسىزلىك قىلدىم، سۇلايمان. ئەمدى مۇنۇنداق تەنھا ئۆتۈۋېرىمۇ؟ يۈرىكىمدىكىنى دېسەم، سېنىڭ دەردىڭدە كۆيۈپ كۈل بولاي دېدىم. بۇ گۇناھ نېمە بولسا بولسۇن،

دەپ كىردىم. مېنى بۈگۈن ئۆيۈڭدىن چىقىرىۋەتمە، سۇلايمان...

سۇلايمان گويا ئاچكۆلگە تولۇپ پۈتكەندەك تۇرۇپ، ئال - غال تىترەشكە باشلىدى. تولغانئاي مىشىلداپ يىغلاۋاتاتتى. سۇلايمان ئۇنىڭ بىلەن كۆلجامالنى سېلىشتۇردى. كۆلجامال مېنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن يەنە مەندىن چۆچۈپ تۇراتتى. تۇرمۇش ئۇنىڭ ئىنتىلىشلىرىنى بې- سىپ تۇراتتى. ئەمما تولغانئايچۇ؟ نېمە بولدى بۇنىڭغا، تېلىقىپ قالدىمۇ - يا؟ ئۆيۈڭدىن چىقىرىۋەتمە، دېگىنى نېمىسى، توۋا خودايىم.

سۇلايماننىڭ تېنى دوزاق ئوتىدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى. غەزەپ - ئاچچىقىدىن چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەندى. ئۇ تولغانئاينى دەللىماقچى ئىدى. بىراق ئۇنى تىللىماسلىق، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن بەزلەپ، نەسىھەت قىلىپ چىقىرىۋېتىش نىيىتىدە تەستە ئېغىز ئاچتى:

— تولغانئاي، كۆپ تەقدىلىك قىلما. سەن رۇستەمنىڭ ھەقلىق نىكاھلىق خوتۇنى. مەن بولسام رۇستەمنىڭ ئاخىرەتلىك دوستى. شۇڭا تىلەككىمىز بۇنداق قىلىپ يۈرسەك مەن توز كور بولىمەن. خۇدا ئۇرىدۇ مېنى. خاپا بولماي چىقىپ كەت. سەيتاننىڭ كەينىگە كىرمىگىن. توۋا تولغانئاي، نېمانداق قىلىسەن. قولۇمنى قويىۋەت. گۇناھ بولىدۇ، — تولغانئاي تۆكۈلۈپ يىغلىغىنىچە سۇلايماننىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويىۋالدى. سۇلايمان ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ ئورنى- دىن تۇرۇپ كەتتى. — سەن ناھايىتى پەزىلەتلىك، ئەرنى - ھايالىق ئىدىڭ، ھازىرمۇ شۇنداق ئايالسەن. بۇندىن كېيىنمۇ...

ئۆي ئىچىنى ئېغىر سۈكۈت قاپلىدى. تولغانئاي ئىچىچە ئۇ دىسۇشتىن توختىمىغاندى. سۇلايمان ھويلىغا چىقىۋالدى. تولغانئاي ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولدى. سۇلايمان ئۆيگە كىرىپ ياتقان بولسىمۇ، ئۇيقۇسى كەلمىدى. بايىقى چۈشكە ئوخشاپ كېتىدىغان ئەلەتە ۋەقەلەر ئۇنىڭ نېرۋىلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرىۋەتكەندى. ئۇ خېلى ۋاقىتقىچە جىمجىت ياتتى. كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى. تولغانئاينىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. دەرۋازىنى قېقىش ئۈچۈن بەچچە قېتىم تەمشىلىپ يەنە قولىنى ياندۇرۇۋالدى. ئۇ ئەمدى ئىشىكنى ئاچمايدۇ. قاتتىق ئىززا تارتتى. سۇلايمان بىر دەم ئايلىنىپ يۈرۈپ يەنە دەرۋازىغا يې- قىنلاشتى. زەنجىرىنى شاراقلاتتى. ئىچكىرىدىن تولغانئاينىڭ «كىم!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن، سۇلايمان.

— بولدى سۇلايمان، كەتكىن. مەن... مەن سېنى چۈشىنىپ يەتكەنمەن. ئەمدى چۈشەندىم. بۈگۈن ھەممىنى بىلدىم. ئايال كىشى ھەققىدە ئاجىز كەن. مانا مېنى ئىززاغا قو- يۇردۇڭ. كەتكىن ئەمدى.

سۇلايمان ئارقىسىغا يېنىپ، ئۆيى ئەتراپىدا تاڭ ئاققىچە ئايلىنىپ يۈردى.

مۇنىسكلىنىڭ قوپال بارغىنىشى، سۇ كۆپچە ياغقان قىشلاقنىڭ جىمجىت بۇرۇۋەتنى دەرەخلەردىكى قۇشلار ھور كۆپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. يەرنى تاتىلىشىپ يۈرگەن توخۇلار ئەنسىز قاقاقلىشىپ قېچىشتى.

سۇلايمان موتىسىكىلىتنى ئۆز ئۆيى ئالدىغا توختىتىپ قويدى. دانىش ئىشىك ئالدىدا ئايىتاپسىنىپ ئولتۇراتتى. سۇلايمان دانىشنىڭ يېنىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇردى ۋە يېڭى ئۇن كويلۇق پۇلدىن 200 نى ساناپ دانىشقا تەڭلىدى.

ــ مە، بۇ ئىككى مىڭ كوي. ئىشلەپ ھاردىڭ، چارچىدىڭ. لېكىن ھالىڭدىن ۋاقتىدا خەۋەر ئالالمىدىم. قىش كېلىشكىمۇ ئاز قالدى. قىشلىق تەييارلىقلىرىڭنى قىلىۋال. قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى تېرىدىڭ. كېچە ـ كۈندۈز چۆنەكتىن چىقماي پەرۋىش قىلدىڭ. ئۆزۈڭ ئاپىرىپ ساتتىڭ. پۇلنى ماڭا بەردىڭ. مېنىڭ بولدى. ئەمدى بۇ پۇل سېنىڭ بولسۇن، ئاله.

ــ ئىككى مىڭ كوي! ــ دانىش ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىگە داجىدى، ئۇنىڭ سانسىز ئۇششاق قورۇقلار ئوتتۇرىسىدا پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىدە رەنجىش، نارازىلىق ئىپادىلىرى ئەكس ئەتتى، ــ مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامسەن، ئۇكام، بۇ پۇلنى ئالالمايمەن. ئارتۇق پۇل ھارام ماڭا، قارا ئۇكام، مەن ھارام يېگەننىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان. ھازىرقى كۈنۈمگىمۇ شۈكرى، ئاچ ـ يالىڭاچ قالمىدىم. پۇلسىزمۇ قالمىدىم. قوغۇن ـ تاۋۇز ساتقان پۇللاردىن خەجلەپ كەتكەن يېرىمىمۇ بار، بۇنچە كۆپ پۇلنى ئالالمايمەن.

ــ دانىش ئاكا، سېنى زاڭلىق قىلغىنىم يوق. مەنمۇ سەندەك يالغۇز، يېتىم. ئىككىمىز ئوخشاشلىغۇ، مېنى ئوشۇق سۆزلەشكە مەجبۇرلىما. بۇ پۇلنى ئال، ئەجرىڭگە لايىق ھەق بەرمەسەم بولامدۇ؟ ھەممىنى كۆرۈپ تۇردۇم. ئۈچ يىلدىن بېرى يەرلىرىمنى تېرىدىڭ. ئورمان ـ باغلىرىمنى كۆكەرتتىڭ. قىسقىسى، مېنىڭ ئىگىلىكىم سېنىڭ قان ـ تەرىڭ بىلەن راۋاج تاپتى. ئاله پۇلنى، مەن تېخى يەنە ساڭا قەرزدار.

ــ ياق ئۇكام، ــ دانىش كۆزلىرىگە ياش ئالدى، ــ بۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى، سەن دېگەن ئىشلارنى قىلغىنىم راست. مېنىڭ كۆڭلۈمدىمۇ ھېساب بار. ئالدى ـ كېيىن بولۇپ خەج ـ خىراجەت ئۈچۈن سەندىن 400 يۈەن پۇل ئالدىم، يەنە 870 يۈەن پۇل بەرسەڭ ئىككىمىزنىڭ ھېسابى تۈگەيدۇ. مەن ساڭا ئىشلىگەن كۈنلىرىمنىڭ ھەممىسىگە ھەق ھېسابلىسام جەمئىي 1270 يۈەن بولىدىكەن، 870 يۈەن بەرسەڭ بولىدۇ، قالغىنى ئارتۇق.

ــ تازىمۇ كاج نېمىكەنسەن، ــ سۇلايمان زەردە بىلەن دېدى، ــ تۇتە، ئۆزۈڭنىڭ پېشانە تەرى. بۇ سەن ئۈچۈن ھالال پۇل.

سۇلايمان ئۇنىڭ قولىغا پۇلنى مەجبۇرىي تۇتقازدى. دانىش بىر سۇلايمانغا، بىر پۇلغا قارىدى، كۆزلىرىدىن تامچىلىغان ياش ئاستىنقى قاپاقلىرىدىكى زىچ قورۇقلار ئۈستىدە توختاپ قالدى.

ــ مەن ھەممىگە يېتىشىپ بولالمايمەن. قىشلاقتىكى ئىشلارغا ئۆزۈڭ ئىگە بول. ئالىدىغاننى ئال، ساتىدىغاننى سات، لازىم بولسا خەجلە، ــ سۇلايمان يانچۇقىدىن بىر پارچە تامغىلىق خەتنى ئېلىپ دانىشقا تەڭلىدى، ــ قۇدۇقتىن يەتتە سائەتلىك سۇ ئالدىم، مۇشۇ قەغەزنى كۆتۈرۈپ بارساڭلا سۇنى ئېچىپ بېرىدۇ. سۇنى ئەتە ئەتىگەندە باشلاپ كەل. ئۇنىڭغىچە ئارام

ئېلىپ تۇرايلى.

سۇ كەلگەندە دانىش قىشلاقنى سۇ غىرىش ئۈچۈن كەتتى. سۇلايمان ئېرىق بېشىدا سۇنى كۆزىتىپ ئولتۇردى. ئۇ ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ زىرائەت، ئورمانلىرىنى قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىدىغان بولغانىدى. پۇلىنىڭ كۆزىگە قارىمىسىلا قۇدۇق سۈيىنى قاچاندا دېسە ئاچقىلى بولاتتى. چارباغقا كەلگەن نۆۋەتلىك سۇ ئۇنىڭغا بىر تامچىمۇ تەگمەيتتى. تەگدى دېگەندىمۇ قىشلاققا بارغۇچە خەقلەر ئېچىۋالاتتى ياكى ئېرىققا سىڭىپ ئازىيىپ كېتەتتى. ساي بويىدىن باشلانغان تاش ئېرىق چارباغ كەنتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ يولنى بويلاپ سوزۇلغانىدى. ھەر قەدەم، ھەر دوقمۇشتا تەرەپ - تەرەپكە سۇ ئاچىدىغان ئېغىز، تاقاق، ئاچمىلار بار ئىدى. سۇ كېلىدىكەن، دېگەن گەپنى ئاڭلىسا چارباغنىڭ قېرى - ياش، ئەر - ئاياللىرى بىر اقلا قوزغىلىپ ئۆزلىرىگە تەۋە تاقاق - ئېغىزلارنى توسىۋالاتتى. بەزىدە سۇ تالىشىپ بىر - بىرىنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى قان قىلىشاتتى.

سۇلايمان قۇدۇق سۈيىنى پۇل تۆلەپ ئەكەلگەچكە، ئۇنىڭ سۈيىگە ھېچكىم چېقىلالمايتتى. بىراق قىشلاقنىڭ ئايىغىدىكى شورباغ، ئالتە تۈگمەن، يېڭىئېرىق كەنتلىرىنىڭ ئادەملىرى كەتمەن كۆتۈرۈپ كېلىۋېلىپ بىر ئاز ئاۋارە قىلاتتى. مۇشۇ زاكۇ ئوبدان ساقلانسىلا، باشقا يەردىن چاتاق چىقمايتتى.

سۇلايمان زاكۇ بېشىدا قىڭغىيىپ ياتقىنىچە خىيالغا پېتىپ كەتتى.

سۇلايمان كىرگەندە ئەختەم قارىي ھاجى داستىخان ئالدىدا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىۋاتاتتى. ئايۋاننى دۈملەنگەن پولۇنىڭ مېزىلىك ھىدى قاپلىغانىدى.

— كېلىڭ، ئوغلۇم، قېنى تۆرگە ئۆتۈڭ، — ئەختەم قارىي ھاجى ئورنىدىن تۇرۇپ قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. سۇلايمان تۆردە ئولتۇرۇشنى ھۆرمەتسىزلىك دەپ قاراپ ئاياغ تەرەپتە ئولتۇرۇۋالدى.

— ماقۇل، ئوغلۇم، ئەركىن - ئازادە ئولتۇرۇڭ، مۇشۇ كەمدە كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭىز، شىپاخاننى ئوغرى ئەپكەتسە قانداق قىلغۇلۇق.

— خۇدايىم ساقلا، ھاجىم.

ئەختەم قارىي ھاجى كۈلۈپ تۇرۇپ سۇلايماننىڭ سۆزىنى تەكرارلىدى. گۈلجامال ئاشخانا ئۆيىدىن پىيالە كۆتۈرۈپ كىردى. سۇلايمان ئورنىدىن تۇرۇپ سالاملاشتى. ئەختەم قارىي ھاجى گۈلجامالنىڭ قولىدىن پىيالىنى ئېلىپ سۇلايمانغا چاي قۇيدى.

— بىر ھەپتىدىن بېرى دورىلىرىنى ئىچمىدىلە، — دېدى گۈلجامال چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىۋېتىپ، — بۇندىن كېيىن بىر يەرگە بارسىلا دورىلىرىنى بىللە ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا.

— ئالدىراشلىقتا يادىمدىن چىقىپتۇ. بۇندىن كېيىن چوقۇم...

ئەختەم قارىي ھاجى كۆن ئارىلاپ ئۇنىڭ بەدىنىنى تەكشۈرەتتى. سۇلايماننىڭ دۈمبە-

سىمدىلا ئازراق بەرەس ئىزناسى قالغان، باشقا ئەزالىرى تامامەن ساقىيىپ ئەسلى رەڭگىگە كەلگەنىدى.

— جانابىي ئاللا ئۈمىدىمىزنى يەردە قويمىدى. مانا، سەللىمازا ساقايدىڭىز، ھازىر شىپاخانىمىزغا سىزگە ئوخشاش كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىمارلار ئۈچمۇ- ئۆچ كەلگىلى تۇردى. ئۇلار سىزنىڭ ساقايغىنىڭىزنى ئاڭلىغان، ئۇققان- دە، ئەلۋەتتە. قالغىنىغا جانابىي ئاللا ئۆزى بىر يول بەرگەي.

ئەختەم قارىي ھاجى دىلىدا جۇش ئۇرۇۋاتقان شادلىق. ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىنى باسالماي كۆزىگە ياش ئالدى. بىر ھازا جىم ئولتۇردى.

— ئەمدى ئوغلۇم، سىزگە دەپ قوياي، ماڭا قېرىلىق يەتتى. ھاردىم، چارچىدىم. بۈگۈندىن كېيىن مەن شىپاخانىغا چىقالمىغان چاغلىرىمدا گۈلجامال كېسەل كۆرسۇن، سىز دورىخانىنى باشقۇرۇڭ.

سۇلايمان بۇ ۋەزىپىنىڭ ئېغىر، مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. لېكىن ھاجىمنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلماي بولمايتتى.

— ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت ھاجىم. بىراق شۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسمەنمىكىن.

— كۆزىڭىز پىشتى، دىتىڭىز بار ئوغۇلكەنسىز. رېتسېپ بويىچە دورا بېرىش تەس ئەمەس. دورىلارنىڭ تۈرى، ئىسمى، مىقدارى رېتسېپقىمۇ يېزىلىدىغۇ. كىتاب كۆرسىڭىزمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدا ھېچقانداق قىيىنچىلىق يوق.

— ماقۇل، ھاجىم.

سۇلايمان ھاجىمنىڭ يېنىدىن خۇشال قايتىپ چىقتى. گۈلجامال دورىخانىدا ئالقان قىلىنىدىغان ئاربىلا شىملارنى ئەلگەكتىن ئۆتكۈزىۋاتاتتى. ئۇ سۇلايماننىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىق ئىپادىلىرىنى كۆرۈپ دېدى:

— بۈگۈن ئەجەب خۇشال بولۇپ كېتىپسىلا غۇ. ھەمىشە خاپا يۈرەتتىلە شۇنچە چاقچاق قىلىپمۇ، يېقىنچىلىق قىلىپمۇ سىلىنى بىرەر قېتىم كۈلدۈرەلمىگەنىدىم. خۇشاللىقنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرسىلە. تويلىرى يېقىنلىشىۋاتامدۇ- يا؟ ئەگەر تويلىرىغا بىزنى ئېيتمىسىلا خاپا بولىمەن، يۈزلىرىگە قارىمايمەن جۇما.

گۈلجامال سۇلايمانغا مەنىلىك تىكىلدى. سۇلايمان دورا قازىنى ئېسىلغان ئوچاققا ئوت يېقىۋېتىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— خۇشلۇقۇم چوڭ، گۈلجامال، پۇتۇمدىكى كىچىككىنە كېسەل ئىزناسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاساسەن ساقىيىپتىمەن. ماڭا دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خۇشلۇق بارمۇ. مەنمۇ ئېنى ساق، بېجىرىم ئەرلەرگە ئوخشاش ياشايدىغان بولدۇم. بۇرۇن خەق مېنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيتتى. مەندىن يىرگىنەتتى. ئەمدى ئۇنداق قىلماس. توي ئىشىغا كەلسەك، مەن تېخى لا-

يىق تاپمىدىم، قىز باللار مېنى ياراتمايدۇ. بولمىسا توي قىلغۇم بار، لېكىن...

گۈلجامالنىڭ ۋۇجۇدىدا ئوتتەك قىزىق بىر سېزىم پەيدا بولدى، كۆزلىرىدە ئاجايىپ شوخ، نۇرانە ئۇچقۇنلار چاقنىدى.

— ئەگەر سىلىنى يارىتىدىغانلار چىقسا توي قىلامىلا؟

— توي قىلىمەن، لېكىن مېنى كىم يارىتىدۇ دەيلا.

— يارىتىدىغانلار بار، سىلە بىلەلمەيۋاتامىلا؟

— كىم؟

— ئۆزلىرى بىلەلا؟

دورىخانا بىر قىراپ ئايلىنىۋاتقاندەك بولدى. سۇلايمان قۇلىقىنىڭ ئىچىدە، ئەتراپىدا قانداقتۇر بىر غەلىتە نەرسىنىڭ غۇڭۇلداۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. كەينىگە بۇرۇلغىنىدا ئۆزىگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغان گۈلجامالغا كۆزى چۈشتى. ۋۇجۇدىدا دەھشەتلىك تىترەك پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. يۈزلىرى قىزىرىپ ھۆپپىدە ئېسىلدى، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى. كۆزلىرىدىن ياش ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. سۇلايمان گۈلجامالغا تىكىلىپ تۇراتتى. دوختۇرخانا ھېلىمۇ بىر قىراپ ئايلىنىۋاتاتتى. بىردىنلا تاملارنىڭ ئارىسىدىن تولغانئاينىڭ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان غەمكىن چىرايى كۆرۈنگەندەك بولدى. سۇلايمان كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. لېكىن تولغانئاينىڭ سىماسى ئۇنىڭ كۆز گۆھىرى ئىچىگە كىرىۋالغاندەك يەنىلا بايىقى ھالەتتە نامايان بولدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئاچقاندا گۈلجامال كۆرۈنمەيتتى.

چارباغدا كىمنىسانىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى توغرۇلۇق خەۋەر تارقالدى. ئىساق شۇجى بىلەن قۇددۇس قارىي تەرەپ - تەرەپكە چاپاتتى. ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ئادەم ئىزدەش ئېلانى چىقاردى. لېكىن كىمنىسانىڭ دېرىكى بولمىدى. ئىساق شۇجى ئۈرۈمچىگە، قۇددۇس قارىي خوتەنگە بېرىپ كىمنىسانى تاپالماي كېلىشتى. كىمنىسا قۇددۇس قارىينىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا ھەر خىل يوللار بىلەن يىغىپ - توپلاپ، ساقلاپ كەلگەن مال - دۇنيالىرىنى ئېلىپ كەتكەنىدى. قۇددۇس قارىي نەچچە كۈنگىچە ئاھ ئۇرۇپ يىغلىدى. داد - پەرياد كۆتەردى، ساقاللىرىنى يۇلدى. ئاخىرى كوچىغا چىقىۋېلىپ قالايمىقان سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى. بەزىدە ئۆزىچە پىچىرلاپ، ھىجىياتتى. مەسچىتكە كىرىپ مېھراپ ئالدىدا دومىلايتتى. ئۇ شىشاق باللارنى كۆرسە قوغلاي سۈر - توقاي قىلاتتى. ئۇ ئېلىشىپ قالغانىدى.

كىمنىسانىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى پەقەت سۇلايمانلا بىلەتتى. سۇلايمان بۇنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىماسلىق قارارىغا كەلدى.

سۇلايمان چۈشتە تاماققا بارمىدى. بازارغا چىقىپ بىر تراكتور چىنى تاپتى. كۆمۈر شىركىتىدىن ئىككى توننا كۆمۈر ئېلىپ تراكتورغا باستى - دە، قىشلاققا راۋان بولدى. كۆمۈرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدىغا تۆكۈپ قويۇپ، يېرىمىنى تولغانئايغا چۈشۈرۈپ بەردى. قايتىش ئۈچۈن مېڭىۋىدى، تولغانئاي ئۇنى توختىتىۋالدى.

ــ تــوختــاپ تــۇر، ــ تــولغــانئاي كۆز جيه كلىرىده، كىرپىكلىرىده لىغىرلاپ تۇرغان ياشلارنى سۈرتۈپ تۇرۇپ دېدى، ــ كەتمىگىن، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار.

ــ چۈشتىن كېيىن ئىشىم ئالدىراش.

ــ مېنىڭ گېپىممۇ زۆرۈر، ــ تولغانئاينىڭ ئاۋازىدا يوشۇرۇن نارازىلىق ئىپادىسى ئەكس ئەتتى، ــ چوقۇم ئاڭلىمساڭ بولمايدۇ.

سۇلايمان بىر مىنۇتقىچە سۈكۈت قىلدى. ئاندىن:

ــ ئۇنداق بولسا كەچتە كېلەي، ــ دېدى.

ــ چوقۇم كەلگىن، چوقۇم... سەندىن ئۆتۈنەي، بېشىمغا كۈن چۈشتى، جەزمەن كەل، سۇلايمان.

ــ ماقۇل.

سۇلايمان بازارغا كېلىپ تراكتور چىنىڭ كىرا ھەققىنى تۆلىۋېتىپلا شىپاخانىغا كىردى. ياتىقىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ يۈز ـ كۆزىنى سوپۇنلاپ يۇدى. كېيىن ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ سوزۇلۇپ ياتتى. شۇ چاغدا ئىشىكتە گۈلجامال پەيدا بولدى.

ــ ئۆيگە كېتەمدۇق.

ــ مېنىڭ تازا مىجەزىم يوق، بىر دەم ئارام ئېلىۋالاي.

ــ يۈر سىلە، مىجەزلىرىگە ياققۇدەك تاماق ئېتىپ بېرىمەن.

ــ بىر نەرسە يېگۈم يوق، گۈلجامال...

گۈلجامال ئاستا مېڭىپ كېلىپ سۇلايماننىڭ كارىۋىتىدا ئولتۇردى.

ــ نېمە بولدىلا، يا بىرىدىن خاپا بولۇپ قالدىلىمۇ؟

سۇلايمان دەماللىققا بىر نېمە دېيەلمەي قالدى. ئۇنىڭ قەلبىدە بېسىلىپ تۇرغان ئوت لاپىلداپ يېنىپ كەتكەندى. بۇ ئوت تا ياشلىقنىڭ ئەڭ يۇكسەك ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى، سۆيگۈدىكى ئۆتكۈنچى ھەۋەس ـ ئىشتىياقنىڭ سېھىرلىك كۈچى، ھەقىقىي مۇھەببەت بىلەن كۆڭۈل ئاۋۇندۇرغۇچى بىر خىل تۇيغۇنىڭ ئارىلاش، يىراق ساھىلدىكى مەنزىلى پارلاپ تۇراتتى.

ــ ھېچنېمە بولمىدىم، گۈلجامال، مەن نېمە بولاتتىم، مەن ھېچنېمە بولمىدىم، مۇشۇنداق بولدۇم، مۇشۇنداق...

سۇلايمان سۆزلەۋېتىپ گۈلجامالنى تارتقۇشلاپ قۇچاقلىۋالدى.

ــ ۋىيەي... ئىشىك ئوچۇق تۇرسا...

سۇلايمان شاققىدە بېرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى ـ دە، تىترەپ ـ تۈگۈلۈپ تۇرغان گۈلجامالنى قايتىدىن باغرىغا باستى.

ــ گۈلجامال، مەن ساراڭ بولدۇم، سىلىنىڭ يانلىرىدا تۇرىۋەرسەم جەزمەن ئازغۇن ـ ساراڭ بولۇپ قالىمەن. مەن بۇ يەردىن كېتەي، بولمىسا... مەن چىدىيالمايمەن، گۈلجامال، مەن چوقۇم كېتەي، قىشلاققا كېتەي.

ــــ نېمىشقا كېتىلا، بىزنى تاشلاپما؟ ــــ گۇلجامال ئاللىقاچان سۇلايماننىڭ قۇچىقىغا چىقىپ قالغانىدى. ئۇ دەسلەپ يۇلقۇنۇپ تېپىرلىدى. بىر قانچە قېتىم سۆيۈلگەندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا بوشاپ جىم بولۇپ قالدى، ــــ سىلىنى ھەرگىز كەتكىلى قويمايمىز، كەتكۈزمەيمىز. سىلە بىزنىڭ ئۆينىڭ ئىگىسى، كېيىن بۇ ئۆينى سىلە باشقۇرىلا.

ــــ ياق، سىلە توي قىلغاندىن كېيىن، سىلىنىڭ ئەرلىرى باشقۇرىدۇ.

ــــ قايسى ئەر ئۇ؟

ــــ مەن نەدىن بىلەي.

ــــ دادام سىلىنى بالا قىلىۋالماقچى. بۇنى دېگىلى نەۋاق.

ــــ ئۇ دېگەن دادىلىرىنىڭ گېپى، گەپ مەيەردە، ــــ سۇلايمان ئوڭ قولى بىلەن قىزنىڭ سول كۆكسىنى يېنىككىنە باستى، ــــ گەپ مەيەردە، سىلىنىڭ يۈرەكلىرىدە.

ــــ دادام مېنىڭ يۈرىكىمدىكى گەپنى قىلغان. بۇنىڭغا ئىشەنمەمىلا؟ ئىككىمىزنىڭ رىزىق ـ نەسىۋىمىز قوشۇلىدىغان بولدى. مەن ئاتا ـ ئانامدىن كېيىن قالغاندىن كېيىنمۇ خەقنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسمايدىغان بولدۇم، دەپ خۇشال بولۇۋاتىمەن.

ــــ را ستتىن مېنى يارىتامىلا؟

ــــ يارىتىمەن، باشتىلا ياراتقان، ھازىرمۇ يارىتىمەن. بولمىسا مۇشۇنداق قۇچاقلىرىدا ئولتۇرامدىم، سۇلايمان، سىلە مېنى چۈشەنمەيدىكەنلا.

سۇلايمان قىزنى قېنىپ ـ قېنىپ سۆيگەندىن كېيىن لىككىدە كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا بېسىۋالدى، قىز ھودۇقۇپ، قورقۇپ قاتتىق تېپىرلاشقا باشلىدى.

ــــ ياق، سۇلايمان ئۇنداق قىلمىسىلا، نومۇس قىلسىلا، مېنى بوزەك قىلمەن دېمىسىلە، سىلە بىلەن توي قىلىمەن دېگەن گۇناھىم ئۇ چۈن مۇشۇنداق ئەسكىلىك قىلامىلا، ياق! نېرى تۇرسىلا!

گۇلجامال بىرلا كۈچەپ ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى.

ــــ مەن ھايۋان ئەمەس، كۆرگەنلا يەردە... مەن ئادەم بالىسى، سىلى مېنى چىن كۆڭۈللىرىدىن ياخشى كۆرسىلە ئاشۇنداق قىلامتىلە؟

گۇلجامال بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

ــــ گۇلجامال، مېنى تازا تىللىسىلا، ئۇرسىلا، ــــ سۇلايمان پەگادا ئۆرە تۇرغان گۇلجامالغا ئېسىلىۋالدى، ــــ مەن سىلىنى ھەقىقەتەن... سىلىگە كۆيۈپ... خاپا بولمىسىلا، ھەرگىز كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا.

گۇلجامال بىر ھازا يىغلىغاندىن كېيىن، ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

ــــ دادامغا تاماق ئېتىپ بېرەي، سىلىگە ئەكىرىپ بېرەيمۇ يا كىرىپ يەپ چىقامىلا؟

ــــ مەن... مەن ئارام ئېلىپ تۇراي.

گۇلجامال چىقىپ كېتىپ بىر ئازدىن كېيىن يەنە قايتىپ كىردى.

— ئادامغا بىر بوۇقۇت چىقسىلا، كېيىن باردەك قىلىدۇ

— ماقۇل ھازىرلا، — سۇلايمان سەل خاتىرجەملىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. چۈنكى بېقىندىن بېرى تېۋىپنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇش رىتىمى قالايمىقانلىشىپ، ھاسىغا چۈشۈپ قالغانىدى.

ئۇ ھويلىغا كىرگەندە قوبرۇقى بەرگە تېگەيلا دەپ قالغان بىر قوشقارنىڭ ئۆرۈككە باغلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەختەم قارى ھاجى پېشايۋان سۇپىسىدا ھاسىراپ ئولتۇراتتى.

— خىزمەت بارمىدى، ھاجىم؟

— شۇنداق، ئوغلۇم، بۈگۈن كەچتە مېھمان كېلەمەكچى. گۈلجامال قازان بېشىغا بېرىشەلمەيدۇ. ئەنە ئاۋۇ قوشقارنىمۇ سويىدىغان گەپ، شۇڭا ئاشپەز، قاسساپ تونۇشلىرىڭىزدىن بىرەر ئىككىنى چاقىرىپ كېلىڭ، باردەملىشىپ.

— خوپ ھاجىم.

سۇلايمان تاپشۇرۇقلارنى دەرھال ئورۇنلىدى. گۈلجامال ھويلا، ئايۋان، مېھمانخانىلارنى سىرىپ ـ سۈپۈرۈپ، سۇ سەپتى. ئاشپەز يېتىپ كېلىپ باردەملىشىپ ھالۋا، قىيمىلىق ئۆگرە، پولۇنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. سۇلايمان قاسسايغا باردەملەشتى. مېھمانلار كېلىشكە باشلىغاندا سۇلايمان گويا مۇشۇ ئۆينىڭ ئىگىسىدەك ساھىبخانىلىق قىلدى. مېھمانلار ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، چوڭ جامەنىڭ خاتىپى قاتارلىق ئون كىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەممىسى ئەختەم قارى ھاجىنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى ئىدى. چاي، ھالۋادىن قىيمىلىق ئۆگرە تارتىلدى. مېھمانلار يەپ ـ ئىچكەچ ھاجىنىڭ كېسىلى ھەققىدە سۆز باشلىۋىدى، ئەختەم قارى ھاجىمۇ ئۆزىنىڭ كېسىلى ۋە بۈگۈنكى مېھمان چاقىرىشىنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى بايان قىلدى.

— دەرد يۈرەكتە، يارىلار دەرد يۈرەكتە. ياش، قېرى، جانلىرىمىز دەرد ـ ئەلەمدە ئۆتتى. زامان ئۆزگەرگەندىن بۇيانسا، مانا كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر، قېرىلىق يەتتى. ئاجىزلىدۇق. ئۇراقتىن بۇيان يۈرەكتە بىر ئارزۇ ـ ئارمان بار ئىدى. جانابىي ئاللانىڭ شاپائىتى، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئىلتىپات ـ مەرھەمىتى بىلەن بۇ ئارمانغىمۇ يەتتۇق. ھەزرىتى مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك ئىزلىرىنى، قەدەم جايلىرىنى تاۋاپ ـ زىيارەت قىلدۇق. ئەمدى بۇرۇن تارتقان ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىمىز بىلەن بۈگۈنكى شاد ـ خۇراملىقىمىز بىر ئىشىپ يۈرەككە دەز يەتكۈزدى. تىبابەتىمىزدە «شادى مەرگ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كېسەل بار. بۇنىڭ مەنىسى خۇشاللىقتىن يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلۈش دېگەنلىك. گەرچە پېقىر ئېغىر بۇ مەرتىۋىگە يەتمىگەن بولسامۇ، ھەددىدىن زىيادە خۇشلۇق يۈرىكىنىڭ سوقۇشىنى تېزلىتىۋەتتى. ئۆزىمىز تېۋىپ، ئەمما ئۆزىمىزگە داۋا تېپىشقا چارىسىز قالدۇق.

ئەختەم قارى ھاجى ھاسىراپ، ئۇراق سۆزلىدى، مېھمانلار ھاجىغا تەسەللىي بېرىپ: «ئېغىر ياشىلا، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈڭلا، ئاللانىڭ شاپائىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇشلىرى لازىم»

ـــ دېيىشىپ تەسەللى بېرىشتى. شۇ ئارىدا سۇلايمان مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىنىلەردە شورپا، لەگەنلەردە گۆش كەلتۈردى.

شورپا ئىچىلىپ، گۆشلەر يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەختەم قارىي ھاجى ھاسىسىنى تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، سۆزىنى داۋام قىلدى:

ـــ ھەر قايسىلىرىنىڭ پېقىر غائىزھار قىلغان ياخشى تىلەكلىرىگە يۈزمىڭ تەشەككۈر، مەنمۇ ھەر قايسىلىرىنىڭ ھوزۇرىغا ئۆز تىلىكىمنى سۇنماقچىدىم، ھە ئوغلۇم سۇلايمىناخۇن سىزمۇ چىقىپ كەتمەي تۇرۇڭ. يارانلىرىم، ھايات شامىم خىرەلىشىۋاتىدۇ. قاچان ئۆچىدۇ، بۇنى بىر جانابىي ئاللا بىلىدۇ. ھەر ھالدا بۇ گۈنمۇ، ئەتىمۇ، ھامان بىر كۈنى شۇنداق بولىدۇ. شۇڭا مۇشۇنچىلىك ۋاقتىمدا ھەر بىرلىرىنى جەم قىلىپ، مۇددىئايىمنى سەمىلىرىگە سېلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

ـــ قېنى، قېنى ئاڭلايلى، ـــ دېيىشتى مېھمانلار.

ـــ ئاجىزەمىز بالىغ بولدى، ئىككى ـ ئۈچ يەردىن ئەلچى كېلىۋېدى، بۇ ئىش ئىختىيارىمىزغا چىقماي قالدى. ئەمدىلىكتە قارىساق، جانابىي ئاللا بۇ مۇشكۇلاتلىرىمىزنى ئاسان قىلغاندەك تۇرىدۇ، يەنى مەسىلەن. مۇنۇ سۇلايمىناخۇن ئوغلىمىز خېلى بولدى، خىزمىتىمىزدە بولۇۋاتىدۇ، ئۆزى يېتىم، ھېچنېمىسى يوق. شۇڭا ئوغلىمىز سۇلايمىناخۇننى كۈيئوغۇل قىلىۋېلىش قارارىغا كەلدىم. پېقىر شىپاخانا ئورنىنى سېتىۋالغانىدىم. قۇرۇلۇش ئۈچۈن سۇلايمىناخۇن 30 نەچچە مىڭ كوي خەجلىۋەتتى. مېنىڭ پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىدى. كۆز يۇمسام، شىپاخانىنى ئاجىزەم يالغۇز باشقۇرالمايدۇ. شۇڭا سۇلايمىناخۇن ئۆزى ئىگە بولسىكەن، دەيمەن. خۇدا نېسىپ بولسا تويىنىمۇ پات ئارىدا قىلىۋېتىمىز، ئەتە ـ ئۆگۈن مۇشۇ ھەقتە خەت ـ مۆھۈر قىلدۇرۇپ قويۇش نىيىتىممۇ بار. يەنە بىر تەلىپىم، ھەر بىرلىرىنىڭ شاھىتلىقىدا ئىككى يېتىمنى پاتىھە قىلدۇرۇپ قويساق. ئامان بولسامغۇ تويىنى كۆرەرمەن، بولمىسا گەدىنىمدە قەرز قالمىسۇن. خەيرىيەت، ھۆكۈمەتتىن ئالدىغان توي خېتىنىمۇ ئەتە خۇدا بۇيرىسا ئالىمىز.

ئەختەم قارىي ھاجى ھاياجانلىنىپ سۆزلىيەلمەي قالدى. ئۇ ھاسىراپ كەتكەنىدى. سۇلايمان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئەختەم قارىي ھاجىغا ۋە مېھمانلارغا ئەدەب يۈزىسىدىن تەزىم قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ ئارقىسىدىكى تامغا يۆلەنگىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. مېھمانلارنىڭ باشلىرىدىكى ئاپئاق سەللىلەر، كۆك، قارا، ئالا يوللۇق تون ـ يەكتەكلەر تەۋرىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

ـــ توي قىلىش گۇۋاھنامىسىنى كۆرمەي تۇرۇپ نىكاھ پاتىھەسىنى ئوقۇساق بولماس، ـــ دېدى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ساقىلىنى سىلاپ، ـــ بۇنداق قىلساق دۆلەتنىڭ قانۇن ـ پەرمانلىرىغا خىلاپ بولىدۇ. شۇڭا بالىلار ئەتىلا خەت ئالسۇن. ئاندىن پاتىھەسىنى بېرەيلى، شۇنداق قىلساق بولارمۇ، ھاجىم؟

ـــ ماقۇل ئەمىسە، ئەتە كەچ ئۆزلىرىنىڭ يوللىرىغا قارايمىز، كېلىپ پاتىھە قىلىپ بەر-

سىلە.

— ئوبدان، خىزمەتلىرىدە بولىمىز.

سۇلايماننىڭ بېشى قېيىپ ئايلىنىۋاتقاندەك بولدى. يۈرىكى ئادەتتىن تاشقىرى شىددەتلىك سوقۇپ كەتتى. ئەختەم قارىي ھاجى ئۇنىڭ غەلىتە بىر قىياپەتتە مۈكچىيىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، تەئەججۈپقا چۆمدى ۋە:

— ئوغلۇم، ئاش تەييار بولدىمىكىن، — دېدى.

سۇلايمان ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك ئورنىدىن تۇردى ـ دە، چىقىپ كەتتى. گۈلجامال بىلەن ئاشپەز ئۇستا ئاشخانىدا ئىدى. پولۇ قازىنى تېخى چۈشۈرۈلمىگەنىدى. سۇلايمان تېنەپ قالغان يولۇچىدەك ھويلىدا ئۇيان ـ بۇيان ئايلىنىشقا باشلىدى. ۋاقىت ئۆتمەكتە. ئۇ مېھمانلارنىڭ پاتراق ئۇزاپ چىقىشىنى كۈتەتتى. چۈنكى ئۇ يەنە ۋەدىگە ئەمەل قىلىپ قىشلاققا بېرىشى، تولغانئاينىڭ زۆرۈر گېپىنى ئاڭلىشى، ئۇنىڭ دەرد ـ ئەھۋالىغا يېتىشى ۋە ئاندىن كېيىن قايتىپ كېلىشى لازىم ئىدى. سۇلايمان ھويلىدا توختىماي ماڭاتتى. مېھمانلار ئاخىر ئۇزاپ چىقىشتى. سۇلايمان تېز ـ تېز قەدەم تاشلاپ دەرۋازىدىن چىقتى. كۆكتە يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. ئەتراپ قاراڭغۇ، ھاۋا سوغۇق ئىدى. سۇلايمان تۆمۈرچىلىك دۇكىنى ئالدىدا بىر پەس توختىدى. تۆمۈرچىلىك دۇكىنى باشقا بىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. رۇستەمنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە كىمنىسا دۇكاننى سېتىپ، پۇلىنى ئىچكىرىگە ئېلىپ كەتكەنىدى. سۇلايمان دۇكانغا قاراپ ئۇزاق تۇرۇپ قالدى. ئاھ، دوستلۇق قەسىمى! ئۇنىڭ يۈرىكىنى ناھايىتى ئۆتكۈر بىر خەنجەر تۇيدۇرماستىن تىلىپ پارە ـ پارە قىلىۋاتاتتى.

سۇلايمان شىپاخانىغا كىرىپ موتىسىكىلىتنى يېتىلەپ چىقتى. كۈندۈزدىكى شىلىمشىق پاتقاقلار كېچە سوغۇقىدا قېتىپ كەتكەن بولۇپ، دەسسىگەندە تاراقلاپ ئاۋاز چىقىراتتى. تولغانئاي بۇ چاققىچە ئۇخلاپ قالغاندۇ، ئەتە بارايمۇ ـ يا. ئۇ، بۈگۈن چوقۇم كەل، دېگەنىدى. ئۇ تولغانئاينىڭ مۇڭلۇق، غەمكىن قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. تولغانئاي چوقۇم بىر پالاكەتكە يولۇقتى، بولمىسا ئۇ چوقۇم كەل، دېمەيتتى. ئۇنىڭ ماڭا دەيدىغان مۇھىم بىر گېپى بار، باراي.

موتىسىكىلىت گۈرۈلدەپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرىغىنىڭ نۇرى تۈن قاراڭغۇلۇقىنى قىلىچتەك كېسىپ ئۆتتى. سۇلايمان موتىسىكىلىتنى تولغانئاينىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختاتتى. تولغانئاي دەرۋازىنىڭ كىشىكىگە يۆلىنىپ يولغا قاراپ تۇرغانىدى.

— ئەمدى كەلدىڭمۇ؟ — دېدى تولغانئاي غەمكىن ئاۋازدا، — قېنى ئۆيگە كىرە، بۇ نەرسەڭنىمۇ ئەكىرىۋەت.

تولغانئاي ئۆيگە شام ياقتى. سۇلايمان قىرىغا ياغاچ زەگىندە بېكىتكەن سۇپىنىڭ تۆرىدىكى كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇردى. دېرىزە ھەم ئېتىلگەن، ئىشىككە مىلەڭزە تار تىلىغان بولسىمۇ، مەشكە ئوت يېقىلمىغاچقا ئۆي خېلى سوغۇق ئىدى.

ـــ ئوغلۇڭ قېنى ؟ ـــ سورىدى سۇلايمان.

ـــ ئۇيانقى ئۆيدە ئۇخلاپ قالدى.

ـــ يالغۇز قويمساڭ بولاتتى، ـــ دېدى سۇلايمان تولغانئاينىڭ ئۇنى بۇ سوغۇق مېھمانخانىغا باشلاپ كىر گىنىدىن ھەيران بولۇپ، ـــ قارا بېسىپ قالمسۇن يەنە.

ـــ بېشىدا قۇرئان قويۇپ قويدۇم. قارا بېسىپ قالمايدۇ.

قۇرئان! ئاھ خۇدا! رۇستەم ئىككىمىز ئۇنى مەيدىمىزگە بېسىپ تۇرۇپ قەسەم ئىچىشكەن. ئۇ قەسەممىزنىڭ گۇۋاھچىسى. تولغانئاي مەشكە ئوت ياقتى. چاي قاينىتىپ داستىخان سالدى. ئۆزى ئەتكەن قاتلىمىلارنى ئۇشاتتى. ئۆي خېلى ئىسسىپ قالدى.

ـــ تاماق ئېتەي، ـــ دېدى تولغانئاي، ـــ نېمە يېگۈڭ بار، مەن سېنى كەلسە ئۆزىدىن سوراپ قازان ئاساي دەپ تۇرغان.

ـــ ئاۋارە بولما، مەن بىر كاتتا زىياپەتتىن كەلدىم، قورسىقىم توق. سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلاپلا قايتىمەن، ـــ سۇلايمان قويۇق دەملەنگەن چاينى بىر ئوتلىدى، ـــ چوقۇم كەتمىسەم بولمايدۇ.

ـــ نەدىكى كاتتا زىياپەتكەن ئۇ. ھە، راست، تىۋىپنىڭ ئۆيدىكى زىياپەت ھەقچان. بىلىمەن. سەن مەندىن ئۆچ ئېلىش ئۇچۇن ئاشۇ تىۋىپنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالدىڭ، كېسىلىڭنى ساقايتقىنىغۇ ياخشى بولدى. لېكىن... ئۇ كىشىنىڭ بەكمۇ چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. سەن يازدا باشلاپ كەلگەن قىز شۇدۇ ھەقچان. ئاھ خۇدا، بۇ ماڭا ئازاب ئەمەسمۇ؟ لېكىن نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ گۇن كەتمەيسەن.

ـــ ياق، كېتىمەن، ـــ سۇلايمان كەسكىن ئاۋازدا دېدى، ـــ مەن بۇ گۇندىن باشلاپ تىۋىپ ئائىلىسىنىڭ ئادىمى بولدۇم.

ـــ بېشىڭنى ئايلاندۇرۇپ قويغان ئوخشايدۇ ئۇلار.

ـــ ياق، تولغانئاي قارا، مەن ئەمدى توي قىلمىسام بولمىغۇدەك. ئەختەم قارىي ھاجى بۇ گۇن ئۆز قارارىنى ئېيتتى، ئەتە، ئەتە... توي خېتى ئالىدىغان بولدۇم.

ـــ چۇشەكەپ قاپسەن!

سۇلايمان بۇ گەپتىن چۆچۈپ پىيالىنى قويدى ـ دە، تولغانئايغا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. تولغانئاينىڭ پەرۋاسىز قىياپىتى ئۇنى تېخىمۇ ئەجەبلەندۇردى.

ـــ بىلمىدىم، نېمە دەۋاتىسەن، يەنە بىر دېگىنە.

تولغانئاي تام تەكچىسىدىن بىر لىپاپىنى ئېلىپ كېلىپ داستىخانغا ياققىدە تاشلاپ قويدى.

ـــ بۇنى ئوقۇپ باق، ھەممە گەپ مۇشۇنىڭدا، ئوقۇپ بولغاندا بىلىسەن.

سۇلايمان سەل مەڭدەپ تۇرۇپ لىپاپىنى ئاستاغىنا قولىغا ئالدى. ئۇستىدىكى خەنزۇچە يېزىقنى كۆرۈپ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا بىر دىنىلا سوغۇق تىترەك ئولاشتى. بۇنداق لىپاپىنى خېلى بۇ-

رۇن ئۇ كىمنىسانىڭ قولىدىن ئالغانىدى. ھەر ئىككى لىپاپىدىكى خەتلەر ئوخشايدىغاندەك قىلاتتى. سۇلايماننىڭ يۈرىكى دەھشەتلىك بىر خەۋپنى سەزگەندەك ئەنسىز دۈپۈلدەشكە باشلىدى.

«ساڭا ۋە ئوغلۇمغا سالام، — سۇلايماننىڭ قوللىرىدىكى تىترەك سەل بېسىلدى. سالام دەپتۇغۇ، ئايالىنى، بالىسىنى تىلغا ئاپتۇ. سۇلايمان ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى، — مەن يۇرتتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سېنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىڭنى كىمنىسانىڭ خەتلىرى ئارقىلىق بىلىپ تۇردۇم. ئۇ خېتىدە، خوتۇنۇڭ سۇلايماننىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالدى، سۇلايماننى ئۆيىدە قوندۇردى، ھازىر ئۇلار ئەر ـ خوتۇندەك، دەپ يېزىپتۇ. كىمنىسا شاڭخەيگە كەلگەندىن كېيىن ئاشۇ گەپلەرنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىپ بەردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئانچە ھەيران قالمىدىم. چۈنكى مەن سەن بىلەن توي قىلىشتىن بۇرۇنلا سۇلايمان ساڭا كۆز سېلىپ يۈرگەن، بۇنىمۇ كىمنىسادىن ئاڭلاپ يۈرەتتىم. سۇلايمان مەندىن سىرىنى يوشۇرغانىدى. ساڭا چاي ئىچكۈزۈش، توي قىلىش جەريانىدىكى خىراجەتلەرنىڭ ھەممىسىنى سۇلايمان بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ دوستلۇق ئۈچۈن قىلغان مەردانىلىقىنىڭ تېگىدە قانداق رەزىل مەقسەتلىرى بارلىقىنى دەسلەپ چۈشەنمىگەنىكەنمەن، چۈنكى، ئارىمىزدا قەسەم بار ئىدى ـ دە. ئۆيىمىز چېقىلغاندا قىلغان ياردەملىرى، ئۆزىگە ئاتاپ ياساتقان ئۆيىنى بىزگە بەخشەندە قىلىۋېتىشلىرى پەقەت سەن ئۈچۈن قىلىنغان ئىش ئىكەن. مەن سەندىنمۇ، سۇلايماندىنمۇ گۇمان قىلاتتىم. لېكىن سۇلايمان بىلەن ئوتتۇرىمىزدا دوستلۇق قەسىمى بولغاچقا، مەن ھەممىگە سۈكۈت قىلىپ ئۆتكۈزۈۋەتتىم. قەسەم قىلغاندا بىزگە گۇۋاھچى بولغان قۇرئان ھېلىمۇ ئۆيىمىزدە بارغۇ. قەسەممۇ ئېسىمدە. مەن سۇلايماننىڭ ياخشىلىقلىرىنى جەزمەن ياندۇرىمەن دەپ ئىرادە باغلىغانىدىم. شۇڭا چارباغدا، ناھىيىدە تۆمۈرچىلىك كەسپىمنى داۋاملاشتۇرۇپ كۆپرەك پۇل تېپىشنى ئويلىغان. ئەمما بازار باشقۇرغۇچى، باجگىر دېگەنلەر بىر موچەن پۇل تېپىپ بولغىچە ئىككى موچەنلىك تالوننى كۆزۈمگە تەڭلەپ تۇراتتى. ئامالسىز قالدىم. ئۆيۈمنىڭ چېقىۋېتىلىشى، سۇلايماننىڭ يېڭى ئۆيىنى بىزگە بېرىۋېتىشى مېنىڭ غۇرۇرۇمنى سۇندۇردى، رەھىمسىز تەقدىر ئالدىدا باش ئېگىشكە مەجبۇر بولدۇم. شۇڭا ئىچكىرىگە بېرىپ كۆپرەك پۇل تېپىپ، سۇلايماننىڭ پۇللىرىنى قايتۇرۇشنى، چارباغلىقلارنىڭ ئالدىدا، سېنىڭ ئالدىڭدا بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەيدەمنى كېرىپ يۈرۈشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. بىراق گەدىنىمدىكى قەرزلەرنى سەن سۇلايمانغا باشقىچە ئۇسۇللار بىلەن قايتۇرغىلى تۇرغان ئىكەنسەن. تولغانئاي، مەن ھازىر ئوغلۇم كامىلنىڭمۇ مېنىڭ پۇشتۇم ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالدىم. مۇشۇ خەتنى قولۇڭغا ئالغان ۋاقتتىن باشلاپ سەن ئۆچتالاق!...»

سۇلايمان لاغ ـ لاغ تىترىدى. ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى. پۈتۈن تېنى تۆھمەت، ھاقارەت گۈلخىنىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىۋاتقاندەك بىلىندى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ھېچنېمىنى كۆرەلمەي قالدى.

— ئاخىرىنى ئوقۇپ تۈگەتكىنە، — خىتاب قىلدى تولغانئاي كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — ئوقۇ.

سۇلايمان خەتنىڭ داۋامىنى ئوقۇدى:

«تولغانئاي، مەن ناھىيىلىك سوتقا ئاجرىشىش توغرىسىدا ئەرز يېزىپ ئەۋەتتىم. سۇلايمان ساڭا ئاشىق، ئەمدى شۇنىڭ بىلەن مۇرادىڭغا يېتىۋال. قىشلاق ئىككىڭلارغا ئوڭچە قالدى...»

سۇلايماننىڭ كۆزلىرى خىرەلىشىپ، خەت قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇ دەلدەڭشىپ ئورنىدىن تۇردى. سەندىرەكلەپ ھويلىغا چىقتى. دەرۋازا ئىچىدىن قۇلۇپلاقلىق ئىدى.

— دەرۋازىنى ئېچىۋەت، كېتىمەن.

— مەن دەيدىغان گېپىمنى دېمىدىم تېخى، بايىقى رۇستەمنىڭ دېگەنلىرى، ئۇقتۇڭمۇ؟

تولغانئاي سۇلايماننىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۆي تەرەپكە تارتتى. سۇلايمان تولغانئايغا ئەگىشىپ مېھمانخانىغا قايتىپ كىردى. ئۇنىڭ مېڭىسى داشقازاندىكى ئۇماچتەك پورۇقلاپ قايناۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ھاقارەتتىن تۆرەلگەن دەھشەتلىك بىر كۈچ پاك بىر ھايات ئىگىسىنى ناھايىتى چوڭقۇر بىر قاينامغا رەھىمسىزلەرچە ئىرغىتىپ تاشلىماقتا ئىدى.

— خەتنى ئوقۇدۇڭ، — تولغانئاي ئۇنىڭغا روبىرو ئولتۇرۇپ يىغلامسىرىغان ھالدا سۆزلەشكە باشلىدى، — رۇستەمنىڭ مېنى تاشلىۋېتىپ كىمنىسا بىلەن تېپىشىۋالغىنىدىن قىلچە ئۆكۈنمەيمەن. بەلكى ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىنىمغا خۇشالمەن. لېكىن ئۇنىڭ ئىككىمىزگە قىلغان ھاقارەتلىرىگە چىداپ تۇرالمايمەن. ئەمدى ساڭا تېگىمەن. توي قىلايلى. رۇستەم دېگەندەك مۇرادىمىزغا يېتەيلى.

سۇلايمان ئۈنلۈك ئىڭرىۋەتتى. چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئايۋانغا چىقتى. تامنى سىلاپ مېڭىپ تەسەللىكتە قىشلىق ئۆيگە كىردى. تولغانئاي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شام كۆتۈرۈپ كىردى. سۇلايمان بۆشۈكتە يېنىك تىن ئېلىپ خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان بوۋاقنىڭ چىرايىغا بىر ھازا قاراپ تۇردى. كېيىن بوۋاقنىڭ بېشىدا تۇرغان قۇرئاننى قولىغا ئېلىپ سۆيدى. مەيدىسىگە باستى. ئىككى دوست مۇشۇ قۇرئاننى تۇتۇشۇپ قەسەم ئىچىشكەنىدى. سۇلايمان ئۆزىمۇ ئاڭلىمىغۇدەك دەرىجىدە بوش پىچىرلاشقا باشلىدى. پىچىرلاۋېتىپ ئارقىسىغا داجىدى ۋە پەگاغا گۈپپىدە غولاپ چۈشتى. تولغانئاي ئېڭىشىپ يەردىن قۇرئاننى ئېلىپ جايىغا قويدى. سۇلايماننى مېھمانخانىغا يۆلەپ ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى. كېيىن مەشكە كۆمۈر سالدى. يوتقان ئىچىدە جىمجىت ياتقان سۇلايمانغا بىر ھازا قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدا ئۇزاق سەپەردىن ھېرىپ-ئېچىپ، ئۇسساپ كەلگەن يولۇچىنىڭ باغۇ-بوستانلىق، نازۇ-نېمەتكە تولغان بىر ئارامگاھقا يېتىپ كەلگەن چاغدىكى شادلىقى، خاتىرجەملىكى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

سۇلايمان ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچتى. مەشتىكى ئوتنىڭ شولىسى ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. سۇلايمان يېنىدا تولغانئاينىڭ قىپيالىڭاچ ھالدا پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئېسىگە كېلىپ ئۆزىنىڭ نەدە، كىم بىلەن ياتقانلىقىنى بىلدى-دە، چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

تولغانئاي ئۆيغانغاندا ئۆزىنىڭ تەنها ياتقانلىقىنى كۆرۈپ هەيران قالدى. لېكىن ئۇنىڭ يېنىدا سۇلايماننىڭ ياتقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇ سۇلايمان ياتقان ئورۇنغا بىر خىل لەززەت تۇيغۇسى بىلەن قاراپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇ بەختلىك منۇتلارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى هېس قىلىپ تەسۋىرلىگۈسىز بىر هايا جانغا چۆمۈلگەنىدى. تولغانئاي توكلاپ كېتىپ يەنە يوتقانغا يۈر كىنىۋالدى. تۇگۇلۈپ يېتىپ كېچىكى كەچمىشلىرىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزگەچ سۇلايماننىڭ كىرىشىنى كۈتتى. خېلى ئۇزۇن كۈتتى. لېكىن سۇلايمان كىرمىدى. تولغانئاي ئەنسىرەپ هويلىغا چىقتى، دەرۋازىنى ئاچتى. سۈبھى يورۇغان، ئاسمان سەتھى كۆمۈش رەڭدە تاۋلىنىپ تۇراتتى. تولغانئاي دەرۋازىنىڭ قانتىغا يېزىلغان خەتنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭغا ياغاچ كۆمۈرى بىلەن « مەن دوزاخقا كەتتىم » دەپ يېزىلغانىدى. تولغانئاي سۇلايماننىڭ خېتىنى تونۇيتتى. ئۇ دەهشەتلىك ئاۋازدا چىرقىرىۋەتتى ۋە هوشىنى يوقىتىپ بوسۇغا تۈۋىگە گۈپپىدە يىقىلدى.

ئەتتەم قارىي كېچىدە گۈلجامالنى چاقىردى. گۈلجامال دەررۇ كىيىنىپ دادىسىنىڭ ئالدىدا هازىر بولدى.

ــ قىزىم، قاپقىم تارتىپ، كۆڭلۈم ئۆيەپ كېتىۋاتىدۇ. شىپاخانىغا بېرىپ سۇلايمانخۇنىنى ئۆيگە ياندۇرۇپ كىرسىلە، يېنىمدا ياتسۇن.

گۈلجامال شىپاخانىدىن هايال ئۆتمەي قايتىپ كىردى.

ــ يوق، ياتىقىدا ياتماپتۇ.

ــ نەدىن بولسا تېپىپ كەلسىلە، يېنىمدا تۇرسۇن، ماڭا هەمراھ بولسۇن. بىئارام بولۇپ كېتىۋاتىمەن. ئېهتىمال قىشلاقتا كەتكەندۇ، بارسىلا، تېز بارسىلا.

گۈلجامالغا دانىش ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. دانىش سۇلايماننىڭ كېچىدە موتىسىكلىتىنى گۈر كىرىتىپ كەلگەنلىكىنى بىلەتتى. لېكىن گۈلجامالغا گەپنىڭ راستىنى دېگىلى ئۇنىمىدى. گۈلجامال دادىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەپ بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ ئارىدا ئىت قاۋاپ قالدى. دانىش بىلەن گۈلجامال تولغانئاينىڭ قورۇسىنىڭ تېمىدىن بىرىنىڭ ئارتىلىپ چۈشۈپ دەرۋازا ئالدىغا بارغىنىنى، هايالشمايلا قورۇ ئارقىسىدىكى جىگدىلىككە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇردى.

ــ كىمدۇ ئۇ ؟

ــ ئوغرى ئوخشايدۇ جۇما، ــ دېدى دانىش قەستەن بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ــ مەن ئىز بېسىپ قوغلاي، سىلە توختاپ تۇرسىلا.

دانىش جىگدىلىك تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى. دانىش سۇلايماننى يېقىنلا يەردە كۆردى. سۇلايمان بىر تۈپ قېرى جىگدە شېخىغا ئارغامچا باغلاپ سىرتماق قىلدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە سىرتماققا بېشىنى تىقتى. دانىش يۈگۈرۈپ بېرىپ سۇلايماننى كۆتۈرۈپ تۇرۇۋالدى. دەل شۇ پەيتتە گۈلجامال يېتىپ كېلىپ دانىشنىڭ بېقىنىغا ئېسىلغان غىلاپتىن مۇڭگۈز ساپلىق پىچاقنى سۇغۇرۇپ ئالدى ۋە جىگدىنىڭ يېرىمىغىچە ئېسىلىپ چىقىپ ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى



كېسۋەتتى. ئەمما سۇلايمان دانىشنىڭ قولىدىن بوشىنىپ چىقتى-دە «مەن ئۆلدۇم»، «مەن دوزاخقا كەتتىم» دەپ ۋارقىرىغىنىچە يۇلغۇنلۇق تەرەپكە قاچتى.

دانىش بىلەن گۈلجامال ئۇنى يېرىم سائەتتىن ئارتۇق قوغلىدى. سۇلايمان تۇتۇق بەرمەي قاچاتتى. ئۇ قېچىپ كېتىۋېتىپ يەنىلا ئۆلۈۋېلىش توغرىسىدا ئويلايتتى. قانداق ئۆلۈۋېلىش توغرىسىدا چارە ئىزدەيتتى. لېكىن ئۇنىڭ يېنىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا بولىدىغان بىرەر نەرسە يوق ئىدى. پېچاق ئاسماي ئادەتلەنگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى. سۇلايمان جاندىن تويغانىدى. ئۇ قەسەمگە خىلاپلىق قىلغان، تولغانئاي بىلەن زىنا قىلىپ چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ئۆلۈمگە لايىق دەپ ھېسابلايتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈۋېلىش پىلانىنى دانىش بۇزۇۋەتكەن بولسىمۇ، ئۆلۈۋېلىش خىيالىدىن تېخى ۋاز كەتمىگەنىدى. ئۇنىڭغا ئۆلۈۋېلىش تەس ئەمەستەك، ئاسانلا ئۆلۈۋالغىلى بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. لېكىن ئۆلۈش يولىنى تاپالمايۋاتاتتى.

— سۇلايمان! توختىسىلا، دادامنىڭ ئەھۋالى ئېغىر. سىلىنى يېنىمدا تۇرسۇن دېگەن، شۇڭا ئىزدەپ كەلدىم. توختىسىلا، دادامنىڭ يېنىغا بارسىلا.

— سۇلايمان، جېنىم ئۇكام، ئۇنداق قىلما. ئەختەم قارىي ھاجى سېنى چاقىرىپتۇ. شۇ يەرگە بارايلى. قارا، گۈلجامالغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن. توختا ئۇكام.

— ياق، سىلەر قايتىپ كېتىڭلار. ماڭا ئۆلۈم ھەق. مەن دوزاخقا بارىمەن. مېنى ئۆلگىلى قويۇڭلار.

سۇلايمان قاچاتتى. دانىش بىلەن گۈلجامال ئۇنى توختىماي قوغلايتتى. ئۇنىڭ «مەن دوزاخقا كەتتىم» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى قىشلاق ئۈستىدىكى بوشلۇقتا جاراڭلايتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈگەن تورغايلار، ياۋا كەپتەرلەر ۋە قۇشقاچلار پۇر-پۇر قىلىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلەتتى. سۇلايمان ھاسىرىغىنىچە يۈگرەيتتى. دانىش بىلەن گۈلجامال ئۇنىڭغا بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتاتتى. (تۈگىدى)

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە



زۆھرە ئابدۇۋايىت

# كەلگىندى

(ھېكايە)

بىزنىڭ يۇرتتا ئەيسا مۇسا ئىسىملىك بىر ئادەم بولىدىغان، ئۇ ھەر قاچان قارا تەر، كىردىن رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئالدى ئوچۇق، تۈگمىلىرى يوق ماتا كۆڭلەك ئۈستىدىن قارا پوتا باغلاپ، بېشىغا پۇرلاشقان، ئۆڭۈپ كەتكەن سېرىق ھەربىي شەپكە كىيىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتىنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. چوڭلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بۇ يەرگە 6 — 7 يىلنىڭ ئالدىدا چاچ - ساقاللىرى ئۆسكەن، غېرىپ چىراي ھالدا پەيدا بوپتىكەنمىش. ئەترەت باشلىقى ئۇنىڭغا تۆت پۇڭ جايلىق يەر بېرىپ، ئەترەتكە ئەزا قىلىۋاپتىكەن. ئۇ جايلىق يەرگە پاكار كېسەك تاملىق بىر ئۆي سېلىۋاپتۇ. بىراق، ئۇ ئەترەتنىڭ ئەمگىكىگە زادىلا چىقمايدىكەن، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا گەپ ئۆتكۈزەلمەپتۇ. ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى كىمدە - كىم دەرەخ كەسسە، ئۇ شۇ ھامان ھازىر بولۇپ كۆتىكىنى كولاپ چىقىرىدىكەن. كېيىن كىشىلەر كولايدىغان كۆتەك بولسا ئۇنى ئىزدەپ بارىدىغان بوپتۇ. ئۇ كىشىلەر پۇل بەرسىمۇ ياكى بىر قاچا ئىسسىق ئاش بەرسىمۇ خۇشاللا رازى بولۇپ كېتىۋېرىدىكەن.

ئۇ يازلىرى كۆتەك كولاپ جان باقسا، قىشلىرى قەيەردە توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ بولسا شۇ يەرگە بېرىپ قورساق تويغۇزاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ مېھمانلار بار ئۆيگە كىرمەستىن ئۇدۇل قازان ئېسىلغان يەرگە بېرىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ئادىتىگە كۆنۈپ كەتكەن كىشىلەر ئاۋۋال ئۇنىڭغا بىر لېگەن ئاشنى ئۇسۇپ بېرىۋېتىپ، ئاندىن جامائەتكە تاماق تارتاتتى. ئۇ پولۇنى تويغىچە يەيتتى. ئاشقىنىنى داۋاملىق قويىندا ساقلاپ يۈرىدىغان. مايدىن پارقىراپ كەتكەن سۇلياۋ خالتىغا قاچىلايتتى. ئاشپەزنىڭ رەھمى تۇتۇپ قالسا قازان ئاستىدا قالغان قىسماقلارنى

قىرىپ ئېلىپ خالتىنى توشقۇزۇپ بېرەتتى.
ئۇ خالتىنىڭ ئاغزىنى ماي، كىر دەستىدىن
قاپقارا بولۇپ كەتكەن يىپ بىلەن ياخشىلاپ
چېگىپ مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى ھويلىسىدا
بىرەر تال گىياھ بولمىغان قاقاسلىقتىكى ئۆ-
يىگە قاراپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ سولىياۋ
خالتىسىنى پۇلاڭلىتىپ، پۇتىغا يوغان كېلى-
دىغان رېزىنكە ئۆتۈكىنى كولۇپلىتىپ
كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن كىشىلەر قەيەردىدۇر
بىر يەردە مەرىكە بولغانلىقىنى بىلىشەتتى،
ئۇنىڭ قاپقارا ساقال ـ بۇرۇت باسقان كىر،
مەينەت تۇرقى ئادەمنىڭ ھەم قورققىنىنى
كەلتۈرەتتى، ھەم ئىچىنى ئاغرىتاتتى.
كىشىلەر كۆچلۈك ئەرلەرنىڭ مەيدىسى
تۈكلۈك كېلىدۇ دەيدىكەن. ئەيسا مۇساغا
خۇدايىم تۈك دېگەننى ئايىماي بەرگەن. ئۇ-
نىڭ ئۇزۇن ـ ئۇزۇن قارا قاشلىرىنى كۆرگەن
ئادەملا شۇ ھېسسىياتقا كېلىدۇ. ئۇنىڭ
ئوچۇق مەيدىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قاپقارا
تۈكلەرنى كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭ ئاستىدا
گۆش بىلەن قاندىن بولغان ۋۇجۇد ئەمەس،
چەكسىز بىر سىرلىق قاراڭغۇلۇق باردەك
ھېس قىلاتتى. كىچىك باللار ئۇنىڭدىن
قورقاتتى. ئاياللار باللىرى خاپا قىلسا «ئەيسا
مۇسا كەلدى» دەپ قورقىتىپ پەس قىلاتتى.
بىراق، ئۇ باللارغا بەك ئامراق ئىدى. بەزىدە
ئۇ بىزگە ئەترەتنىڭ ماگىزىنىدىن مەنپەزى
كەمپۈت ئېلىپ بېرەتتى. بۇنداق چاغدا بىز
قورقۇپ تۇرساقمۇ نەپسىمىز غالىب كېلىپ ئۇنىڭ
يېنىغا ھېيىقىپ بېرىپ كەمپۈتنى ئالاتتۇق.
بەزىلەر ئەسلى ئۇ قوشكېزەك ئىكەن.
كېزىكنىڭ ئىسمى مۇسا ئىكەندۇق، كېزىكى
تۈگەپ كەتكەندە ئاتا ـ ئانىسى كېزىكنى
خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەيسا
مۇسا دەپ ئاتاپتىكەن دېيىشسە، بەزىلەر مۇسا
دېگەن دادىسىنىڭ ئىسمى ئىكەن. ئۇ بىر كاتتا
باينىڭ بالىسى ئىكەنىدۇق. شۇڭا، كىمنىڭ
بالىسى دېسە مۇسا باينىڭ دېگىلى دادىسىنىڭ
ئىسمىنى قوشۇپ ئاتىغانىكەن دېيىشەتتى.
كىشىلەر مەيلى نېمە دېيىشسۇن ھەممىلا ئادەم
ئۇنى ئەيسا مۇسا دەپ ئاتايتتى. ئەگەر
تاسادىپىي مۇسا دېگەن ئىسىم قوشۇپ ئاتال-
ماي قالسا، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزغا يوغان
رېزىنكە ئاياغنى كولۇپلىتىپ ماڭىدىغان،
كىر، مەينەت بىر ئادەم كەلمەيتتى. مەن
پەقەت دادامنىڭ ئۇنى ئەيسرا خۇن دەپ ئا-
تىغىنىنى ئاڭلىغانىدىم.

مەن دادامنىڭ باللىرىنىڭ كىچىكى،
شۇنداقلا يالغۇز ئوغۇل ئىدىم. شۇنىڭ ئۈ-
چۈنمىكىن دادام مېنى يېنىدىن ئايرىمايتتى.
كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، مەن دادام ئاپامنى
تالاق قىلىپ سەككىز ئايدىن كېيىن
تۇغۇلۇپتىكەنمەن، قايتىدىن ئۆيلىنىشكە تە-
رەددۇت قىلىۋاتقان دادام ئاپامنىڭ ئوغۇل
تۇغقىنىنى ئاڭلاپ ئۇنى قايتىدىن نىكاھىغا
ئاپتىكەن. شۇنداق بولغاچقىمۇ مەن ئۆيدە
ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئىدىم. نېمىنى تەلەپ
قىلسام شۇنىڭغا ئېرىشەلەيتتىم، بىر ئائىلىنىڭ
ئۆزىدىلا بولىدىغان مۇنداق تەڭسىزلىكنىڭ توغرا
ئەمەسلىكىنى غۇۋا ھېس قىلسامۇ، لېكىن ئۆزۈمگە
نېسىپ بولغان بۇ ئامەتتىن ۋاز كېچەلمەيتتىم.

دادام مەھەللىمىزدىكى مەسچىتنىڭ
ئىمامى ئىدى. ئۇ مېنى ئۆزى بىلەن بىللە
توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغلارغا ئاپىرىپ
پولۇغا بېسىلغان گۆشنى ئالدى بىلەن ماڭا
پارچىلاپ يېگۈزۈپ بولۇپ، ئاندىن ئۆزى

ئاشقا قول تەگكۈزەتتى. كەچلىرى كىرسىن چىراغنىڭ گۇگۇگا يورۇقىدا ئولتۇرۇپ ئىچىم پۇشقان چاغلاردا دادامغا ئەگىشىپ خۇپتەن نامىزىغا چىقاتتىم ۋە دادامنىڭ زېرىكمەي ـ تېرىكمەي ئۆگەتكەن بىر نەچچە ئاددىي سۈرىسىنى يادىمغا كەلگىنىچە ئوقۇپ چىقاتتىم.

بىر كۈنى دادام مېنى ئەگەشتۈرۈپ ئەيسا مۇسانىڭ ئۆيىگە كەلدى. مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ پاكار تاملىق هويلىسىغا بىرىنچى قېتىم، شۇنداقلا ئۆمرۈمدە بىر قېتىم قەدەم باسقانىدىم. بىر ئېغىزلىق قاراڭغۇ ئۆي، ئىشىكتىن كىرگەندىكى ئۇدۇل تامغا چاپلاپ سالغان لاي سۇۋاق ئوچاق، ئوچاق بېشىدىكى قارىداپ ئىسلىنىپ كەتكەن ئالىيۇمىن چۆگۈن بىلەن سىرلىرى چۇشۇپ كەتكەن كورۇشكا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئوچاققا يانداپ سالغان ئۇستىگە يىرتىق تاغار بىلەن يېرىم پارچە كونا كىگىز سېلىنغان ئىككى ئادەم ئاران پاتقۇدەك پاكار سۇپا، سۇپا ئۇستىدە ئورۇن ـ كۆرپە ئورنىدا ئىشلىتىدىغان بولسا كېرەك ئىككى ـ ئۈچ پاختىلىق چاپانمۇ تاشلاقلىق تۇراتتى. تۆردىكى بولۇڭغا ئىچىگە قانداقتۇر قاتتىق بىر نەرسە قاچىلانغان يوغان تاغار يۆلەكلىك ئىدى. پەگادا بولسا، بۇ ئۆيدىكى بىردىنبىر يارامىلىق نەرسە بولغان بىسلىرى پارقىراپ تۇرغان، سېپى تولا تۇتۇلغانلىقتىن سىلىقلىنىپ كەتكەن پالتا تۇراتتى.

يېقىن ئەتراپتىكى هەممە ئادەم تىزىغىچە ئىگىلىپ سالام قىلىدىغان دادامغا ئەيسا مۇسا هېچقانچە ئىلتىپات كۆرسەتمىدى. بىز يىرتىق تاغارغا ئولتۇرغاندىن كېيىن دادام مەسچىتتە سۆزلىگەندەك ئاۋازىغا سالاپەت تۇسى بەرگەن هالدا نەسىھەت قىلدى:

ــ ئەيسىراخۇن، سىلى بۇ يەرگە كەلگىلى 6 ـ 7 يىل بولۇپ قالدى، ئۆزلىشىپمۇ قاللا، ئەتراپتا سىلىنى تونۇمايدىغان ئادەم يوق، لېكىننزە سىلى هېچ ئادەمگە ئارىلاشمايلا. ئاي، يىل ئۆتۈپ مەسچىت دەرۋازىسىغا دوقورۇپ قويمايلا، قارىسىلا ئەپتىلىرىگە، پۇل تاپمايلا ئەمەس، قوللىرى پۇل كۆرۈپ تۇرغاندىن كېيىن، پاكىزرەك كۆڭلەكتىن بىرەرنى كىيىپ يۇيۇنۇپ مەسچىتكە چىقسىلىرى بولمامدۇ. بۇنداق يۇرسىلىرى خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ. ئادەم كۈنى ئادەم بىلەن. ياكى ئۆيلەپ قويىلىمۇ؟ ئەگەر كۆڭۈللىرىدە شۇنداق مەقسەتلىرى بولسا، ئېنىق ئېيتسىلا، مەن ئاتىدارچىلىق قىلىمەن. ئايال كىشى بولمىسا ئۆينىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ. ئايال كىشى ئەر كىشىنىڭ مىڭ خىل ئەيىبىنى ياپالايدۇ. ئىككى باشنى بىر قىلىش خۇدا يولىدىكى ساۋاب ئىش. ئۆيلىرىدە گاچا بولسىمۇ، تو كور بولسىمۇ ئايال زاتى بولسا ياقىلىرى پاكىز، ئۆيلىرى رەتلىك تۇرىدۇ. ئىشلىرىمۇ ئىلگىرى باسىدۇ. مەن ئاتايىن مۇشۇ ئىشنى دەپ قېرى جېنىمنى كۆتۈرۈپ بۇ يەرگە كەلدىم...

ئەيسا مۇسا گەپ قىلماي بېشىنى سالغىنىچە ئولتۇردى. دادام ئۇنى قايىل قىلىش ئۇچۇن، توي قىلىش، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇشنىڭ ئادەم ئاتا، هاۋا ئانامدىن قالغان مۇقەددەس پەرىز ئىكەنلىكىنى، ھەتتا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆت خوتۇن ئالغانلىقى قاتارلىق مىساللارنى ئېزىپ چۇشەندۈرۈشكە باشلىدى. دادام سۆزلەپ هېرىپ ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتۈپ بىر هازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئەيسا مۇسا ساڭگى-

لىتىپ تۇرغان بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ
مايلاشقان كىر، سېرىق شەپكىسىنىڭ
پۈرلاشقان سايىۋىنى ئۇنىڭ يۈزىنى توراپ
تۇرغاچقا باياتىن بېرى ئۇنىڭ چىرايىنى كۆ-
رەلمىگەنىدىم. ئۇ بېشىنى كۆتۈرگەندە دادام
ئىككىمىز ئۇنىڭ كۆزلىرىدە لىغىرلاپ تۇرغان
ياشنى كۆردۇق. ئۇ قېلىن كالپۇكلىرىنى
تىترىتىپ تۇرۇپ دادامغا قاراپ خۇددى
دىكلاماتسىيە قىلىۋاتقاندەك بىر ئاھاڭدا:

— مەن بۇ يەرگە يەرلىك ئەمەس، يەر ـ
سۈيۈڭنى بىلمەيمەن، يەر ـ سۈيۈڭنى بىلگەندە،
باغلاپ قويساڭ تۇرمايمەن، — دېدى ـ دە، قوپال
ياغاچ ئىشكنى جالاقىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى.

دادام ناھايىتى مۇتەئەسسىپ ئادەم
بولۇشىغا قارىماي ھەدىلىرىمگە تۇتقان
پوزىتسىيىسىنى ماڭا تۇتمىدى. مەن يەتتە
ياشقا كىرگەندە، ئۇ كىشىلەرنى ھەيران
قالدۇرۇپ، ئۆزى قولۇمدىن يېتىلەپ قوشنا
مەھەللىدىكى يەنىي مەكتەپكە ئاپىرىپ
بەردى. باشلانغۇچنىڭ ئۇچىنچى يىللىقىدا
ئوقۇۋاتقان يىلىمدىكى بىر يازدا، ئەيسا مۇسا
بىزنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭ بويىدا
كۆتەك چىقاردى. مەن بۇ چاغدا ئەيسا
مۇسادىن بۇرۇنقىدەك چۆچىمەيدىغان بولۇپ
قالغانىدىم، مەن ئۇنىڭ يېنىغا دەرسلىك
كىتابىمنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئوقۇشقا باشلى-
دىم. ئۇ بىردەم گۈرجەك بىلەن كۆتەك
ئاستىدىكى توپىنى كولىغاندىن كېيىن، مې-
نىڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. قولۇمدىكى
كىتابنى سورىمايلا تارتىپ ئېلىپ مۇندەرى-
جىسىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىپ، شۇنداقلا
ئېچىپ ئۇدۇل كەلگەن بەتتىكى بىر سوئالنى
سورىدى. مەن ھەيران قالدىم. توۋا! ئەيسا
مۇسا خەت ئوقۇيالايدىكەن. ئۆزىنى بۇ يەردە
بىر دەپ ساناپ يۈرۈيدىغان، مېنىڭ دادامۇ
چالا ساۋات. ئەترەت باشلىقى ساۋۇتكامۇ ئۆزى-
نىڭ ئىسمىنى ئاران يازالايدۇ. مەن بۇ ئاجايىپ
ئىشنى يۈگۈرۈپ كىرىپ ئاپامغا دېدىم. ئاپام:

— يالغان سۆزلىمىگىنە بالام، ئاشۇ مېڭى-
سىنى قاغا چوقۇۋالغان دەلدۈش خەت ئوقۇيالىسا بۇ
جاھان تەتۈر چۆرگىلەيدۇ، — دېدى.

بۇ خەۋىرىمنى ئاڭلىغان تەڭتۇشلىرىم پى-
خىلداپ كۈلۈشۈپ، بىرەر ۋاراق خەت بار قەغەز
تاپسىلا، ئەيسا مۇساغا ئوقۇتۇپ باقە دەپ تەگلەپ
چىشىمغا تېگىدىغان بولۇۋالدى.

شۇ كۈنى كەچ ئەيسا مۇسا كەچىنىڭ
سالقىنىدا ئېشىپ قالغان كۆتەكلەرنى چىقى-
رىۋېتىمەن دەپ كەتمىدى. مەن ئۇنىڭ خەت
ئوقۇيالايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇ ماڭا باش-
قىچە ئادەم بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى.
كەچكىچە ئۇنىڭ يېنىدىن كەتمىدىم. ئۇنىڭ
بۇ گۈن كەيپى چاغ بولۇپ قالدىمۇ ياكى
داۋاملىق شۇنداقمۇ بىلمەيمەن، ئۇ ئىشنى
غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاچ قىلاتتى:

ئۆستەڭ بويىدا ياتىپ،
خام تاماكىنى ئاتىپ.
............

كۆتەكلەرنى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ
يېنىمغا كېلىپ زوڭزايدى، يانچۇقىدىن كۆك تاماكا
چىقىرىپ، گېزىت قەغىزىدە يوغان قىلىپ ئوراپ
چەككىلى تۇردى. مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭدىن
تارتىنىپ تۇرۇپ:

— ئەيسا مۇساكا، سىز خەت بىلىدى-
كەنسىز، ئۇنداقتا نېمىشقا مۇئەللىم بولمايسىز؟
قاراڭا، كونىبويى كۆتەك چىقىرىپ ھېرىپ
كەتتىڭىز، مۇئەللىم بولسىڭىز مەيدە يانچۇ-

قىلغىنىڭىزغا پارقىراق قەلەم قىستۇرۇپ يۈرىسىز ئەمەسمۇ؟ — دېدىم.

ئۇ سارغايغان چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈپ قويۇپ:

— بالىسەندە بالا، ئادەمنىڭ كۈن كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئازىراقلا نەرسە بولسا كۇپايە، ئارتۇق بولۇپ كەتكىنى ئادەمنى قۇل قىلىدۇ بالام، — دەپ يېرىك قوللىرى بىلەن بېشىمنى سىلىدى. مەن ئۇنىڭ مەينەت تۇرقىدىن يىرگەنسەممۇ ئۇنىڭ خەت بىلىدىغانلىقىدىن پەيدا بولغان قەلبىمدىكى ھۆرمەت ۋە بىزنىڭ مۇئەللىممۇ قىلالمايدىغان، ھازىر دېگەن گېپىنىڭ قۇدرىتىدىن قولىنى ئىتتىرىۋەتمىدىم.

— سىزنىڭ نېمىشقا بالىلىرىڭىز يوق، ئەيسا مۇساكا؟

— بالام بولماقچىدى، لېكىن بولمىدى، — دېدى ئۇ كىچىك بىر چالمىنى ئۆستەڭگە ئېتىپ تۇرۇپ.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— مەن ساڭا ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، بالام، ياخشى ئاڭلاپ، ئېسىڭدە چىڭ ساقلا. مەن بۇ چاقىقچە ھېچكىمگە ھېكايە ئېيتىپ بەرمىگەن. بۇرۇن بىر يۇرتتا مانا مۇشۇنداق بىر ئۆستەڭ بوپتىكەن، ئۆستەڭنىڭ ئايىغى يۇرتنىڭ سىرتىدىكى دەرياغا قۇيۇلىدىكەن. ئۇ يۇرتتا ناھايىتى گۈزەل بىر قىز بولغانىكەن. ئۇ قىز رەسىدە بولۇپ ئون ئالتە ياشلارغا كىرگەن ۋاقتىدا، ئاشۇ يۇرتتىكى بىر يىگىت بىلەن مۇھەببەتلىشىپتۇ. ئۇ قىزغا ئۇزۇندىن بېرى كۆز تاشلاپ يۈرگەن يۇرت بېگى، يەنى ئاشۇ يىگىتنىڭ دادىسى ئۇ قىزنى 4 ـ خوتۇنلۇققا ئاپتۇ. ئۇ ئاشىقنىڭ ئۆگەي ئاپىسى بولۇشنى غۇرۇرى كۆتۈرمىگەن قىز ئۆزىنى ئاشۇ دەرياغا تاشلىۋاپتۇ. ئېسىڭدە چىڭ تۇت، بالام، ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان يىگىت دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ يۇرتتىن چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ ياقا يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ شۇنىڭدىن بېرى بىرەر دوستى، كۆڭلىدىكىنى ئېيتىپ بېرىدىغان بىرەر ئادىمى بولماپتۇ. ئۇ ئادەملەردىن، بۇ دۇنيادىن بىزار ئىكەن، ئۇ دائىم ئۆزى ياسىۋالغان خىيالىي ئالەم ئىچىدە ياشايدىكەن. ئۇ ئالەمدە ئۇ ۋە ئۇنىڭ مەشۇقىلا ياشايدىكەن... — ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ بارغانچە بوشاپ، ئىڭراپ چىقىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭ كىرپىكلىرىدە پارقىراپ تۇرغان ياشنى كۆردۈم.

— يىغلاۋاتىسىزغۇ؟ ئۇ سىزنىڭ نېمىڭىز ئىدى؟

— ئۇ مېنىڭ جېنىم ئىدى...

شۇ ئىش ئۆتۈپ 8 ـ 9 يىللاردىن كېيىن «ئەيسا مۇسا ئۆستەڭ بويىدا ئۇخلاپ قېلىپ، ئۆستەڭگە چۈشۈپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى. ئۇنىڭ ئېسىلىپ كەتكەن جەسىتىنى كىشىلەر يېزىنىڭ سىرتىدىكى سۇ ئامبىرىدىن تاپتى. ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ ئۆيىدىن تاغارغا سېلىپ ساقلىغان ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان بىر ئايالنىڭ ھەيكىلىنى تاپقانلىق خەۋىرى تارقالدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە «ئەيسا مۇسانىڭ چىشى جىنى بار ئىكەندۇق، شۇڭا ئۇ ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەي ئۆمرىنى ئاشۇ ھەيكەل بىلەن ئۆتكۈزگەنىكەن» دەپ خۇلاسە چىقىرىشتى.

**مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل**

# باللار ئەدەبىياتى

يۈسۈپجان ئىمىن ( جەۋلانى )

## مېنىڭ ساۋاقداشلىرىم

( ھېكايە )

كۆز كېلىشى بىلەنلا ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. دادام تۈكلىرى پارقىراپ تۇرغان قارا تورۇق ئاتنى چۆيۈن قاسقانلىق ھارۋىغا قاتىدۇ ـ دە، ئاپام بىلەن ئاكامنى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، قامچىسىدىن قاس چىقارغان پېتى قوناق ئورغىلى كېتىپ قالىدۇ. دادامنىڭ قامچىسىدىن چىققان ئاۋاز بىلەن تەڭ مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىقنىڭ سۈپسۈزۈك سۈيىدە يۈزۈمنى يۇيىمەن، ئاندىن ئانام قايماق بىلەن ئۇخشىتىپ پىشۇرۇپ تەييارلاپ قويغان قاتلىما ناننى بوغچامغا سېلىپ، قوتاندىكى مالنى قوناق ئېگىزىغا ھەيدەيمەن.

بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقىمۇ ئۆزۈمنى ئاجايىپ روھلۇق ۋە يېنىك ھېس قىلدىم. شۇڭا مالنى ئالدىمغا سېلىپ « ساۋاقداشلار » ناخشىسىنى ئېيتىپ كېتىۋاتىمەن. توپىلىق يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئېگىز تېرەكلەرنىڭ تاڭ شەپىقىدە قىزغۇچ كۆرۈنىدىغان غازاڭلىرى مەيىن شامالدا يېقىملىق شىلدىرلاپ، ئاۋۇ ئۆستەڭنىڭ يېنىدىكى باغدىن كەلگەن بېهى، ئامۇت ۋە كۆزلۈك ئالمىلارنىڭ پۇراقلىرى قوشۇلۇپ، مېنى تېخىمۇ جۇشقۇن قىلىۋەتتى. مەن مالنى قوناق ئېگىزلىقىغا قويۇۋېتىپ، قىردا ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇققا بېرىلگەن شېئىرنى يادلاشقا باشلىدىم.

— دىلىيار، دىليار! — مەن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. قارىسام، دوستلىرىممۇ ماللىرىنى قويۇۋېتىپ، مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلار چۇرقىراشقىنىچە مېنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، « سوراق » قا تارتىشقا باشلىدى.

— نېمانداق ئەتىگەن چىقىۋالدىڭ؟ بۇ يەرنى بىزدىن قىزغاندىڭمۇ يا؟

— مەكتەپتىن كەلگۈچە تەڭ چىقىمىز دەپ ۋەدىلەشسەك، بىزنى چاقىرمايلا...

دوستلىرىم خۇشال ئىدى. مەن مۇختەبەرگە چاقچاق قىلدىم:

— مۇختەبەرنىڭ ماللىرى ھەممىدىن جىق، شۇڭا ئوت ـ چۆپلەرنى قۇرۇتىۋەتمىسۇن دەپ...

بىز بىردەم كۈلۈشكەندىن كېيىن، يېرىم سائەت ئىچىدە تاپشۇرۇققا بېرىلگەن شېئىرنى كىم ئاۋۋال يادلاپ بولسا، شۇ سۇن ۋۇكۇڭ بولىدىغان، كىم ئارقىدا قالسا شۇ جۇباجيې بولىدىغان بولۇپ كېلىشىپ، كېۋەزلىك تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇپ شېئىر يادلاشقا كىرىشتۇق. بۇنداق بولغاندا قويلار

كېۋەزلىكتە كىرىپ كەتمەيتتى. ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتمەيلا مۇختەبەرنىڭ قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازى مېنى ئەمترىتىپ قويدى:

— مەن يادلاپ بولدۇم!

— مەنمۇ يادلاپ بولدۇم... — ساۋاقداشلىرىمنىڭ كەينى ـ كەينىدىن چىقىۋاتقان خۇشاللىق قاپلىغان ئاۋازلىرى مېنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. چۈنكى مەن شېئىرنىڭ ئاخىرقى بىر كۇبلېتىنى تېخى يادلاپ بولالمىغانىدىم. شۇنداقتىمۇ جۇباجى بولۇشنى ھەرگىز خالىمايتتىم، مانا ئەمدى ئۇلار شېئىرنى بىر ـ بىرلەپ يادقا ئوقۇپ بەردى، مەن خىجىللىقتىن يادقا ئېلىپ بولغانلىرىمنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىپ دۇدۇقلاپ چالا ئوقۇدۇم. مەن بۇ ئوسالچىلىقتىن قۇتۇلۇش نىيىتىدە مالنى تاشلاپ ئۆيگە قېچىپ كەتمەكچىمۇ بولدۇم، ئەمما دادامنىڭ: «ۋەدىسىدە تۇرمىغان بالا ياخشى ئادەم بولالمايدۇ» دېگەن نەسىھەتى قۇلاق تۈۋۈمدە جاراڭلاپ، نىيىتىمدىن دەرھال ياندىم...

ساۋاقداشلىرىم خۇشاللىقتىن سەكرىشەتتى، بىر ـ بىرىنى قۇچاقلىشىپ پىرقىرىشاتتى...

مۇختەبەرنىڭ سېمىز گەۋدىسى گەجگەمنى بارغانچە بېسىپ، قەدەم ئېلىشىم بارغانچە قىيىنلاشتى، قوناق كۆتىكىنى ئاتلاپ ئاران ـ ئاران ماڭماقتا ئىدىم. قېرىشقاندەك بېشىمدىن شۇرقىراپ چۈشۈۋاتقان تەردىن ئىككى قۇلىقىمغا مەھكەم چىڭىلىغەن «سالپاڭ قۇلاق» زاڭقىمغا چاپلىشىۋېلىپ بەكلا قىچىشتۇرۇۋەتتى. مەن ھېچ چىدىيالماي زاڭقىمنى مۈرەمگە سۈركەشكە باشلىدىم. شۇ ئەسنادا تەرلەپ كەتكەن بارماقلىرىم بىر ـ بىرىدىن ئاجراپ كېتىپ، مۇختەبەر مۈرەمدىن يىقىلىپ چۈشتى:

— ۋايجان!... ھى... ھى... ھى...

مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي ساۋاقداشلىرىمنىڭ قورشاۋىدا قالدىم.

— قەستەن تاشلىۋەتتى! چىدىماس...

— قان! يوتىسىنى كۆتىنچەك تىلىۋېتىپتۇ!...

«قان» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. پۈتۈن بەدىنىمنى تىترەك قاپلىدى. «مېنىڭ قاپاق كاللام، تېزراق يادلىۋالغان بولسام مۇشۇ ئىشمۇ بولمايتتى، مانا ئەمدى دادامدىن، ياق، ئۇنىڭ دادىسىدىن تاياق يەيدىغان بولدۇم...» مەن يا قېچىشنى، يا مۇختەبەرنى يۆلەپ تۇرغۇزۇشنى بىلەلمىدىم. پەقەت ئۇنىڭ يوتىسىدىن چىقىۋاتقان قانغىلا قاراپ قاپتىمەن. بىر دىنلا كاللامغا نېمە ئوي كەلدى، باغ تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردۈم.

— قاچتى، قېچىپ كەتتى!

— دىليار، قاچما، — بۇ مۇختەبەرنىڭ يىغا ئارىلاش ئاۋازى ئىدى. مەن كەينىمگىمۇ قارىماي، باغ تۈۋىدىكى چېقىر تىكەننىڭ ئاق تۇز غاقلىرىدىن بىر سىقىم تېرىپ ئېلىپ، يەنە مۇختەبەرنىڭ يېنىغا



كەلدىم، مەن ئۇنىڭ يۈزىگە قاراشقا پېتىنالماي شەپكەم بىلەن يوتىسىدىكى قانلارنى پاكىز سۈرتۈپ، يارا ئېغىزىغا توزغاقنى باستىم. قان توختىدى. ئاندىن قول ياغلىقىمدا توزغاق ئۈستىدىن تېڭىپ قويدۇم. بىراق نېمىشقىدۇر ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدىم ھەم ئېسەدىگەن ھالدا:

— مۇختەبەر، مېنى كەچۈرگىن، — دېدىم.

ساۋاقداشلىرىم جىمجىتلىققا چۆككەندى. بۇ چاغدا مۇختەبەر يىغىدىن توختاپ، بىر ماڭا، بىر ساۋاقداشلىرىمغا قارىغىنىچە ۋىلىققىدە كۈلۈپ تاشلىدى. ئاندىن مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بالىلار، قاراڭلار، ئوغۇل بالا تۇرۇپ يىغلىغىنىنى، — دېدى ئۇ شوخلۇق بىلەن. ساۋاقداشلىرىم پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. مەنمۇ كۆزۈمدىكى ياشنى ئېتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتىم...

بۇ چاغدا كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن بولۇپ، قىزغۇچ نۇرغا پۈركەنگەن بىپايان سالا ئېتىزدا مېنىڭ، مۇختەبەرنىڭ ۋە باشقا ساۋاقداشلىرىمنىڭ قويلىرى خۇددى بىر قوتاننىڭ ماللىرىدەك بىخارامان ئوتلاۋاتاتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئۆمەرجان شاۋۇدۇن

# مېنىڭ ئوغلۇم

(ھېكايە)

مەن بىر غۇلاچىنى بىر چامداپ دېگۈدەك كېتىۋاتىمەن. كوچىلاردا مۇكىدەك چېپىپ يۈرگەن چوڭ ـ كىچىك ماشىنىلار، مىغىلداپ يۈرگەن ئادەملەر تولىمۇ كۆزۈمگىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. بەزىدە تېخى كىملەرگىدۇر ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپمۇ كېتىمەن ۋە كەچۈرۈڭ! دېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ ئالدىمغا قاراپ كېتىۋېرىمەن. مۇشۇ ئەلپازىمنى كۆرسە ھەر قانداق ئادەم قورقىدىغان چېغى. مەن سوقۇلۇپ كەتكەن ھېلىقى ئادەملەر ماڭا زەردە بىلەن بىر نەرسە دېمەكچى بولىشىدۇ ـ يۇ، مېنىڭ قورقاق تېپىپ چىققاندەك تاتىرىپ ـ بوزىرىپ تۇرغان چىرايىمغا بىر قارىۋېتىپ، ئۈنچىقماي كېتىپ قېلىشىدۇ.

تۈنۈگۈن كەچ ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە بارسام، ئوغلۇم بىر بۇلۇڭدا دومسىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاپىسىدىن سورىسام: مەندىن سورىغىچە ئوغلىڭىزدىن سوراڭ، دەپ ماڭا دوق قىلدى.

مەن ئوغلۇمنىڭ يېنىغا كېلىپ، پېشانىسىنى كىمنىڭ يېرىۋەتكەنلىكىنى سورىسام، مۇئەللىم تاپشۇرۇقۇڭنى نېمىشقا ئىشلىمىدىڭ؟ دەپ جوزىغا ئۇستۇرۇۋەتتى، دەيدۇ. ئاچچىقىم كېلىپ گېلىمدىن تاماقمۇ ئۆتمىدى. بىر كىچە كىرپىك قاقمىدىم... ھازىر مەكتەپكە بېرىپ مۇئەللىمگە ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويماقچى بولۇپ كېتىۋاتىمەن.

مەن مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرگ-

ىمىدە دەرس باشلىنىپ كەتكەنىكەن. مەن ئوقۇتقۇچ بىناسىغا كىرىپ مۇئەللىمنى سىنىپتىن سۆرەپ چىقماقچى بولدۇمىيۇ، لېكىن بۇ نىيىتىمدىن يېنىپ، مۇدىر ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىگە كەلدىم. مەن ئىشىكنى چەككىنىمدە، كىرىشكە ئىجازەت كۈتمەيلا ئىشخانىغا ئۆسۈپ كىردىم. مۇدىر ئەلپازىمغا قاراپ دەرھال ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مەن ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشنىڭ ئورنىغا يېنىمدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ ئوت تۇتاشتۇرۇپ، قاتتىق ـ قاتتىق شورىاشقا باشلىدىم.

— هە، ياسىنجان بۇگۈن ئەتىگەندىلا بۇياققا قەدىمىڭىز يېتىپ قاپتىغۇ؟ — دېدى مۇدىر.

— هە، ئوغلۇمغا قىلغان شاپائىتىڭلار مېنى ئەتىگەندە كېلىشكە مەجبۇر قىلدى، بىز بالىمىزنى مەكتەپتە ئوبدان تەربىيىلىنىپ، بىلىم ئالارمىكىن دەپ ئەۋەتسەك، دۇمبالاپ قالتىس تەربىيىلەيدىكەنسىلەر، مەن شۇنى ئېيتىپ قوياي، بىز ئۆيدە بالىنى تاك ئېتىپمۇ چەكمەيمىز ...

— بۇ ... بۇ ... نېمە دېگىنىڭىز؟ هېچ چۈشىنەلمەيلا قالدىمغۇ؟!

— هىم، ئالدىرىماڭ، هازىرلا ئوبدان چۈشىنىپ قالىسىز!

مەن شۇ يوسۇندا قولۇمنى شىلتىپ سۆزلەۋاتاتتىم، ئىشىك ئېچىلىپ، مۇئەللىم ئوغلۇمنى يېتىلگىنىچە كىرىپ كەلدى.

— قانداق ئەهۋالىڭىز؟ — ئۇ ماڭا سالام بەردى. مەن ئۇنىڭ سالىمنى ئېلىك ئالماي:

— هۆرمەتلىك خانىم! تۈنۈگۈن ئوغلۇمنىڭ پېشانىسىنى يېرىۋەتكەننى ئاز دەپ، بۈگۈن يەنە سوتلىغىلى ئەكىرگەن ئوخشىمامسىز؟! قېنى قالغان كارامىتىڭىزنى ئەمدى مېنىڭ ئالدىمدا بىر كۆرسىتىڭ، — دېدىم زەردە بىلەن.

مۇئەللىمنىڭ كۆزىنەك ئاستىدىكى بىر جۈپ كۆزى بار غانىسېرى يوغىناپ، لەۋلىرى تىترەشكە باشلىدى. مەن ئوغلۇمنىڭ قولىدىن تارتىپ، ئۇنىڭ پېشانىسىنى مۇدىرغا كۆرسەتمەكچى بولدۇم. بىراق، نېمە ئۈچۈندۇر ئوغلۇم يەرگە قاراپ تىترەجەپ تۇرۇۋالدى. مەن شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭغا قاتتىمقىراق تۇۋلىسام، ئۇ پاكىگىدە يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا، مەن ئۇنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ، مۇئەللىمگە تىكىلدىم، مۇدىر مېنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، مۇئەللىمدىن سورىدى:

— تۈنۈگۈن زادى نېمە ئىش بولدى؟

— قارىغاندا ئوقۇشماسلىق بولغان ئوخشايدۇ، — دېدى مۇئەللىم ئېغىر بىر تىنىپ.

مەن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم. مۇدىر مېنى يەنە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى ۋە مۇئەللىمگە سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلدى.

— تۈنۈگۈن يادىكار 2 ـ سائەت دەرستىن كېيىن قېچىپ كېتىپتۇ، ئەتە كەلسە ئوبدانىراق سۆزلىشەي دېدىم. بىر چاغدا سىنىپتىكى باللار يۇگۇرۇشۇپ كىرىپ، ۋاي مۇئەللىم، چاقان بولۇڭ، يادىكار مەكتەپ قورۇسىدىكى يوغان دەرەختىكى قۇشقاچ چاڭگىسىدىن قۇشقاچ بالىسىنى ئالىمەن دەپ دەرەختە چىققانىدى، يېقىلىپ كېتىپ، پېشانىسىنى دەرەخ چومقى يېرىۋەتتى. دېدى. مەن ئوقەتەك ئېتىلىپ چىقتىم. قارىسام، ئۇ پېشانىسىنى چاڭگىلاپ، يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئۆزۈممۇ قورقۇپ كەتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ئاماللارنى قىلىپ قانىنى

تـوختاتتىم. دوختۇرغا ئاپىرىپ تاڭدۇرۇپ، ئۆيگە ئاپىرىپ قويای دېسەم، ئۇنىماي قېچىپ كەتتى...

مـۇدىـر سـىـرتـتـا تۇرغان ئوغلۇمنى ئىشخانىغا چاقىرتىپ ئۇنىڭدىن سورىۋېدى، بايا مۇئەللىم دېگەن سۆزنى تەكرارلىدى ۋە:

— دادام بـاشـقـىلار بـىلەن ئۇرۇشقـىـمنى ئاڭلىسا خاپا بولاتتى، لېكىن مۇئەللىم تـوغـرىسىدا گەپ قىلسام، ھە، گۇناھ ئۆزۈ گـدە! ئوقۇتـقۇچى دېگەن ھەرگىز سېنى يامان بـولـسۇن دېمەيدۇ، دەپ مېنى باساتتى. شۇڭا، بۇنىمۇ مۇئەللىمگە دۆڭگىسەم، ھېچنەرسە دېمەيدۇ، دەپتىمەن، — دېدى دۇدۇقلاپ.

— ھۇ كاززاپ، مەن سېنى مۇشۇنداق يالغان سۆزلە دەپ ئۆگەتتىمما!

ئوغلۇم دەرھال مۇدىرنىڭ كەيـنىگە ئۆتتۈۋالدى. مۇدىر ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— سەن دېگەن ئوقۇغۇچى تۇرساڭ، يـالغان سۆزلىسەڭ بولامدۇ؟ يالغان سۆزلەش يـاخشى ئىش ئەمەس، — دەپ چىرايلىق تەربىيە بەردى.

مـەن مـۇدىـر بـىـلـەن مـۇئەللىمنىڭ ئالـدىـدا بـايـا قىلغان ھاماقەتلىكىمگە تولىمۇ ئوسال بولۇپ، قاتتىق ئەپسۇسلاندىم.

مەسئۇل مۇھەررىر **يۈلتۇز تېيىپجان**

**تۇرسۇن مۇھەممەت پەخرىدىن**

## ئىككى شېئىر

### چېچەكلەر ۋە تىلەكلەر

كۈن غەربكە باش قويغان،
سالقىندىغان تالا ــ تۈز.
دەل ــ دەرەخلەر ياشارغان،
يامغۇر بىلەن يۇيۇپ يۈز.
چوڭ دەرۋازا ئالدىدا
ئولتۇراتتىم دەم ئېلىپ.
كونا قوشنام نەدىندۇ
كېلىپ قالدى قول بېرىپ.
چۈشۈپ كەتتۇق پاراڭغا
ئەھۋاللىشىپ ئۆز ئارا.
ئۆتۈپ قالدى شۇ چاغدا
ئالدىمىزدىن ئۈچ بالا.
ئۇلار يولدا جىم يۈرمەي
چېقىلىشار، قوغلىشار.

بىر ــ بىرىگە ئېسىلىپ
ياقىسىنى بوغۇشار.
تۇرۇپ يەنە ئۆز ئارا
نېمىنىدۇر تالىشار،
ياكى سومكىلىرىنى
ئۇيان ــ بۇيان تارتىشار...
شۇ چاغ بېغى ئۈزۈلدى
بىر سومكىنىڭ جارت قىلىپ.
ياخشى، ئۇنى ئىگىسى
تۇتۇۋالدى كاپ قىلىپ.
بولمىسىزە دەپتەرلەر
چېچىلاتتى ھەر ياققا.
بېغى ئۈزۈلەك سومكىمۇ
مىلىنەتتى پاتقاققا.

يولدىن ئۆتكەن، كەچكەنلەر
ھەيران بولدى قارىشىپ.
تىت ـ تىت بولدى ئىگىسى
كۆزىگە ياش يامىشىپ.
ئىككى قوشنا باش چايقاپ
قارىۋالدۇق ئۆز ئارا.
مۇنداق دېدى قىزىشىپ
كونا قوشنام سۆز ئارا:
ــ شۇمۇ ئويۇن بولدىمۇ،
ياخشى ئويۇن دېگەن جىق.
مېنىڭچە بۇ بولمىغۇر
ئەدەبسىزلىك، سەت قىلىق.
ياخشى بالا ئىشنى
تۈگىتىشكە ئالدىرار.
ئائىلىدە، مەكتەپتە
ماختاشلارنى كۆپ ئالار.
مىسال بولار بۇنىڭغا
مەھەللىدە بىر بالا.
باشقىلارمۇ شۇنىڭدەك
بولسا دەيمەن مەن، قارا.
ئۇ بالىچۇ چوڭ ئەمەس،
يېشى، مەنچە، سەككىزدە.
ئۇنىڭ بىلەن يوللاردا
ئۇچرىشىمىز بەزىدە.
چوڭنى كۆرسە ھۆرمەتلەپ
سالام بېرىپ ئۆتىدۇ.
ئەخلاقىغا، خۇلقىغا
زوقۇم كېلىپ كېتىدۇ.
ئاڭلىشىمچە ئۇ بالا
دەرستىمۇ ياخشىكەن.
ئىنتىپاقلىق، دوستلۇقتا
ئۈلگە ئىكەن، باش ئىكەن...
مەنمۇ دېدىم: راست دەيسەن،
ياخشى باللار تولا.
ھېلىقى ئۇچى بۇ ئىشنى
ساۋاق ئېلىپ جىم بولا ؟!

### خەمتىنىڭ قوشىقى

مەن بوۋامغا بەك ئامراق،
چېھرى ئىسسىق، دىلى ئاق.
سالام بەرسەم خۇش بولار
كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ.

بوۋام پەننى ـ ئىلىمنى
چەكسىز كۈچ دەپ بىلىدۇ.
مېنى ئوبدان ئوقۇشقا
دائىم دەۋەت قىلىدۇ.

كوچىلارغا چىققاندا
كىتاب ئېلىپ بېرىدۇ.
سوراپ قالسام ياق دېمەي
چۆچەك ئېيتىپ بېرىدۇ.

بوۋام بىلەن بىر بولسام
ئۆتەر ۋاقىت بىلىنمەي.
ئىشلەپ قالسام تاپشۇرۇق
چۈشەندۈرەر ئېرىنمەي.

نەتىجەمدىن زوقلىنىپ
سىلاپ كېتەر بېشىمنى؛
ماختاپ دادام، ئاپامغا
ئوقۇشۇمنى ــ ئىشىمنى.

مەن بوۋامغا بەك ئامراق،
ئامراق ماڭا ئۇ شۇنداق.
ئىچ ـ ئىچىمدىن بوۋامنى
ياشىسا دەيمەن ئۇزاق.

ئەركىن داۋۇت

# ئۈنچە تىزمىدىن رەڭمۇرەڭ

## پەخىرلىنىمەن

تاغدا تۇغۇلۇپ،
تاغدا چوڭ بولدۇم.
تاغدىن ئېلىپ كۈچ،
ئۈمىدكە تولدۇم.

ئىرادەم تاغدەك
يېتىلدى مەزمۇت.
قورقىتالمايدۇ
مېنى بوران ـ جۇت.

پەخىرلىنىمەن
شۇڭا تاغ بىلەن.
بەختىم گۈللىگەن،
ئېسىل چاغ بىلەن.

## پانۇس گۈلى

پانۇس گۈلى ياشىرىدۇ
تەشتەكتە بەك ئۈز.
گۈل ئاچىدۇ قىش كۈنلىرى
توڭلىسىمۇ مۇز.

نۇرنى سۆيۈپ نۇر ئىچىدە
ياشايدۇ سىجىل.
كېپىنەكلەر ئۇنىڭغا دوست،
ئەجەپمۇ ئىجىل.

## تۇرنىلار

تۇرنىلار ئۇچتى
بولۇشۇپ توپ ـ توپ.
كۆرمەكچى بولساڭ،
تېز ئورنىڭدىن قوپ.

يەتتى مەنزىلگە
چوقۇ شىماي ئىناق.
ئەمەسكەن كۆڭلى
ئۇلارنىڭ يىراق.

تۇرنىلارنى قىل
ئۆزۈڭگە ئۆرنەك.
يامان خۇيۇڭنى
تاشلىغىن تېزرەك.

## ئېرىق چاپتۇق

ئېرىق چاپتۇق مەكتەپتە
سۈزۈك سۇلار ئاقسۇن دەپ.
سۆيۈپ يېشىل چىمەننى،
ئۈنچە ـ مارجان چاچسۇن دەپ.

سۇغا قېنىپ كۆچەتلەر
ئۆسۈپ روناق تاپسۇن دەپ.
سايە تاشلاپ كەڭ يولغا،
شاخلىرىنى ياپسۇن دەپ.

ئېرىق چاپتۇق مەكتەپتە
سۈزۈك سۇلار ئاقسۇن دەپ.
بەخت نۇرى بىزلەرگە
دائىم كۈلۈپ باقسۇن دەپ.

## قۇياش ۋە مەن

قۇياش كۈلدى، مەن كۈلدۈم،
سۈبھى چىراي ئاچقاندا.
بۇلبۇل خۇشال سايرىدى
گۈللەر پۇراق چاچقاندا.

قۇياش سېخىي، مەن سېخىي،
ئوخشار قۇياش ئادەمگە.
قەلبىم ھاسىل مەنمۇ نۇر،
چاچىمەن كەڭ ئالەمگە.

قۇياش ئويغاق، مەن ئويغاق،
ئويغاق شۇڭا تەبىئەت.
گۈزەللىكتە، پاكلىقتا
ياشنار ھايات، مۇھەببەت

## ئوماق قىزىم دىلئارا

ئوماق قىزىم دىلئارا،
ئۆمىد چاقنار كۆزۈڭدىن.
قىلىقلىرىڭ يېقىملىق،
بال تامىدۇ سۆزۈڭدىن.

بۇدرۇققىنە جۇپ قولۇڭ
پاختىدەك ئاق، ئەجەپ ئۈز.
كۈلكە ئۆچمەس چېھرىڭدىن،
ياغىسمۇ قار، كۆكتىن مۇز.

قولىقىمنى چىڭ تۇتۇپ،
قېنىپ قېنىپ سۆيۈسەن.
قۇچىقىمدا «دادا» دەپ،
ئەركىلەيسەن، كۈلۈسەن...

غوجامۇھەممەت قابىز

# پاختەك رىۋايىتى

باھار كېلىپ گۈل ـ گىياھ
تولغىنىدا ھۆسنىگە؛
دەل ـ دەرەخلەر يېشىل تون
كىيىشكەندە ئۈستىگە؛

ئورمانلىقتا قىزىدى
ھەر خىل قۇشلار بەزمىسى.
قاق ـ قاق دەيدۇ قارغىمۇ،
ياڭرار بۇلبۇل نەزمىسى.

ئاشۇ قۇشلار ئىچىدە
پاختەكمۇ كۈي قاتىدۇ.
خاتا ئاڭلاپ قالدىمۇ،
دەيدۇ: «ھەسرەت تارتىدۇ»

تاڭ قالدۇردى پاختەكنىڭ
ئېيتقان ئاشۇ ناخشىسى.
مەن بىلەلمەي بىر ئاۋدىن
سوراي دېدىم، ياخشىسى.

قارا قۇشقاچ ئاڭلاپلا
تەستىق ئەتتى، راست دېدى.
يەشمەك بولۇپ بۇ سىرنى
قىزىق چۆچەك باشلىدى:

ئۆتمۈش قەدىم زاماندا
يىراق تەكلىماكاندا،
ياشايدىكەن بىر موماي
قۇم بويىدا ـ پىنھاندا.

شۇ مومايىنىڭ ئارزۇلۇق
بولغان ئىكەن بىر قىزى.
ھېچ ئىش بىلەن خۇشى يوق
ئويۇن قېپى ـ كەپسىزى.

ئۇيىنغىلى قاچار كەن
يەپ بولۇپلا تاماقنى.
تۇتمايدىكەن قولاقتا
نەسىھەتنى ـ ساۋاقنى.

مومای قىزنىنى بىر كۈنى
سۇ ئەكەل، دەپ بۇيرۇپتۇ.
ھۆل بولمىسۇن ئەگنى دەپ
بىر داستىخان بېرىپتۇ.

داستىخاننى ئېلىپ قىز
بوينىغا چىڭ چىگىپتۇ.
يۇدۇپ ھەممە قاپاقنى
سۇ بويىغا مېڭىپتۇ.

كېلىپ بۇلاق بويىغا
يېڭى ئويۇن باشلاپتۇ.
خۇش قىلماققا كۆڭلىنى
تاش ـ چالمىلار تاشلاپتۇ.

بۇلاق كۆزى كۆپ ئۆتمەي
لاي ـ لاتقىغا تولۇپتۇ.
سۈيى ئۇنىڭ تارتىلىپ
بىر دەمدىلا قۇرۇپتۇ.

مومای قىزدىن ئەنسىرەپ
يولغا نەچچە چىقىپتۇ.
تۇگەپ تاقەت ئاخىرى
بۇلاق تامان چېپىپتۇ.

يېتىپ كېلىپ قارىسا
قاپاق قۇرۇق تۇرارمىش.
قايتاي دېگەن خىيال يوق،
قىز چاق ئويناپ يۈرەرمىش.

مومای كۈچەپ بۇلاقنى
قانچە كولاپ باقسىمۇ؛
سۇ چىقماپتۇ بىر تېمىم،
كۆز ياشلىرى ئاقسىمۇ؛

سۇ بولمىغاچ ئۇلارغا
كۈن ئۆتكۈزۈش تەس كەپتۇ.
ئاچچىقىدا قىزنى
پاختەك بولۇپ كەت، دەپتۇ.

گەپ ئاگلىماي مومایىنىڭ
قارغىشىنى ئاپتۇ قىز.
ئۆز گىرىپلا سۈرىتى
پاختەك بولۇپ قاپتۇ قىز.

داستىخانكەن پاختەكىنىڭ
بويىندىكى ئالىسى.
ئاشۇ «ھەسرەت تارتىمدۇ»
دېگىنى زار ـ نالىسى.

شۇندىن بېرى ھەر جايدا
ھەسرەت تارتىپ ئۆتىمدۇ.
ئۆز ئىشىغا پۇشايمان
قىلىپ، ئاچچىق يۇتىمدۇ...

* *

قۇشقاچ ئېيتىپ چۆچەكنى
كۆز ياش بىلەن تۈگەتتى.
پاختەك سىرى يېشىلىپ،
ماڭا ئەقىل ئۆگەتتى.

تۇرسۇن قۇربان

## يېڭى «قۇتادغۇ بىلىك» ئارزۇسى

بەشكىرەملىك بالىمەن
يۇرتۇم دۇنيا بېھىشى.
مەشھۇر ئۇنىڭ ئالەمگە
ھەر بىر بېغى، يېمىشى.

سۇتۇق بۇغرا بېغى ئۇ
ئالەمچە بار شەرىپى.
تارىختا كۆي ـ داستاندۇر
ياخشى نامى، تەرىپى.

ئېسىل كىتاب ئوقۇدۇم
ئاشۇ باغدا بىر كۈنى.
(چۇشۇر مەيمەن قولۇمدىن
گۆھەر بېلىپ مەن ئۇنى.)

بىر چاغ ئۇخلاپ قاپتىمەن
قېرى چىلان تۈۋىدە.
خىزىر سۈپەت بىر كىشى
ئايان بولدى چۇشۇمدە:

ـــ ئوغلۇم ئوبدان بالىسەن
بوپسەن كىتاب خۇمارى.
بىلسەڭ كىتاب ئىنساننىڭ
ئەگۈشتەر ـ تىل تۇمارى.

ياخشى ئۇگەن، بىلىم ئال
ھېكمەتكە باي شائىر بول.
بولغىن ياكى سەن ئالىم،
ئەلگە تۆھپەڭ بولسۇن مول.

ھەيران بولۇپ بوۋايغا
قاراپ كەتتىم زوقلىنىپ.
تەسىرلىنىپ سۆزىدىن
كەتتىم شۇنچە روھلىنىپ.

دېدىم: بوۋا ئېيتىڭچا
كىم بولىسىز ئۆزىڭىز.
ئۇلۇغلۇقتىن بېشارەت
ماڭا قىلغان سۆزىڭىز.

ـــ ئوغلۇم، ـــ دېدى ئۇ شۇئان،
كىتابىڭنى ئاچ دەرھال.

(ئاچتىم تېزلا كىتابنى
ئىختىيار سىز بوپ خۇشال.)

رەسىم ـ بوۋاي ئۆزىكەن
تونۇدۇم شۇ كىشىنى.
ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم
دېدىم تۇتۇپ پېشىنى.

سىز ئەمەسمۇ جان بوۋا
ئۇلۇغ يۇسۇپ خاس ھاجىپ.
شائىرلارنىڭ شائىرى
ئۇنۋانىغا مۇناسىپ.

دېدي ماڭا: نېمىشقا
كىتابىمنى ئوقۇيسەن؟
يۇ كىتۇڭ نېمە ئارزۇنى
ئوغلۇم، بىلدۇر ماڭا سەن.

دېدىم: بوۋا، ئارزۇيۇم
سىزدەك ئالىم بولۇشتۇر.
قامۇس كىتابىڭىزنى
مەڭگۈ تەتقىق قىلىشتۇر.

دېدى: بوپتۇ ۋە لېكىن
ئۆتكۈر ئەمەس خىيالىڭ.
يۇ كىسەك پەللە ـ نىشانلار
بولغاي كۆتكەن ۋىسالىڭ.

ساڭا بەخش ئېتەي مەن
ئۇلۇغ يېگى تىلەكنى.
يېگى ئەسىر ئىچىدە
يارات يېڭى «بىلىك» نى ①.

شۇ چاغ ـ ئەل يۇرت مەدھىيەلەپ
دەيدۇ سېنى ئىجاد كار.
بۇنداق شائىر مىللەتنىڭ
ئېپتىخارى ـ نىجاتكار.

① «بىلىك» ـــ «قۇتادغۇبىلىك» مەنىسىدە.

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

# يىپەك يولى ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات

## 1

كونا قىتئە — ئاسىيا، ئافرىقىنى مەدەنىيەت جەھەتتە بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ كەلگەن قەدىمكى يىپەك يولى ئۈزۈلۈپ، بېكىنمىچىلىك ئاسارىتى بەش ئەسىر داۋام قىلغاندىن كېيىن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىن باشلاپ يېڭى يىپەك يولى قايتا ئېچىلىشقا باشلىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىز بېكىنمىچىلىك زامانلىرىنىڭ ئاخىرقى شاھىدلىرى، ئېچىۋېتىلگەن دەۋرلەرنىڭ دەسلەپكى گۇۋاھچىلىرى بولۇپ، 21-ئەسىرگە قەدەم قويىساق كېرەك. 21-ئەسىر بوسۇغىسىدىن ئۆتۈش ئادەتتىكى ئەسىر ئاتلاش بولماستىن، بەلكى ئىككىنچى مىڭ يىللىق ئېرادىن ئۈچىنچى مىڭ يىللىق ئېراغا كىرىپ كېلىش بولۇپ، ئۇ ھەممە كىشىگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ.

يېڭى يىپەك يولى كىشىلىك جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئۇتۇقلىرى ۋە يۈزلىنىشلىرى يېڭى بىر ئۇپۇق سىزىقىغا يۈزلەنگەندە ئېچىلماقتا. يېڭى يىپەك يولى كىشىلىك مەدەنىيىتى تەرەققىياتى يېڭىدىن يېڭى تۈزۈلمە ۋە ئىزدىنىش-تەتقىقات ساھەلىرىگە يۈزلەنگەن ھالقىلىق ۋاقىتتا ئېچىلماقتا. ئىلىم-پەن ساھەسىدە ئىلگىرىكى ئادەتلەنگەن تەتقىقات ئوبيېكتتىن ھالقىغان تۇتاشما ۋە ئۆتۈشمە پەن تارماقلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى؛ سىستېما نەزەرىيىسى، تىزگىنلەش نەزەرىيىسى، ئۇچۇر نەزەرىيىسى، قاتلام نەزەرىيىسى بىلەن سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ ئومۇمى ئېتىبارغا ئېرىشىشى؛ پەلسەپىنىڭ دىنىي پەلسەپە ۋە تەبىئەت پەلسەپىسىدىن ئىنسانىنى مەركىزىي ئوبيېكت قىلغان كىشىلىك پەلسەپىسىگە يۈزلىنىپ، ئەدەبىيات ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرىگە تېخىمۇ يېقىنلاپ ياندىشىشى دەۋرىمىزنىڭ بىلىش ساھەسىدىكى يېڭى تارىخىي ئۇتۇقى بولۇپ قالدى. سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۇنىڭ ئەدەبىيات پەنلىرى سىستېمىسىدىكى گەۋدىلىك ئىپادىسىدىن ئىبارەت.

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئەدەبىيات ئىلمى تەرەققىياتىدا مەيدانغا كەلگەن، مىللەت، زامان ۋە مەدەنىيەت چەمبىرىدىن ھالقىغان ئىلمىي نەزەر ۋە ئىز قوغلاش ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغ بەدىئىي خەزىنىسى بولغان ئەدەبىياتنىڭ ئۇچۇر قاتلاملىرىنى يورىتىپ بېرىدىغان ئەدەبىيات ھادىسىلىرى تەتقىقاتىدىن ئىبارەت.

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات مېتودى ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ بېكىنمىچىلىكتىن ئازاد، ئوچۇق-سۈزۈك

يېڭىچە بىلىش ۋە ئىزاھلاش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ ئەدەبىيات قاراشلىرىمىزغا يېڭى تەپەككۇر بوشلۇقى، يېڭى نەزەر دائىرىسى، يېڭى چۈشەنچە قاتلاملىرى، يېڭى ئىلمىي سەۋىيە بېغىشلايدۇ.

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات يۈزلىنىشى ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى كامالەت بوسۇغىسى؛ ئەدەبىياتشۇناسلىرىمىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىي خەزىنىسى بىلەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىجادىيەت سىمانتىكىسى (مەنىدارلىقى) نى ئېگىلەشتىكى قايتا ئىزدىنىش ئىلھامچىسى؛ ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى ئەسىر، يېڭى يېپەك يولىغا لايىق يېڭى گۈللىنىشىنىڭ يېڭى باغۋەنلىرىدىن بىرىنىڭ يۈزلىنىشىدۇر. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇ چۈن يېڭى ئەسىر ۋە يېڭى يېپەك يولىغا قەدەم قويۇش ئىپتىخارى يەنە ئۆز قوينى ۋە ئۆز ئىشلىرىنى يېپەك يولى سېلىشتۇرما ئەدەبىياتى بىلەن بېيىتىش ۋە نۇرلاندۇرۇش ئىپتىخارىدۇر.

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى مەھسۇلدار ئۇسۇل بولۇپ، ئۇ سىرلارنى ئاچىدۇ، تۈگۈنلەرنى يېشىدۇ، مۇئەممالارنى ئىزاھلايدۇ. ئۇنىڭ مۇھىم سېلىشتۇرما نۇقتىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىلغا ئىخچاملاش مۇمكىن:

بىرىنچى، تەسىرلىنىشنى سېلىشتۇرۇش.

مەلۇمكى، ھەر قايسى زامان ـ ماكاندا ياشىغان خەلقلەر ـ مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا بىر قاتار تەسىر ھادىسىلىرى ـ تەسىر قىلىش، تەسىرلىنىش، ئۆز ئارا تەسىر ئامىللىرى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئىلىم ھېسابلانغان سېلىشتۇرما ئەدەبىيات پۈتۈن ئىنسانىيەت تەپەككۇرى ۋە بەدىئىي تەسەۋۋۇرىنىڭ ئەدەبىيات شەكلىدىكى ئۆز ئارا تەسىر ھادىسىسىنىڭ يىراق مەنزىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالاقىدار تورى ۋە كارتىنىسىنى روشەنلەشتۈرۈشكە خىزمەت قىلىدۇ. گەپ مۇنداق تەسىرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنى ئىزاھلاشقا تۇتۇنۇشتا ئەمەس، بەلكى مۇنداق تەسىر ھادىسىسىنى ئادىل، ھەققىي، ئىلمىي روھتا ھەل قىلىشتا. گېگىل ۋە كىللىكىدىكى مەدەنىيەتتە «غەرب مەركەزلىك نەزەرىيىسى» تەرەپدارلىرى بىلەن فىرىدرىخ راتزېل تەشەببۇس قىلغان «مەدەنىيەتنىڭ مەلۇم مەركەزدىن تارقىلىش نەزەرىيىسى» تەرەپدارلىرى سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنى ئۆزلىرى ھېسابلىۋالغان مەلۇم ئىلغار مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ مەدەنىيەتسىز «تەبىئىي ھالەتتىكى مىللەت» كە كۆرسەتكەن مەرىپەتلەندۈرۈش تەسىرىنى ئويدۇرۇپ چىقىش دەستىكى قىلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. بۇنداق مەلۇم مىللەت ۋە مەلۇم مەدەنىيەتنىڭ مۇتلەق ئەۋزەللىك ئىمتىيازىنى تىكلەشكە ئۇرۇنۇش خاھىشىغا يول قويۇلماسلىقى لازىم.

ئىپتىش كىرەككى، ۋارىيانت خاراكتېرلىك ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى سېلىشتۇرۇش تەسىرلىنىش خاراكتېرلىك سېلىشتۇرۇشتىكى بىر تارماق ئۇسۇلدۇر. بۇ مەلۇم مىللەت ۋە رايون ئەدەبىياتىدىكى مەلۇم ئەسەرنىڭ ئۆزگەرتىلىپ يېزىلغان، ئۆزگەرتىلىپ تەرجىمە قىلىنغان، ھەتتا ئۇنى باشقا ئەدەبىي ژانىر ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن ۋارىيانتلارنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بىز دىنىي ئەدەبىياتقا نەزەر سالساق، كۆپلىگەن ئىلاھلارنىڭ، مۇئەككەل ۋە پەرىشتىلەرنىڭ، رىۋايەت ۋە ھېكايىلەرنىڭ بىر دىنىي ئەدەبىياتتىن ئىككىنچى دىنىي ئەدەبىياتقا ئۆزگەرتىلىپ قوبۇل قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. رېئاللىقتىكى ئەدەبىياتىمۇ بۇنداق ۋارىيانتلاشتۇرۇپ

ئۆزلەشتۈرۈش ھادىسىلىرى نۇرغۇن بولۇپ، بۇ نورمال تەسىر ھادىسىسىدىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، پاراللېل ئىجادىيەتنى سېلىشتۇرۇش.

مەلۇمكى، ئىنسانىيەتنىڭ ھەر بىر بۆلىكى ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت چەمبىرى ئىچىدە ياشايدۇ. بۇنداق مەدەنىيەت چەمبەرلىرى ھەممىشە ئىجادىي ئىقتىدار ۋە ئىجادىيەت نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئۆزلۈكسىز ھاياتىي كۈچ بىلەن ئۆز تارىخىنى يارىتىدۇ. كۆپ مەنبەلىك ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدە ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان كۆپلىگەن ئەدەبىيات ھادىسىلىرى بولىدۇ. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش ھادىسىلىرىدىكى بىردەكلىك، ياخشىلىق، گۈزەللىك قاراشلىرىدىكى بىردەكلىكنىڭ ھەر قايسى خەلقلەر ئەدەبىياتىدىكى ئىپادىسىدىن ئىبارەت. مەسىلە شۇ يەردىكى، ھەر قايسى خەلقلەر ئۆز ئالدىغا ياراتقان بۇنداق ئەدەبىيات نەتىجىلىرىنى سېلىشتۇرغاندا، ئۇنى مەلۇم «ئەۋزەل مىللەت» ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدىن تۇغۇلغان ھادىسە قىلىپ قوياسلىق كېرەك.

ئېيتىش كېرەككى، ئەكسىرىيەتلىك ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى سېلىشتۇرۇش پاراللېل خاراكتېرلىك سېلىشتۇرۇشتىكى قىزىقارلىق بىر تارماق ئۇسۇلدۇر. بۇ ھەر قايسى مىللەت ئەدەبىياتىدا مەۋجۇت بولسىمۇ، پۈتۈنلەي تەتۈرىسىچە مەنىدە مەۋجۇت بولغان ھادىسىلەرنى سېلىشتۇرۇش دېمەكتۇر.

ئۈچىنچى، نوقۇل ئەدەبىياتتىن ھالقىتىپ پۈتكۈل مەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىلىرى بويىچە سېلىشتۇرۇش.

مەلۇمكى، ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ئەزەلدىن يەككە ھالەتتە شەكىللەنگەن ۋە ساقلانغان ئەمەس. ئۇ سەنئەت، پەلسەپە، دىن، ئەخلاق، پسىخولوگىيە، تەبىئەتنى بىلىش ھادىسىلىرى بىلەن بىر تۇتاش مەنبە، مەزمۇن، ئۇچۇر، تەسىر، قىممەت تورىنى شەكىللەندۈرۈپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. نوقۇل ئەدەبىياتتىن ھالقىغان بۇ ھادىسىلەر ئەدەبىياتقا مەنىدارلىق، تېماتىكا، تەسۋىرلەش ئۇسۇلى، يېشىم، باھا، قىممەت بېغىشلايدۇ. تارىختا نۇرغۇن مەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىلىرى دىنىي شەكىلدە ئىپادىلەنگەندەك، شۇ ھادىسىلەر يەنە ئەدەبىيات شەكلىدىمۇ ئىپادىلەنگەن. مەلۇم بىر رايون ياكى مىللەتتە پەلسەپە، ئەخلاق تۈسىنى ئالغان مەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئىككىنچى رايون ياكى مىللەتتە دىنىي شەكىلدە، ئۈچىنچى رايون ياكى مىللەتتە ئەدەبىيات شەكلىدە گەۋدىلەنگەن ئەھۋال ناھايىتى نۇرغۇن. بۇنداق ئەھۋال سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ ئالدىغا نوقۇل ئەدەبىياتتىن ھالقىتىپ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلىپ قويغان.

شۇنداق قىلىپ، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئىنتايىن مۇھىم، ئىنتايىن كاتتا خىزمەت ئۆتەيدۇ. ئۇ ھەر خىل رايون ۋە مىللەتلەر مەدەنىيەت مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ماكان، زامان، ئالاقە، تەسىر جەھەتتىن سېلىشتۇرۇش؛ ئىدىيە، تېما، سيۇژېت مەنبەئى ۋە ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتىن سېلىشتۇرۇش؛ ھەر خىل مەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىلىرى بويىچە سېلىشتۇرۇشنى ئۆزىگە مەشغۇلات ئوبيېكتى قىلغان. شۇ سەۋەبلىك سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئەدەبىيات پەنلىرى تىزمىسىدىكى كۆپ قىرلىق، باي مەزمۇنلۇق، غايەت قىزىقارلىق، يۇقىرى يۇ-

روتقۇچ نوپۇزلۇق پەن تارمىقى بولۇشقا مۇناسىپ.

## 2

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ماھىيەتتە سېلىشتۇرما مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتى ئەڭ كەم دېگەندىمۇ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

سېلىشتۇرما مەدەنىيەت ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقىدىكى تۈپكى قانۇنىيەت بولغان بىردەكلىك قانۇنىيىتى، ۋارىسلىق قانۇنىيىتى، تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى بىلىۋېلىشىمىزغا، ئىنسانىيەتنىڭ زامان ـ ماكاندىن ھالقىغان مەنىۋى بىرلىك تورىنى بىلىۋېلىشىمىزغا ياردەم قىلىدۇ. بىز سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ( كەڭ مەنىدە سېلىشتۇرما مەدەنىيەت ) ئارقىلىق، دۇنيانىڭ بىر پۈتۈن ۋە بىردەكلىكىنى، دۇنيانى بىلىش قانۇنىيەتلىرىنىڭ بىردەكلىكىنى، ئىنسانىيەتنىڭ چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك، يورۇقلۇق ۋە ئۇنىڭ ئەكسى تەرەپلىرى، ئۇلارنىڭ كۈرەشلىرى توغرىسىدىكى تەجرىبە ۋە قاراشلىرىنىڭ بىردەكلىكىنى بىلەلەيمىز. قۇياش ھەققىدىكى قەدىمكى سۆيۈنۈش ۋە ئېتىقاد مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ كۆكتەڭرى، مەرگەن تەڭرى ( مىترا ) قاراشلىرىدا، سۇمېرلارنىڭ شەمس، مىسىرلىقلارنىڭ « را »، گرېكلارنىڭ « ئاپوللو »، چۇيېيۋەنىڭ يۇرتى ـــ چۇبەگلىكىدىكىلەرنىڭ « دوگجۇەن » ( شەرق ئىلاھى ) قاراشلىرىدا ئومۇمىي ئورتاقلىق شەكىللەندۇرگەن. بۇنداق بىردەكلىك قانۇنىيىتى مەلۇم مىللەتنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرى قاتلاملىرىدىلا ئەمەس، يەنە باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخىي قاتلاملىرىدىمۇ ۋارىسلىق قانۇنىيىتى ھادىسىسىنى شەكىللەندۇرگەن.

قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىسىر فىرئەۋنلىرى تۇپراققا ئايلىنىپ كەتتى. ئەمما بۇ چاغدا يارىتىلغان مەدەنىيەت بىر خىل روھىي كۈچ سۈپىتىدە كېيىنكى گرېك مەدەنىيىتىدە ئىزچىللاشتى. قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى، قەدىمكى ئارىيان ـ سۇمېرلار مەدەنىيەتلىرى ھىندىستاندا ئاپىرىدە بولغان براخمانىزم ـ بۇددىزم ـــ كوشان مەدەنىيىتى قاتلاملىرىدا داۋاملاشتى. بىز جۇڭگونىڭ سۇي ـ تاڭ مەدەنىيىتى تۈزۈلمىسىگە نەزەر سالساق، ئۇنىڭدا سەددىچىن سېپىلى ئىچىدىكى مەدەنىيەتتىن تاشقىرى يىپەك يولى ئارقىلىق كىرىپ كەلگەن دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ ھاياتبەخش تەسىرىنى كۆرىمىز. بۇنداق ھادىسە سۇمېرلار ياراتقان تۇپان كەلكۈنى ۋە ئىجادىيەت كېمىسى رىۋايىتىنىڭ يەھۇدىي ـــ خىرىستىيان ـــ ئىسلام مەدەنىيەتلىرىدە داۋاملاشقانلىقىدىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن.

سېلىشتۇرما مەدەنىيەت تەتقىقاتى بىزگە ھەتتا بىر ـ بىرىگە قارشى قىساس جەڭلىرى، سەلىب يۈرۈشلىرى، غازات ئۇرۇشلىرى ئاچقان ئەقىدە تىپلىرى ۋە مەدەنىيەت تۈركۈملىرىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى قانۇنىيەتلىرىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئاجايىپ ھېكايىلىرى بىلەن ئېچىپ بېرىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانىمىزنىڭ بىللە يارىتىلىپ، كېيىنچە ھاۋا ئانىمىزنىڭ ھىندىستانغا كېلىپ قېلىپ، ئاخىر ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن قايتا تېپىشقانلىقى؛ پىفاگورنىڭ ھىندىستانغا كېلىپ ماتېماتىكا ئۆگەنگەنلىكى بىلەن

ئارستوتىل ( ئەپلاتون ) نىڭ مىسىردا ھاكىمىيەت ئىلمىنى ئۆگەنلىكى؛ كومىرا جىۋا روھىيىتىدە كۆسەن ـ قەندىھار ـ گۈزان ( لياڭجۇ ) ــ چاڭئەن مەدەنىيە تىلىرىنىڭ ئۇتاشقانلىقى؛ « پەرھاد ـ شېرىن » داستانىدا « ئاۋېستا » ــ « تەۋرات » ــ ئەرمەن ــ ساسانى ــ ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئا- مىللىرىنىڭ تۇتاش توقۇلما ھاسىل قىلغانلىقى؛ ئىسپاھيە غەمبەرنىڭ قايتا تىرىلىپ جاھانغا ئۈچ مىڭ يىل پادىشاھلىق قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانە بىلەن مايتىرى بورھانىنىڭ كەلگۈسى زامانىدا دۇنياغا كېلىدىغانلىقى ۋە ئىمام مەھدى ئاخىر زامانىنىڭ دۇنياغا قايتا كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئەقىدىلەر؛ ئىسكەندەر شاھ، نۇشىرۋان ئادىل، كۇنتۇغدى ئىلىك ۋە فازىل رەئىس قاتارلىق غايىۋى پادىشاھ ۋە غايىۋى جەمئىيەت ئىدىيىلىرى بۇنىڭ بىر قانچە مىسالى، خالاس.

سېلىشتۇرما مەدەنىيەت ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ كۆپ مەنبەلىك، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ ئېقىملىق راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا راۋاجلىنىدىغانلىق مەنزى- رىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بۇنداق ئېچىپ بېرىش ئابستراكت مۇھاكىمە شەكلىدىكى ئۇقۇم ھاسىل قىلىش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى كونكرېت ئەپسانە، رىۋايەت، فولكلور، داستان، ھېكايەت قا- تارلىق ئەسەرلەرنى كونكرېت سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغاچقا، تولىمۇ چىن، جانلىق، رەڭدار ۋە تەسىرلىك بولىدۇ.

سېلىشتۇرما مەدەنىيەت ھەر قايسى خەلقلەر، مەدەنىيەت چەمبەرلىرىدە ھەر خىل ژانىر، ھەر خىل مىللىي ئۇسلۇبتا يارىتىلغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاتارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدىكى ئۆلمەس روھىي بايلىقلارنى، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتنى بىرلەشتۈرۈۋاتقان، ئالغا ئىنتىلدۈرۈۋاتقان ئۇلۇغۋار ئىدىيىلەرنى تېخىمۇ باياقاپ ئېلىشىمىزغا ياردەم قىلىش بىلەن بىللە، يەنە بۇ ئۆلمەس ئىدىيىلەرنىڭ ھەر قايسى مىللەت ۋە مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى مىللىي ۋە يەرلىك ئۆستېتىك ھەم سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرىنى، يېتىلدۈرۈش ۋە ئىپادىلەش شەكىللىرىنى بىلىپ ئېلىشىمىزغىمۇ ياردەم قىلىدۇ. روشەنكى، ئۆزگە مىللەت ۋە مەدەنىيەت تىپلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى بىلىش پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى چۈشىنىشتىكى ئەھمىيەتلىك ھالقا، قىزىقارلىق بىلىش ساھەسى.

سېلىشتۇرما مەدەنىيەت ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتىكى ھېكمەتلىك ئاچقۇچ. ئۇ بىر تەرەپتىن، ئىنسانىيەت ئېرىشكەن ۋە ئىنتىلگەن ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، ئىز گۈللۈك قاراشلىرىنىڭ دىنىي، ئەخلاقىي، غايىۋى جەمئىيەت ئۇتوپىيىلىرى ۋە بەدىئىي شەكىلدە ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ قاراشلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرغان، سىرتلاش- تۇرۇپ تۇرغان ھادىسە ـ ھېكايەتلەرنىڭ ئۆتمۈش تارىخقا ئايلىنىپ، مۇزېيغا كىرىپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭدىكى تۈپكى ئىدىيىۋى روھىيەت ۋە ماھىيەتلەرنىڭ ئەبەدىيلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بو- لۇپ، رېئال تۇرمۇش قوينىدا تاۋلىنىپ، كەلگۈسىگە تېخىمۇ كاپالەتلىك مەنىۋى ئۇل سالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. سۇمېر ـ مىسىر ـ گرېك ئەپسانىلىرى؛ گومېر ـ چۈيۈەن ـ فىردەۋسى نەزمىلىرى؛ « گىلگامىش »، « رامايانا »، « كەلىلە ۋە دىمنە »، « مىڭ بىر كېچە »، « خەمسە » ھېكايەتلىرى؛ « ئاۋېستا »، « ئاغىلىق نوم »، « ئىنجىل »، « تەۋرات »، « قۇرئان »

رىۋايەتلىرى قايتا تەكرارلانمايدۇ، ئەمما ئۇلاردىكى ئەبەدىيەتلىك روھىيەت ئۆز زامانىسى، ئۆز
كومپوزىتسىيىسى، ئۆز رامكىسىدىن ئازاد ھالدا كىشىلىك جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى
تۈزۈلمىسىدە ياشايدۇ.

سېلىشتۇرما مەدەنىيەت تەتقىقاتى ھەر قانداق مىللىي — ئېرقىي بىر تەرەپلىمىلىك، تارى-
خىي - جۇغراپىيىلىك بىر تەرەپلىمىلىك، دىنىي - سىياسىي بىر تەرەپلىمىلىك قاراش بىلەن
سىغىشالمايدۇ؛ مىللەت ۋە مىللىي مەدەنىيەتكە قارىتا ئىپادىلەنگەن ھەر قانداق «ئۆز مەركەز-
لىك»، «ئۆز ئەۋزەللىك» شەكلىدىكى ئىنكارچىلىق قاراشلىرى بىلەن سىغىشالمايدۇ؛ ئۇ يەنە
ئۆز - ئۆزىنى پەس كۆرۈش، مىللىي ئۈمىدسىزلىك خاھىشلىرى بىلەنمۇ چىقىشالمايدۇ. رو-
شەنكى، بۇ جەھەتلەردىكى بىر تەرەپلىمىلىكلەر تارىختىن بېرىقى كۆپلىگەن ناھەق ھۆكۈملەر،
ئادالەتسىز ماجىرالار، ھەتتا قانلىق قىساسكارلىق جەڭلەر بىلەن دەھشەتلىك قىرغىنلارغا ئېلىپ
كەلگەن. بىلىش كېرەككى، تارىخ بەزىدە ئارقىدا قالغان خەلقلەرنىڭ ئەۋزەل سەنئەت
مۆجىزىلىرىنى يارىتالىقىنى، بەزىدە ئاز سانلىق نوپۇسلۇق مىللەتلەرنىڭ ئالەمشۇمۇل دىنىي، ئىل-
مىي ۋە مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنى يارىتالىقىنى كۆپ قېتىم ئۇقتۇرۇپ كەلدى. ئىسرائىلىيە
يەھۇدىلىرى بىلەن قەدىمكى ئافىنا گرېكلىرىنى بۇ جەھەتتە مىسال قىلىش مۇمكىن.

سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ سېلىشتۇرما مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىلمىي ئەھمىيىتى ئەڭ
كەم دېگەندىمۇ يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. ئەدەبىيات ئىنسانشۇناسلىقتۇر. سېلىشتۇرما
ئەدەبىياتتىن خەۋەرسىز ئىنسانشۇناسلىق ماكان جەھەتتە بېكىنمە - ئاقساق، زامان جەھەتتە ھا-
دىسىلەر، ھېكايەتلەردىن ئۆتۈپ ئەبەدىيەتلىك مەنىۋى قىممەتنى كۆرەلمەيدىغان قارىغۇ «
ئىنسانشۇناسلىق» بولۇپ قالىدۇ.

## 3

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ ئاساسىي مەيدانى يىپەك يولى مەدەنىيىتىدىن ئى-
بارەت. ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيەت تىپلىرى، ئۇتۇقلىرى ۋە چوققىلىرىنى يىپەك
يولىدىن تېپىش مۇمكىن. يىپەك يولى شەرق - غەرب خەلقلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللار داۋام قىل-
غان مەدەنىيەت قاتنىلى سۈپىتى بىلەن باي سېلىشتۇرما ئەدەبىيات دەھلىزى قىممىتىگە ئىگە. بىز
يىپەك يولى مەدەنىيەت قاتلىمىغا نەزەر سالساق، بىر قانچە تارىخىي قاتلام، بىر قاتار بەدىئىي ژا-
نىرلار بويىچە ھەر قايسى مىللەتلەر ۋە رايونلار مەدەنىيەتلىرىدە كۆپلىگەن ئوخشاشلىق،
تەققاسلىق، ياندىشىلىق ۋە تەسىر ھادىسىلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقايمىز.

ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئىپادىلەنگەن قۇياش ئىلاھى مەركىزىي ئاسىيالىقلاردا ئات مىنىپ ئوقيا
ئېتىۋاتقان مىترا - مەرگەن تەڭرى قىياپىتىدە، گرېكلاردا بولسا، ئات قوشقان پەيتۇندا ئولتۇرۇپ
شەرقتىن غەربكە كېتىۋاتقان ئاپوللو ھالىتىدە تەسۋىرلەنگەن. مىترا قولىغا چاقماق زەنجىرىنى
ئېلىپ، كەينىگە چوشقا قىياپەتلىك دوستى ئېرترانگىنى ئەگەشتۈرۈپ، جاھالەت دېۋىسىگە
قارشى كۆرەش قىلغانلىقى ھېكايىتى «رامايانا» داستانىدا «مايمۇن پادىشاھ» شەكلىدە،

ئۇنىڭدىن مىڭ يىللار كېيىن شى نەيئەننىڭ «غەربكە ساياھەت» ناملىق ئەپسانىۋى رومانىدا سۇن ۋۇكۇڭ ۋە جۇباجيې شەكلىدە قايتا ئۆزگەرتىلىپ ئىشلەندى. بىز قەدىمكى ئىرانلىقلارنىڭ شىر ھەققىدىكى سەنئەت ئىزنىلىرىنى سىكتاي ـ ساك مېتال سەنئەت بۇيۇملىرىدىن، ئاپراسىياپ ـ پەنجىكەنت ـ بەدەھشان خارابىلىرىدىكى تام رەسىملىرىدىن، كۆسەنلىكلەرنىڭ ھەيدەر شاھ توغرىسىدىكى قەھرىمانلىق رىۋايىتى بىلەن شىر ئويۇنى تەسۋىرىدىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان شىر ئۇسۇلى ۋە شىر ھەيكەللىرىدىن كۆرەلەيمىز. بىز شىنجاڭدىكى بۇددا ۋە مانى ھەيكەللىرىگە نەزەر سالساق، ئۇنىڭدا تۇتېمىزىم قىيا رەسىمچىلىكى، شامانىزىم بالبالچىلىقى، مېترائىزىم تۆچ ئېكون (ئىلاھى ھەيكەل) قۇيىمىچىلىقى، گرېك ھەيكەلچىلىكى، ئىران نەققاشچىلىقى، ھىندىستان بۇددا ياساش ئۇسلۇبىنىڭ ھەر خىل تەسىرىنى كۆرەلەيمىز.

قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيالىق ئەجدادلىرىمىز كېمىرى ـ سىكتاي ساكلىرى رۇس دىيارى، شەرقىي ياۋروپا ۋە غەربىي ئاسىيانى، سومېر ۋە ئارىئانلار ھىندىستان ۋە مىسسوپوتامىينى كېزىپ «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» نىڭ قەدىمكى زامانىدىكى ھېكايەتلەر تىزمىسىغا ئۇل قويغان. بىز نارات، گىلگىمىش، گومېر، رازىنا، تۇمارىس، ئاپراسىياپ، رۇستەم داستانلىرى بىلەن «ئاۋىستا»، «رىگاۋىدا»، «جاتاكا (يارالمىش)» دەستۇرلىرىدىن ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا بىلەن بولغان ئالاقىدار تارىخقا ئائىت نۇرغۇن نېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئوبيېكتلىرىنى تېپىپ ئالالايمىز. «ئاۋىستا» دا تىلغا ئېلىنغان پەرھاد ۋە ئاپراسىياپ ئوبرازى فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدە قايتا تەسۋىرلەندى. نىزامى گەنجەۋى كۆپ رايون، كۆپ مىللەت پېرسوناژلىرى تەسۋىرلەنگەن «پەنج گەنچ» (بەش خەزىنە ـ خەمسە) داستانلار تۈر كۈمىنى تۇنجى قېتىم ياراتقاندا، ئۇنىڭ يېپەك يولى مۇجەسسەم خەمسە ئەدەبىي ژانىرىغا مۇقەددىمە بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. خۇسراۋ دىھلەۋى، ئابدۇراخمان جامى، ئەلىشىر ناۋائىلار ئۆزىگە خاس خەمسە داستانلار تۈركۈمىنى يارىتىشتى. بۇ داستانلار غايەت زور يېپەك يولى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى قىممىتىگە ئىگە ئوبيېكتتۇر. خەمسە داستانلىرى مەجمۇئەسى ئومۇمەن گۇمانىستىك پەلسەپىۋى داستان، ئىشقى لېرىك تراگېدىيە، ئىشقى قەھرىمانلىق داستانى، غايىۋى جەمئىيەت توغرىسىدىكى فولكلور ياكى تارىخىي تېمىدىكى داستاندىن تەركىپ تاپتى. ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ «ئىبنى يەقزان» ناملىق ھېكايىسى جامى قولىدا «سالامان ۋە ئەپسان» داستانى تۇسىگە كىردى ۋە ئىبنى بەجەنىڭ «ئىبنى يەقزان» ناملىق ئەسىرىگە، كېيىنچە سېرۋانتىسنىڭ دونكىخوت ناملىق رومانىغا ئاساس سالدى. شۇنداق قىلىپ، «ئىبنى يەقزان» ئۈچ قەدىمكى قىتئەدە ھەر خىل ھېكايەتلەشتۈرۈلۈپ، قىزىقارلىق سېلىشتۇرما تەلقىن ئوبيېكتىغا ئايلاندى.

بىز فارابىنىڭ «فازىل شەھەر» ئىدىيىلىرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ»، كەيكەۋۇسنىڭ «قابۇسنامە»، ناۋائىنىڭ «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، نىزارىنىڭ «دۇررۇلناجاد» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە، جۈملىدىن باشقا خەلقلەرنىڭ شۇ تېما، شۇ تۈردىكى ئەسەرلىرىگە نەزەر سالساق، غايەت زور ياندىشلىق جاۋاھىراتلىرىنى كۆرىمىز.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا قوشۇن باشلاپ كەلگەندە بىللە كەلگەن
تارىخچى ئاپتورلار بۇ يەردىكى خەلقلەر ئارىسىدىمۇ خۇددى گرېتسىيىدىكى دىئونىسى بايراملى-
رىدەك مەشرەپ - مەلىس مۇراسىملىرىنىڭ بولغانلىقىنى تىلغا ئالغانىدى. مۇشۇ ئەسىردە
قازاقىستاننىڭ يەتتە سۇ رايونى كوستاناي دېگەن جايدىن قەدىمكى گرېك دراماتورگى ئېۋرىپ-
سىدنىڭ «ئالوب»، «گراكېل»، «ئاكسىدىدا» قاتارلىق تراگېدىيىلىرىنىڭ تېپىك مەيدان
كۆرۈنۈشلىرى چېكىلگەن كۈمۈش تاۋاقلار تېپىلدى. بۇ قەدىمكى گرېك تىياتىرلىرىنىڭ بال-
قاش بويىدا ئوينالغانلىقىدىن ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ. بىز قۇمۇل تۆمۈرىتىدىن «مايترى سىمىت»
دراما كىتابىنى، تۇرپاندىن ئىزۇپ مەسەللىرىنى، مانى دەستۇرلىرىنى، خرىستىيان كىتابلىرىنى، بۇددا نوملى-
رىنى تاپتۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى يىپەك يولى سېلىشتۇرما ئەدەبىياتىنىڭ قىممەتلىك بوز زېمىنىدىن ئىبارەت.

سوفىستىك ئەدەبىيات يىپەك يولى تەپەككۇر تارىخىنىڭ خاس بىر شاخاپچىسىدۇر. بىز
كومىراجىۋانىڭ «سونياتا (يوقلۇق)»، «ئەدەم» قاراشلىرى بىلەن تەمسىللەش ئۇسۇلىنىڭ
ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب، پارىس، تۈركى سوفىستىك ئەدەبىياتىدا قوللىنىلغانلىقىنى كۆرىمىز.
سوفىستىك پىكىر شەكىللىرىنى بۇددا دەستۇرلىرى ۋە بۇددا ئەدەبىياتىدىن، ھەتتا يېقىنقى زامان
ياۋروپا پەلسەپە ۋە ئەدەبىيات قاراشلىرىدىن تېپىش مۇمكىن.

رۇبائىيات مەيلى شەكىل ياكى تېماتىك مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، كۆچلۈك يىپەك
يولى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات قىممىتىگە ئىگە. بىز ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرىنىڭ فولكلور تېكىستلى-
رىدىن، «قۇتادغۇبىلىگ» نەزمە - نەسىھەتلىرىدىن، ئۆمەر ھەييام، ئەلىشىر ناۋائى
رۇبائىيلىرىدىن تاكى ھازىرقى زامان غەربىي ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيا روبائىيلىرىدىن نۇرغۇن
ھېكمەت ئىزچىللىقى ۋە پىكىر يانداشلىقىنى كۆرىمىز. كومىراجىۋانىڭ بۇددا نوم - سوترا
نەزمىلىرىنى ئەنئەنىۋى بەش خەتلىك ئۇسلۇبتىن يەتتە خەتلىك قىلىپ تەرجىمە قىلىشتىن
باشلانغان خەنزۇ شېئىرىي ھېكمەتچىلىكى رۇبائىيسىز رۇبائىيلىق ئامىللىرىدىن خالىي ئەمەس.
بۇ مۇئەييەن سېلىشتۇرۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە. رۇبائىيدىن ئىبارەت تۆتلىك پەلسەپىۋى نەزىم
شەكلى شېئىرىيەتنىڭ ھەر خىل ۋەزىن - بەھرلىرىدە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ قەدىمكى يىلتىزى
ئىپتىدائىي ئۇدارلىق چالغۇ مۇزىكىلىرى بىلەن ئورۇندىلىدىغان مۇناجات قوشاقلىرى بولۇشى ئېھتىمال.

ئاروز خەزىنىمىز يىپەك يولى سېلىشتۇرما ئەدەبىياتىنىڭ پايانسىز لەيلىزارلىقىدىن ئىبا-
رەت. بىز «نەزىرە»، «مۇشائىرە» ۋە تەقلىدى - ئۆرنەك نەزم نۇسخىلىرىنى، شەرق غەزەلىياتى
بىلەن ياۋروپا سونېتلىرىنى كەڭ سېلىشتۇرۇش ئوبيېكتى قىلىشىمىز مۇمكىن.

يىپەك يولى سېلىشتۇرما ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر قانىتى تەرجىمە ۋە تەقلىدىي ئەدەبى-
ياتتۇر. بىز بۇددىزم ۋە مانىزم دەستۇرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە
قىلىنغاندا، ئۇنىڭ ئەسلى ئەنەتكەك تىلىدىكى نۇسخىسىدىن مول ۋە بەدىئىيلىككە ئىگە بولغانلى-
قىنى كۆرىمىز. كومېراجىۋا، خۇيلان، سىڭقو سەلى تۇتۇك بۇ جەھەتتە خاس ھەسسە قوشقان.
بىز يەنە «كەلىلە ۋە دېمنە» نىڭ باشقا نۇسخىلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئۇنىڭ مۇھەممەت تۆمۈرى
ئىشلىگەن ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى سېلىشتۇرساق، ئۇنىڭدىكى نەزم - نەسىر پاساھەت

ئەۋزەللىكىنى كۆرىمىز. «شاھنامە» ھېكايىلىرىنىڭ ھەر قايسى ۋارىيانت نۇسخىلىرى بۇ جەھەتتىكى بىر تەتقىقات ئوبيېكتى.

## 4

يىپەك يولى — ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاپىرىدە گاھىنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك سەھنىسى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى مۇنبەت زېمىنى.

يىپەك يولى جاھان ئەدەبىيات تارىخىنىڭ بىقىياس بوستانزارلىقى ۋە باي خەزىنىسى.

كۆپ ئەسىر ئۈزۈلگەن، خارابىلىقتا قالغان قەدىمكى شۆھرەتلىك يىپەك يولى قايتا ئېچىلدى. يىپەك يولى مەدەنىيەت ئالمىشىشى كۆز ئالدىمىزدا ئۆز ھەرىكىتىنى باشلىغۇسى. تەبىئىكى، ئۇنىڭ بىر ساھەسى يىپەك يولى سېلىشتۇرما ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت.

يىپەك يولى سېلىشتۇرما ئەدەبىياتى پۈتكۈل سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ مەركەزلىك، غوللۇق ئىلمىي ساھەسى بولۇشقا مۇناسىپ. بىر مىللەت ئىچىدىكى زامان ۋە ئۇسلۇب، ژانىر ۋە تېما خاسلىقىدىن ھالقىغان پۈتۈن يىپەك يولى مىللەتلىرى — رايونلىرى سېلىشتۇرما ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ھەر قايسى مىللەتلەر، دۆلەتلەر ئەدەبىياتىنى قايتا ئىزدىنىش، قايتا گۈللەندۈرۈش يولىدىكى ھېكمەتلىك خەزىنە ۋە ئىلھامبەخش چەشمە. ئۇ ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدىكى ئىدىيىۋى بېكىنمىچىلىكنى، قاتمال قاششاقلىقنى، يىراقنى كۆرمەس مەغرۇرلۇقنى، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرىدىغان روھىي ئۈمىدسىزلىكنى، «ئىشىكنى تاقاپ ھارۋا ياساش» بىلەن «قولاقنى ئېتىۋېلىپ قوڭغۇراق ئوغرىلاش» ئىللەتلىرىنى، تەسىر ئۆتكۈزۈش ۋە تەسىر قوبۇل قىلىپ يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلالماسلىقنى، نورمال تەسىر ھادىسىلىرىنى ناتوغرا ئىزاھلاشنى يېڭىشتە؛ ئەدەبىيات خادىملىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى بېيىتىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىلھام مەنبەلىرىنى كۈچەيتىپ يېڭى يىپەك يولى ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى بەرپا قىلىشتا خۇددى «جاھاننامە» دەك غايەت زور يورۇتقۇچ ۋە نۇر لاندۇرغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىپەك يولى سېلىشتۇرما ئەدەبىياتى يالغۇز يىپەك يولىدىكى ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى سېلىشتۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، ئۇ ئەدەبىي ئەسەر شەكلىدە ماددىلاشقان يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ كەڭ جەھەتلىرىدىكى ئىزدىنىشكە يول ئاچىدۇ. بۇنداق ئىزدىنىش پەلسەپە، بىلىش نەزەرىيىسى، لوگىكا، كىشىلىك پەلسەپىسى، ئەخلاق، دىنداكتىك تەلىم، دىن ـ ئەپسانە، ئېكولوگىيە، فولكلور، سەنئەت، ئوتوپىك ئىدىيىلەر، يەر ـ جاي ناملىرى، شەخسلەر تەزكىرىسى، تارىخ قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلەردىكى تەتقىقاتنى مول مەنبە بىلەن تەمىنلەيدۇ. تارىخ ۋە ئىلىم ـ پەن تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ئىزدىنىشلەر يەنىلا ئەينى زامانغا ئالاقىدار ئەدەبىيات مەنبەلىرىگە مۇراجىئەت قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

يىپەك يولى سېلىشتۇرما ئەدەبىياتى — يېڭى پەن تارمىقى. ئۇ يىپەك يوللىرىنىڭ قايتا ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ مەپتۇنكار جامالىنى ئېچىپ، سېھىرلىك ئىقتىدارىنى جارى قىلغۇسى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

مۇھەممەت روزى

# باللار ۋە باللار ھېكايىلىرى

ھېكايە بىر خىل بەدىئىي شەكىل بولۇپ، كەڭ ئاممىۋىي ئاساسقا ئىگە. باللار ھېكايىغا بەكمۇ ئامراق كېلىدۇ. چۈنكى ھېكايىدا جانلىق ئوبرازلار، ئەگرى - توقاي ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدىكى گۈزەللىك، ياخشىلىق كۈيلىنىپ، گۈزەل ئارزۇ - ئارمان ۋە كېلەچەك بايان قىلىنىدۇ. ئۇ باللاردا قىزىقىش قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك تەلىپىنى قاندۇرىدۇ. ھېكايە باللارنى كەڭ تۇرمۇش ئالىمىگە ئېلىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۇلارنى ئويلاشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرىدۇ ۋە ئەدەب - ئەخلاق ئۇرۇقىنى ئۇلارنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرىدۇ.

ھېكايە — باللار تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجى. باللارنىڭ دۇنيا ۋە تۇرمۇشقا بولغان تونۇشى تېخى ئىنتايىن گۆدەك باسقۇچتا بولۇپ، تەنقىدىي قاراش بىلەن تالالاش خۇسۇسىيىتى كەمچىل بولىدۇ. پەقەت ئۇلار ئۆزلىرى قىزىقارلىق دەپ ھېس قىلغان شەيئى، ھادىسىلەر ئۈستىدىلا ئىزدىنىدۇ. باللارنىڭ بۇ خىل ئىزدىنىش ۋە سىناق قىلىش پائالىيەتلىرىدە ئاكتىپ، ساغلام، پايدىلىق ئامىللارمۇ؛ پاسسىپ، زىيانلىق نەرسىلەرمۇ بولىدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ بۇ خىلدىكى پائالىيىتى دەسلەپتە قىزىقىشتىن باشلىنىدۇ.

قىزىقىش — ئەقىل - پاراسەتنى قوزغاتقۇچى ئۇچقۇن. تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، ئاتاقلىق ئالىملارنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى، كىچىكىدىن باشلاپلا پەننى سۆيۈش، پەنگە قىزىقىش، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ سىرىنى بىلىشكە كۈچلۈك ئىشتىياق باغلاشتىن ئىبارەت. پەن بىلەن قىزىقىش بىر جۈپ قوشكېزەك بولۇپ، بىر - بىرىدىن ھەرگىز ئايرىلالمايدۇ.

باللارنىڭ پسىخىكىسى باسقۇچلۇق تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ پسىخىكا تەرەققىياتىنى ئادەتتىكى ئەھۋالدا ياش باسقۇچلىرى ئارقىلىق كۆرسەتكىلى بولىدۇ. باللارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى مۇئەييەن ئىجتىمائىي ۋە تەربىيىۋى شارائىت ئاستىدا، باللارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ياش باسقۇچلىرىدا شەكىللەنگەن ۋە ئىپادىلەنگەن تىپىك پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ جىسمانىي ۋە پسىخىكا تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ھەر قايسى ياش باسقۇچلىرىدا باللاردا ئىپادىلىنىدىغان پسىخىك ئالاھىدىلىكلەر ھەر خىل بولىدۇ. مانا بۇ باللار ئەدەبىياتىغا، جۈملىدىن باللار ھېكايىلىرىغا ئوخشاش بولمىغان تەلەپلەرنى قويىدۇ. شۇ سەۋەبتىن باللار ھېكايىسى ئىجادىيىتىدە ھەر قايسى مەزگىلدىكى با-

لىلارنىڭ تۇيغۇسى، ئەقلى، خاتىرىسى، تەسەۋۋۇرى، ھېسسىياتى ۋە ئىرادىسى قاتارلىق پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. باللارنىڭ گۆدەكلىك مەزگىلى دەل ئۇلارنىڭ ئۆسۈش مەزگىلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ مەزگىلدىكى تېنىنىڭ ياخشى - يامان يېتىلىشى ھەمىشە ئۇلارنىڭ ئىدىيە ۋە زېھنىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەممىدە كېيىنكى سالامەتلىك ئەھۋالىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇلار جىسمانىي ۋە پسىخىك جەھەتلەردە ئۆسۈپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئەتراپىدىكى دۇنياغا چەكسىز قىزىقىدۇ. لېكىن تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە دۇنيا تونۇشى تېخى كەمچىل، بىلىمى كەمرەك بولغانلىقتىن، بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيانىڭ قىياپىتى ۋە خاراكتېرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدۇ ياكى تامامەن چۈشەنمەيدۇ دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بۇ رەڭگارەڭ دۇنيانى تېزراق بىلىشنى ۋە ئۇنىڭ سىرلىرىدىن خەۋەردار بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ شەيئىلەرنى بىلىشى كۆپىنچە يۈزەكى ياكى بىر تەرەپلىمە بولۇپ، ئادەتتە ئايرىم، كونكرېت شەيئىلەرنى ياكى شەيئىلەرنىڭ ئايرىم تەرەپلىرىنىلا بىلەلەيدۇ ھەممىدە ئۆزلىرىنىڭ شەيئىلەرگە بولغان پوزىتسىيىسىنى ئويۇن - كۈلكە ئارقىلىق ئىپادە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى روشەن ھالدا كونكرېتلىققا ۋە بىۋاسىتە كۆزىتىش خاراكتېرىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇرى ئەمدىلا بىخ ئۇرغان، ئابستراكت ئومۇمىلاشتۇرۇش ئىقتىدارى ئىپتىدائىي باسقۇچتا بولىدۇ.

بۇ مەزگىلدىكى گۆدەكلەر شوخ كېلىدۇ، جىم تۇرالمايدۇ، ھەممىگە ئەجەبلىنىدۇ، ھېلى بۇنىڭغا قىزىقسا، ھېلى ئۇنىڭغا قىزىقىدۇ. دورامچى كېلىدۇ، خام خىيالنى كۆپ قىلىدۇ. ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارى ناھايىتى كەم، ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تولا چاغلاردا كۈلكىلىك ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. بۇنداق ياشتىكى بالىلارغا ئاتاپ ھېكايە يازغۇچىلار ئۇلارنىڭ پىكرى ئاددىي، يېشى كىچىك، تەقلىدچىلىكى كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىجابىي تەربىيە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، رېئاللىقنى راستچىللىق بىلەن ئىپادىلەپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنى توغرا تونۇشى ۋە چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىشى، ئەڭ ئاددىي ۋە ئوڭاي قوبۇل قىلالايدىغان تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىنى تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ تىل قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشى ۋە نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشىگە تۈرتكە بولۇشى لازىم. ھېكايىنىڭ ھەجمى كىچىك، ۋەقەلىكى ئاددىي، تەرەققىياتى تېز، ھېكايىچانلىقى كۈچلۈك بولغاندىلا، ئۇلارنى جەلپ قىلغىلى بولىدۇ. گۆدەك باللار رەسىملىك ھېكايە ۋە ھايۋانات توغرىسىدا يېزىلغان ھېكايىلارنى ئوڭاي قوبۇل قىلىدۇ. ھېكايىنىڭ رەسىملىرى ئىمكان قەدەر نەپىس ۋە رەڭدار بولسا، رەسىملەرنىڭ ئاستىغا بېرىلگەن ئىزاھاتلار قىزىقارلىق ۋە چۈشىنىشلىك بولسا، باللارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ، باللار ئۇنى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ.

گۆدەكلەر ئوبرازغا تايىنىپ تەپەككۇر قىلىدىغان بولغاچقا، ئالەمدىكى نۇرغۇن شەيئىلەرنى ئوڭايلىقچە ئىدراك قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار نۇرغۇن سۆزلەرنى تولۇق چۈشىنىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا رەسىملەردىن پايدىلانماي بولمايدۇ. رەسىملەردىكى روشەن، جانلىق ئوبرازلار باللارنىڭ تەپەككۇر ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدۇ. شۇڭا باللار ئەدەبىياتى

باغچىسىدا تەبىئىي ھالدا رەسىملىك ھېكايە ژانىرى مەيدانغا كەلگەن.

بالىلار جىسمانىي ۋە پسىخىك جەھەتتە ۋاقىتتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىپ تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ بەدىئىي شەكىلگە بولغان تەلىپىمۇ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئۇلار بالىلىق مەزگىلىگە كىرگەندە گۆدەك چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش تىل ۋە گراماتىكا ئۆگىنىش باسقۇچىدا تۇرىۋەرمەستىن، چوڭلار بىلەن بىر قەدەر قويۇق ئالاقە قىلىشقا باشلايدۇ.

بالىلىق مەزگىلىدىكى بالىلاردا سەنئەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە قىزىقىش پەيدا بولۇپلا قالماي، بەلكى پەننىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگىمۇ قويۇق ئىشتىياق پەيدا بولىدۇ. ئۇلار كۆكتىكى يۇلتۇزلار، ئالەم كېمىسى، ئالەم كېمىسى ياسىغانلار ۋە ئۇنىڭدا ئولتۇرغان ئادەملەرگە، شۇنىڭدەك ئۆزلىرى تېخى بىلمەيدىغان، لېكىن بىلىشنى شۇنچىلىك خالايدىغان نەرسىلەرگە ئىنتايىن قىزىقىدۇ. تۇرمۇش دائىرىسى ئۆزلۈكسىز كېڭىيىپ، بىلىدىغىنى كۆپەيگەنچە، ئۇلار ھايۋانات توغرىسىدىكى ھېكايە ـ چۆچەكلەرگە گۆدەك چاغلىرىدىكىدەك ئانچە قىزىقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ھايۋانات تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەردىكى ئىشلارنى يالغان دەپ قاراپ، ئادەملەرگە، بولۇپمۇ ئادەملەرنىڭ تەبىئەتنى قانداق ئۆزگەرتكەنلىكىگە ۋە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرگە قىزىقىدۇ. ئۇلاردا ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشنىڭ شەكىللىنىشىدە بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ ناھايىتى چوڭ رولى بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئابستراكت تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى راۋاجلىنىشقا باشلىغان بولسىمۇ، تەپەككۇرىدا يەنىلا كونكرېت ئوبرازلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېخىمۇ كۆپرەك شەيئىلەرنى بىلىشنى خالايدۇ. شۇڭا بۇ مەزگىلدىكى بالىلارغا ئاتالغان ھېكايىلار تېخىمۇ رەڭدار، مول ۋە كۆپ بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

بالىلار ھېكايىلىرى ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئۆلچەملىرىگە بويسۇنۇشى لازىم. بىراق بالىلار ھېكايىلىرى ھېكايىنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ پەقەت بالىلارنى ئوبيېكت قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە ئالاھىدە بەدىئىي تەلەپلىرى بولۇشى تەبىئىي.

گوركى: «بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ تېمىسى توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىدە بىزنى «بالىلار ئەدەبىياتى ساھەسىگە كىرىپ كېلىۋاتقان ئاپتور كىتابخانىنىڭ ياش جەھەتتىكى بارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ھېسابقا ئېلىشى كېرەك. بۇنداق قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ ئەسىرى ئادرېسسىز، بالىلارغىمۇ، چوڭلارغىمۇ كېرەكسىز بولۇپ قالىدۇ» دەپ سەممىي ئاگاھلاندۇرغانىدى.

ياخشى بالىلار ھېكايىسى يېزىپ چىقىشنىڭ دەسلەپكى قەدىمى تېما تاللاشتىن ئىبارەت. بالىلار كۆڭۈل بۆلىدىغان، قىزىقىدىغان ۋە قوبۇل قىلالايدىغان تېمىلار ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا سادىر بولۇۋاتقان ۋەقەلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئۇلارغا تېخى ناتونۇش بولغان دۇنيانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بالىلار كۈچلۈك بىلىم تەشنالىقىغا ئىگە بولغاچقا، ئۇلار ئاجايىباتلىق، قەھرىمانلىق، گۈزەللىكنىڭ ھەممىسىگە تەلپۈنىدۇ.

بالىلار ھېكايىسى باشلىنىش بىلەنلا جەلپ قىلالايدىغان سيۇژىتقا ئىگە بولۇشى لازىم.

ھېكايىدە ۋەقەلىكنىڭ راۋاجى ئاستا بولسا، كىچىك كىتابخانلار زېرىكىپ قېلىپ، ئۇنى ئاخىرغىچە ئوقۇمايدۇ. بالىلار ئۇزۇن، چۇۋالچاق بايانلارنى ياقتۇرمايدۇ، شۇنداقلا ھەددىدىن تاشقىرى ئۇزۇن پسىخىك تەسۋىر ۋە مەنزىرە تەسۋىرىنىمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. كىچىك كىتابخانلار ئەسەرنىڭ سيۇژېتى جىددىي، توقۇنۇشى كەسكىن، ھېكايىچانلىقى كۈچلۈك ۋە تەرەققىياتى تېز بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇلار ئەسەر قەھرىمانىنىڭ تەقدىرى ۋە خاراكتېرىگە بەك كۆڭۈل بۆلگەچكە، ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشى ۋە تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تېزراق بىلگۈسى كېلىدۇ. بەزى بالىلار ھېكايىلىرىنىڭ بالىلارغا بەكلا يېقىپ كېتىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى يازغۇچى بالىلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئۆز لايىقىدا كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىدە. ئەلۋەتتە، بۇنى ھېكايە سيۇژېتىنىڭ جىددىي، دولقۇنسىمان، ھېكايىۋىلىكى كۈچلۈك بولغانلىقىدىنمۇ ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

بالىلار مەسىلىلەر ئۈستىدە ئاددىيراق پىكىر يۈرگۈزىدۇ. ئەگەر ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن سيۇژېت ھەددىدىن ئارتۇق مۇرەككەپ بولۇپ، بىر نەچچە سىزىق بويلاپ، گىرەلەشكەن ھالدا راۋاجلانسا، كىچىك كىتابخانلار ئۇنى ئىگىلەشكە چارىسىز قالىدۇ. ھېكايىنىڭ ئاساسىي لىنىيىسىنى تۇتالمايدۇ، پېرسوناژلار مۇناسىۋىتىنى ئاڭقىرالمايدۇ. دىققىتىنى باش قەھرىماننىڭ ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرەلمەيدۇ، جۈملىدىن ئۇلار ھېكايىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى توغرا چۈشىنىشكە ئامالسىز قالىدۇ ـ دە، ئەسەرنىڭ تەربىيىۋى رولى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. شۇڭا بالىلار ھېكايىلىرىدا سيۇژېتنىڭ جىددىي، مەركەزلەشكەن، تېز راۋاجلانغان بولۇشى تەلەپ قىلىنىپلا قالماي، يەنە تاق لىنىيىلىك بولۇشىمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ.

كىچىك كىتابخانلار مۇرەككەپ شەيئى، ھادىسىلەرنى ھەم چىگىش ئادەملەر مۇناسىۋىتىنى ئوڭايلىقچە يادىدا تۇتالمايدىغان بولغاچقا، بالىلار ھېكايىسىنىڭ قۇرۇلمىسى بەك مۇرەككەپ بولمىغىنى تۈزۈك. ئادەتتە يەككە لىنىيىلىك راۋاجلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، سيۇژېتنى ھەددىدىن ئارتۇق مۇرەككەپ قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ساقلىنىش، بەك خام قىلىپ قويۇشنىڭمۇ ئالدىنى ئېلىش لازىم. بالىلارنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشى، بىلىم دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ھېكايە ۋەقەلىكىنى پەيدىن ـ پەي بېيىتىشقا بولىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، بالىلار ھېكايىسى ئاپتورلىرى ھېكايە سيۇژېتىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا مۇئەييەن ياش باسقۇچىدىكى بالىلارنىڭ چۈشىنىش ۋە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى سالماقلىق بىلەن نەزەرگە ئېلىشى لازىم.

مەزمۇنىنىڭ تەمسىز بولۇشى، سيۇژېتنىڭ تۈزلا بايان قىلىنىشى ھېكايىۋىلىكىنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقىغا ئېلىپ بارىدۇ. بالىلار ھېكايىلىرىدا ھېكايە سيۇژېتىنىڭ باش ـ ئاخىرى ئېنىق بولۇشى، دولقۇنسىمان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا، كىچىك كىتابخانلارغا ھېكايىنىڭ باش ـ ئاخىرىنى پۇختا ئىگىلەتكىلى، ھېكايە مەزمۇنىنى بىلدۈرگىلى، ئۇلارنىڭ دىققەت كۈچىنى يىغىپ، ئىشنىڭ ئۇ جۇر ـ بۇ جۇرىگىچە ئوقۇۋېلىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پېرسوناژلارنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى جانلىق ۋە ئەگرى ـ توقاي ئۆزگىرىشلەر جەريانىدا چوڭقۇر يورۇتۇپ بەرگىلى، تېماتىك ئىدىيىنى گەۋدىلەندۈر-

گىلى بولىدۇ. ئەقتىدارلىق باللار ھېكايىسى يازغۇچىلىرى رەڭگارەڭ رېئال تۇرمۇشنى باغلىنىشلىق، مۇكەممەل، ئەگرى - توقاي ۋە جانلىق سيۇژېت ئارقىلىق ئىپادىلەپ، باللار ئۇ-لۇغلايدىغان قەھرىمانلار ئوبرازىنى ياكى ئۇلار قىزىقىدىغان پېرسوناژلارنى يارىتىدۇ.

گوركى: «سيۇژېت - پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ راۋاجلىنىش تارىخىدۇر» دەيدۇ. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى سيۇژېتنىڭ راۋاجلىنىشىنى بەلگىلەيدۇ، سيۇژېتنىڭ راۋاجلىنى-شىمۇ پېرسوناژلار خاراكتېرىنى سۈرەتلەپ بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېكايىنىڭ سيۇژېتىنى تاللاش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتا، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ راۋاجلىنىش ئېھتىياجىغا بويسۇنۇش، باللار ھېكايىلىرىدىمۇ ئوخشاشلا پېرسوناژ يارىتىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن تۇرمۇشتىن تاللىۋالغان سيۇژېتنى تېپىكلەشتۈرۈپ، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ تېمىسىنى يورۇتۇش لازىم. باللار ھې-كايىلىرىدىمۇ ئوخشاشلا پېرسوناژلار بىر قەدەر يۇقىرى دەرىجىدە تېپىكلەشكەن بولىدۇ. باللار ھېكايىلىرىدا تېپىك پېرسوناژلارنى چېنىمۇ بار، تېنىمۇ بار بولغان تىرىك ئادەمدەك تەسۋىرلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. تېپىك پېرسوناژلار ئاپتورنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن پىششىقلاپ ئىشلىشى ۋە تېپىكلەشتۈرۈش پرىنسىپلىرى بويىچە ئىش كۆرۈشى ئارقىلىق توقۇپ چىقىرىلىدۇ. لېكىن بە-زىلەر كىچىك كىتابخانلار ئوقۇيدىغان ھېكايىلارنىڭ ھېكايىۋىلىكى بولسىلا بولىدۇ، تېپىك ئوبراز يارىتىش ئۇستىدە ئويلىنىش ھاجەتسىز، دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراش خاتا. ھازىرقى كۈندە باللار ھېكايىسى ئىجادىيىتىدە روشەن تېپىك ئوبرازلارنىڭ كەملىكى مۇشۇنداق خاتا قاراشلار بىلەن مەلۇم دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك.

ئەمەلىيەتتە مۇنەۋۋەر باللار ھېكايىسى ئىجادكارلىرى ھېكايىنىڭ بەدىئىي شەكلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، زامان - ماكان جەھەتتىن چەكلەنمىگەن ھالدا، پېرسوناژلارنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ، تېخىمۇ جانلىق تەسۋىرلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھېكايىغا ئۆزىنىڭ مۇلا-ھىزىسىنى ۋە لېرىك تۇيغۇسىنى قىستۇرىدۇ... قىسقىسى، ئاپتور بارلىق ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، پېرسوناژلارنى روشەن، جانلىق سۈرەتلەش ئارقىلىق ئەسەردە كۈچلۈك بەدىئىي تەسىر كۈچى پەيدا قىلىدۇ.

تىل - ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئاساسىي ماتېرىيالى. باللار ھېكايىلىرىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. باللارنىڭ، بولۇپمۇ گۆدەكلەرنىڭ بىلىدىغان سۆزى كۆپ ئەمەس. نۇرغۇن سۆز - جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى ئۇلار توغرا چۈشىنەلمەيدۇ. ئۇلار ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە لازىملىق سۆزلەرنى پات - پاتلا تاپالماي قالىدۇ. بەزىدە گەپ - سۆزى باغلاشمايدۇ، گرامماتىكى-غىمۇ چۈشمەيدۇ.

باللار ئەدەبىياتىنىڭ تىلى باللار ئۈچۈن ئەندىزە بولۇش رولىنى ئوينايدۇ، بۇ مەنىدىن ئالغاندا، باللار ئەدەبىياتىنىڭ تىلىغا قويۇلىدىغان تەلەپ چوڭلار ئەدەبىياتىنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. باللار ھېكايىلىرىنىڭ تىلى ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيىسى ۋە بىلىش رولىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ ئۆسمۈر - باللارغا تىل تەربىيىسى بېرىش ۋەزىپىسىنىمۇ

ئۇستىگە ئالىدۇ.

بەزىلەر باللار ھېكايىلىرىنىڭ تىلى بىلەن ئادەتتىكى تىل بىر گەپ، شۇڭا ياز غۇچىلار پۈتۈنلەي باللارنىڭ ئاغزاكى تىلىنىڭ كەينىدىن مېڭىشى كېرەك. بولمىسا «باللىشىش» يېتەرلىك بولماي قالىدۇ، دەپ قارايدۇ. دەل مۇشۇنداق نەرىيىنىڭ تەسىرىدە بەزى ياز غۇچىلار قەستەن خالىس قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، باللارغا قاراپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇششاق باللارنىڭ تىلىنى ئەينەن تەكرارلايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە گۆدەكلەرنىڭ تىلىنى مۇنداق تەكرارلاش، ئۇلارنىڭ مۇجمەل سۆزلىرىنى دوراش مۇقەررەر ھالدا باللارنىڭ نۇتۇق قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بەرمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇ پەرق ئېتىش ئىقتىدارى تۆۋەن بولغان كىچىك كىتابخانلار تىلىنىڭ ساپلىقى ۋە ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، يەنە بەزىلەر باللار ئەدەبىياتىنىڭ تىلىغا سەل قاراپ، چوڭلارنىڭ بىر يۈرۈش تىلىنى باللار ئەدەبىياتىغا كۆچۈرۈپ قوللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇنداق ئەسەرلىرىنى كۆرگەن باللارنىڭ ئىختىيارسىز قوشۇمىسى تۈرۈلىدۇ.

باللار ھېكايىلىرىنىڭ تىلى ئوبرازلىق، جانلىق، كونكرېت بولۇشى، دەل جايىدا ئىشلىتىلىشى، شۇنىڭدەك باللارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىدىن سۆز ئېلىشقا ماھىر بولۇش، باللارنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، تۇرمۇش تەجرىبىسى كەمچىل كىچىك كىتابخانلارنىڭ بىر قەدەر مۇرەككەپ شەيئىلەرنى ۋە ھېسسىياتلارنى چۈشىنىشىگە ياردەم بەرگىلى بولىدۇ.

باللار ھېكايىلىرى باللارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن يېزىلىدۇ. شۇڭا باللار ھېكايىسى يېزىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى، ئىرادىسى ۋە غايىسىنى پىششىق بىلىپ، ھېسسىياتى، ھەۋىسى ۋە ئادەتلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، ئۇلار قىزىقىدىغان نەرسىلەرنى چۈشىنىپ ۋە روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي جارچىسى بولۇش لازىم.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئەخمەت تۇردى

# دەۋر ساداسى

—«ئاي يامغۇرى» رومانىنىڭ يېزىلىشى توغرىسىدا

بۇ ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە ئاز-تولا ئىنكاس قوزغىدى. يىراق-يېقىندىكى كىتابخانلار بىر مۇنچە خەتلەرنى يېزىپ، مېنى تەبرىكلىدى، تەشەككۇر ئېيتتى، بەزىلەر ئايرىم مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆزلىرىنىڭ پىكىر، قاراش ۋە مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مەسىلىلەر يىغىنچاقلانغاندا، يەنىلا يازغۇچىنىڭ مەقسىتى، پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى، ئەسەرنىڭ يېشىمى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە بولدى. بۇ ھال مېنى بۇ ئەسەرنى قانداق يازغانلىقىم توغرىسىدا بىرەر پارچە ئەمەلىي ۋە نەزەرىيىۋى ماقالە يېزىپ، كىتابخانلار ۋە قەلەمداشلار بىلەن ئورتاقلىشىشقا ئۈندىدى. بۇ ماقالەم يەنە بىر تەرەپتىن، ياش قەلەمكەشلەر ئۈچۈن ئاز-تولا ئىجادىيەت تەجرىبىسى ۋە ئىزدىنىش يولىدىكى تەجرىبە-ساۋاق بولۇپ قالار.

مېنىڭچە، ياخشى بىر رومانىنى ئوقۇش خۇددى بىر يېڭى دۇنيا، يېڭى زېمىندا ساياھەت قىلغانغا ئوخشايدۇ، ئادەملەر بىلەن تونۇشۇپ، دۇنيادىن خەۋەر تاپقىلى بولىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئەلۋەتتە ئانچە ئاسان ئەمەس!

مەن «ئاي يامغۇرى»نى تاساددىپىي ھالدا يېزىپ قالدىم، دېسەممۇ بولىدۇ. چۈنكى مەن 1992-يىلى يازدا تارىخىي تېمىدا بىر ئەسەر يېزىش نىيىتىدە ئاپئاق خوجا دەۋرىگە ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاش ئۈچۈن، قەشقەر، يەكەن، مەكىت تەرەپلەرنى ئايلاندىم. بۇ چاغدا كاللامدا پەقەتلا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى، ئاپئاق خوجىنىڭ زوراۋانلىقى، ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق، جاھالەتلىك سوفىزىم دېگەندەك ئۇقۇملارلا ھۆكۈمران ئىدى. تارىخىي تېمىدىكى بۇ ئەسەرنى قانداق يېزىش، نەدىن باشلاپ، نەدە ئاخىرلاشتۇرۇش توغرىسىدىلا ئويلايتتىم، تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى پروفېسسورى قەدىناس ساۋاقدىشىم ئابلىمىت ئىسمايىل مېنىڭ يىراق تارىخنىڭ غۇۋا ئورمانلىقىدا گاڭگىراپ، تىت-تىت بولۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىمنى سېزىپ، مۇنداق دېدى: «ئاداش، سەن بۇنچە بەك يىراققا كەتمەي، بىزنىڭ شىنجاڭ داشۆدىكى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمىزنى يېزىپ باقساڭ قانداق؟ ئوبدان يېزىلسا، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئەسەر چىقاتتى. ئۇ چاغدا بېشىمىزدىن نېمە ئىشلار ئۆتمىدى دەيسەن؟!»

راستىمنى ئېيتسام، بۇ سۆز ئەينى ۋاقىتتا ماڭا ئانچە تەسىر قىلمىدى. ئاڭلاپلا قويدۇم، خالاس. كېيىن مەكتىپنى ئايلىنىپ يوپۇرغىغا كەلگەندە، ئۇ يەردىكى قەلەمداشلار مېنى ئىككى كۈن تۇرغۇزۇۋالدى، سۆھبەت يىغىنى ئاچتۇق، بەزمە ئويۇندۇق، باغ سەيلىسى قىلدۇق. شۇ جەرياندا گەپتىن گەپ چىقىپ، مەن بىر ساۋاقداشىمنىڭ تەقدىرى ئۈستىدىكى پاراڭنى ئاڭلاپ قالدىم. ئەسلى بۇ ساۋاقدىشىم 1962 - يىلدىكى ئاچارچىلىق مەزگىلىدە نېرۋىسى بۇزۇلۇپ، دوختۇرلا تەرىپىدىن «ساراڭ» دېگەن قالپاقنى كىيىپ، ئائىلىسىگە مەجبۇرى قايتۇرۇلغانىدى. كېيىن جاھان ئۆزگىرىپ، تۇرمۇش باياشاد بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىپ، ساقىيىپتۇ ۋە ھازىر ئاشۇ يەردىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، ئەدەبىيات دەرسى بېرىۋېتىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كاللامدا تويۇقسىز بىر پارتلاش يۈز بەردى، شۇ ھامان كۆز ئالدىمدىن ئاشۇ ساۋاقدىشىمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى — بىر پارچە نان ئۈچۈن ئاللاغانالە قىلىپ قاقشىغانلىرى، قار ياغقان يېرىم كېچىدە قورساقى ئېچىپ، ئۆندەرەپ قويۇپ، يالىڭاچ پېتى ياتاقتىن چىقىپ، يىشۈيۈەنگە يۈگرەپ كەلگەنلىكى، كېيىن يۈز - كۆزلىرىنى ئالا - بۇلىماچ بوياپ، مەكتەپ ئاشخانىسىنىڭ يېنىدىن كەتمەي، كۆكتات شۆپەكلىرىنى تېرىپ يېگەن ناتىۋانلىق ھالەتلىرى بىرمۇبىر ئۆتتى. مانا شۇ ئەسلىمە شۇ دەقىقىدە مېنىڭ بارلىق ئىجادىيەت پىلانىمنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. شۇ ۋاقىتتىلا مەن دوستۇم ئابلىمىت ئىسمايىل بەرگەن تەكلىپنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتتىم، ۋۇجۇدۇمدا بىر خىل ھاياجان، بېسىپ بولماس ئىجادىي ھاياجان پەيدا بولدى. شۇ ھامان ئۆزۈممۇ ئىختىيارسىز ھالدا 1961 - 1962 - يىللاردىكى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمگە قايتىپ كەتتىم.

ئۇ دەۋر زادى قانداق ئىدى؟

ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ تۈپرىقى، ئاساسى ۋە ھاياتى بولغان تۇرمۇش چىنلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەندە، ئالدى بىلەن دەۋر چىنلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. ئۇنداقتا شۇ دەۋرنىڭ چىنلىقى زادى نېمە ئىدى؟ ئۇ چاغدا سىياسىي جەھەتتىكى چېكىدىن ئاشقان «سول» چىللىق بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۈچ يىل ھۆكۈم سۈرگەن قەھەتچىلىك تۈپەيلىدىن ئانا يۇرتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەر چۈشكەن ئىدى. ئۇ يىللار ھەقىقەتەنمۇ ئالاھىدە، قىسمەتلىك ئىدى. ئاتالمىش «تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» گەرچە كىشىلەرنىڭ سىياسىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدا زور پاجىئەلەرنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا كىشىلەرنىڭ قورسىقى توق، يېمەك - ئىچمەك يېتەرلىك ئىدى. ۋەھالەنكى، ئۇ يىللاردا بولسا، سىياسىي جەھەتتىكى سولچىللىقنىڭ كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا پەيدا قىلغان ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىدىن سىرت، تۇرمۇش جەھەتتە ئاچارچىلىق، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئاپەت مەۋجۇت ئىدى. ئادەملەر جىن - ئالۋاستىلار بىلەن كۆرەش قىلدى، ئاچارچىلىق. غۇربەتچىلىك بىلەن ئېلىشتى. تۇرمۇش قان ۋە ياش بىلەن تولغانىدى...

كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان ئەدەبىي ئەسەر، ئومۇمەن روشەن رېئاللىققا ۋە دەۋر چىنلىقىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئەدەبىيات دەۋرنىڭ ئەينىكى. بىر ئۇلۇغ دەۋرنىڭ

چىنلىقنى ياكى بىر جاپا ـ مۇشەققەتلىك دەۋرنىڭ چىنلىقنى پەقەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئار-
قىلىقلا ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ. بىز بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن ئاشۇ يىللار ھەم ئۇلۇغ، ھەم
پاجىئەلىك يىللار ئىدى. ئەگەر بىز ئۆتمۈشتىكى تۇرمۇشنى بىپەرۋالىق قىلماي، سەممىيلىك
بىلەن ئەسلەيدىغان بولساق، بېشىمىزدىن كەچۈرگەنلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى بىزنىڭ
ئارزۇيىمىز غايات نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. تارىخنىڭ مۇساپىسى ھەمىشە بىزنىڭ كۈتمى-
گەن يېرىمىزدىن چىقىدۇ، ئەسلىدە تارىخنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بولىدۇ.
لېكىن تارىختا قانداقلا بولمىسۇن، بەزى ۋاقىتلاردا، مەلۇم شارائىت ئاستىدا پەيدا بولىدىغان
پەۋقۇلئاددە تارىخىي ھادىسىلەرنى ئالدىنئالا مۆلچەرلىمەك ئىنتايىن قىيىن. بىز داشۆدە
ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلاردا، بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن دەۋر ئاشۇنداق ئالاھىدە شارائىت ئاستىدىكى
ئالاھىدە دەۋر ئىدى. بۇ دەۋر ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن چىگىش سوئاللارنى،
نۇرغۇن قىيىن سىناقلارنى قويىدى. خېلى كۆپ ئادەملەر بۇ سوئال، سىناقلاردىن ئۆتەلمەي يېرىم
يولدا چۈشۈپ قالدى!

مانا شۇ تۇيۇقسىز ئۆچرىشىش ۋە شۇ تۇيۇقلى پەيدا بولغان چوڭقۇر ئەسلىمە مېنىڭ
ئىجادىيەت پىلانىمدا بىردىنلا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ، مېنى يېقىنقى زامان تېمىسىدا ئەسەر يې-
زىشقا ئۈندىدى. مەن شۇ مەقسەت بىلەن قەشقەردە، ئۈرۈمچىدە نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىمنى
زىيارەت قىلدىم، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئاڭلىدىم، سىر داشقانسېرى بۇ ئەسەرنى يېزىش
قىزغىنلىقىم ئاشتى، ئىرادەم تېخىمۇ چىڭىدى. ئويلاپ قارىسام، شۇ جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئوقۇش
مۇساپىسىنى تۈگىتىپ، ئاشۇ قىسمەتلىك يىللارنىڭ مۇشكۈل سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ، ھازىر غىنچە
ھەر قايسى ساھەلەردە ئىشلەۋاتقان ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئالدى ھاكىمىيەتكە ئارىلىشىپ، ئۆلكە
دەرىجىلىك كادىر بوپتۇ، كەينى ۋىلايەت، ناھىيە ۋە يېزىلاردا ھوقۇق يۈرگۈزۈۋېتىپتۇ. مائارىپ،
ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە بولسا، ھەممىسى دېگۈدەك تايانچ كۈچلەر بولۇپ،
يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشىپ، خەلقنىڭ شان ـ شەرىپىگە مۇيەسسەر بوپتۇ. دېمەك، ئۇلار خۇددى
ئالاھىدە ئوچاقتا تاۋلىنىپ چىققان ئالاھىدە مېتالدەك. ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ لاياقەتلىك،
ئىقتىدارلىق ئادەملىرىگە ئايلىنىپتۇ. بۇ ھال مېنى سۆيۈندۈردى، پەخىرلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە يېزىش ئارزۇيۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. قىسقىسى، شۇ ئالاھىدە
يىللارنىڭ مەندە ۋە مېنىڭ ئەتراپىمدىكى ساۋاقداشلىرىمدا قالدۇرغان ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرى
مېنى كۈچلۈك ئىجادىي ئىلھام ۋە چوڭقۇر ئىجادىي ھاياجان بىلەن تەمىنلىدى. ياز غۇچىلىق
ۋىجدانىم، بۇرچۇم ۋە مەسئۇلىيىتىم مېنى بۇ رومانني يېزىشقا جىددىي قىستىدى. نەتىجىدە ئۇ-
زۇنغا قالماي، مەن ئۆزۈم كۆرگەن، تەقدىرلىرىنى كۆزەتكەن، ھەمدەم بولۇپ بىرگە ياشىغان
كىشىلەر ھاياتىنى قەلەمگە ئېلىشقا كىرىشتىم. روماندا تەسۋىرلەنگەن سىنىپ، مەيدان، كوچا ۋە
باغلاردا مېنىڭمۇ ياشلىقىم ئۆتكەن، كىتابخانىلار ياخشى كۆرۈپ قالغان سەلىم ئەپەندى، ئاقنىياز،
شاۋكەت، بادامگۈل، تۇرغۇن، غۇنچە قىز، سەلەي قاشاڭ قاتارلىقلار بىلەن مەنمۇ كۆپ سۆز-
لەشكەن، سىر داشقان، ئۇلار بىلەن بىللە كۈلگەن، بىللە يىغلىغان... بۇ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن

دوستلۇق ھەم سۆيگۈ تۇيغۇلىرى ماڭا ھەقىقەتەن تونۇش. مەن بۇ ئەسەر ئۈستىدە ئويلانغان،
تەسەۋۋۇر قىلغان ۋاقتىمدا، ئىختىيارسىز ئۆز ئۆمرۈمنىڭ ياشلىقىنى ئەسلىدىم، ئۇ مەندە ئاشۇ
ۋاقىتتىكى ئاجايىپ ھېسلارنى ئويغاتتى. مەن شۇ چاغدا ئىشق ئوتىغا پۈركەنگەن يىگىتلىك تاگ-
لىرىنى، ئىستىقبال دەردىدە ئۆرتەنگەن غۇربەت ۋە قاتىلاڭ دەملەرنى، بەخت ـ سائادەت باغرىغا
چاقىرغان نۇرلۇق كېچىلەرنى كۆرگەندەك بولدۇم. بالاغەتكە يەتكەن ياشلارنىڭ ئۆزىدەك بى-
غۇبار ئويلىرىنى، باللارچە پاك سۆيگۈسى، مۇھەببەتنىڭ پىنھان. لېكىن شېرىن تۇيغۇلىرى،
بىرىنچى قېتىم سۆيۈشكە ئىنتىلگەن لەۋلەرنىڭ قىزغىنلىقى، ئەتىگەنكى تاڭدەك ساپ، ئاپتاپتەك
ئىللىق، باھار شاماللىرىدەك سالقىن، تەنگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان تۇنجى سۆيگۈ تەشنالىقى،
ئادىشىش، ئىنتىلىش، غۇربەت، كۈلپەت قاتارلىقلارنى كۆرۈپ، يۈرەكتىن قايتا ھېس قىلغاندەك
بولدۇم!

ياز غۇچى ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇشنى بىۋاستە كۆزەتكەن، ئۇ ھەقتە بىۋاستە تەسىراتقا
ئىگە بولغان ۋە ئۇنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى ئۆز
قەھرىمانى بىلەن بىللە تېتىغان، شۇنداقلا تۇرمۇشنى كۈچلۈك مۇھەببەت ـ نەپرەتتى بىلەن ئىپا-
دىلىگەن بەدىئىي ئەسەرلەر ھەقىقەتەنمۇ كىتابخانلارغا جانلىق، تەسىرلىك تۇيۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ
يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەچكە، شۇنداق بولىدۇ. كۆزىتىلگەن
ۋە پىششىق تونۇشقان ئادەملەر يازغۇچى ئۈچۈن قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە ياخشى. مۇۋاپىق غە-
لىتە بولۇش، لېكىن ئۇنىڭ چىنلىقىنى يوقىتىپ قويماسلىق، گۈزەل بولۇشقا بېرىلىش، لېكىن
ئۇنىڭ رېئاللىقىنى يوقىتىپ قويماسلىق كېرەك. بەدىئىي غەلىتىلىك ۋە گۈزەللىك تۇرمۇشنىڭ
چىنلىقىدىن، رېئاللىقىدىن كېلىدۇ. مەن تەسۋىرلىگەن بىر نەچچە مۇھىم پېرسوناژلار
سەنئەتنىڭ ئاشۇ قانۇنىيىتى بويىچە يارىتىلدى. مەن سەلىم ئەپەندىگە ئوخشاش بىلىملىك، ئىق-
تىدارلىق، كۆكسى ـ قارنى كەڭ، لېكىن ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن چەتكە قېقىلغان،
زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرنىلا ئەمەس، بەلكى بىر نەچچىنى كۆرگەن،
تونۇشقان، دەرسىنى ئاڭلىغان، ئۇلارغا غايىۋانە چوقۇنغان: ھاۋاز بەختىگە ئوخشاش ۋىجدانى
سۈيۈق، بىلىمسىز، شۇنىڭغا قارىماي، باشقىلارنىڭ گەجگىسىگە دەسسەپ يۇقىرى ئۆرلەشكە
ئۇرۇنىدىغان قارانىيەت، ساختىپەز ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ كۆرگەن، تونۇشقان، ئۇلاردىن غايىۋانە
يىرگەنگەن، نەپرەتلەنگەن: ئاقنىياز، شاۋكەت، تۇرغۇن، زايىت، سەلەي قاشاڭ، مەتكېرەم مەت-
قاسىم، گىرت مىرتقا ئوخشاش ساۋاقداشلار بىلەن بەش يىل بىر مەكتەپ، بىر سىنىپ ۋە بىر
ياتاقتا ياشىغان، ئۇلار بىلەن ئۇزاق ـ ئۇزاق كېچىلەرنى غايە، ئىستىقبال، مۇھەببەت، دوستلۇق ۋە
ئەدەبىيات توغرىسىدا سۆزلىشىپ ئۆتكۈزگەن ھەم بەزىدە ھايات توغرىسىدا، ئادەم ۋە ئادەمنىڭ
قىممىتى توغرىسىدا سۆزلىشىپ، مۇنازىرىلىشىپ، ھەتتا جاڭجاللىشىپ قالغان: بادامگۈل، غۇن-
چەقىز، ئايزىم ئوماققا ئوخشاش قىزلار بىلەن دوست بولۇپ، سۆيگۈ، ۋاپا، ئائىلىۋى تۇرمۇش
توغرىسىدا سىرداشقان، ھەتتا گېزى كەلگەندە، ئوت ـ ئاتەش بولۇپ ئىشقى ـ مۇھەببەت ئىزھار
قىلغان! قىسقىسى، مەن ئۆزۈم ئاشۇ يىللارنىڭ تىرىك شاھىدى، ئىشتىراكچىسى بولغاچقا،

مېنىڭ پېرسوناژلىرىم، قەھرىمانلىرىم كىرگەن كوچىلاردا مەن بار ئىدىم. ئۇلار ئويلىغان ئويلارغا مەنمۇ شېرىك ئىدىم، ئۇلار تارتقان ئازابلارغا مەنمۇ ئاھ ئۇرغانىدىم، ئۇلار تاپقان بەختتىن مەنمۇ بەھرىمەن بولغانىدىم، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا كۈلۈپ، قايغۇسىدىن يىغلىغان ئىدىم. ئەلۋەتتە، بىر بەدىئىي ئەسەر تۇرمۇشنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى ياكى ئەينەن سىزىلغان رەسىمى ئەمەس، بەلكى ئۇ باي ۋە كەڭ بولغان تۇرمۇشتىن، يەنى زور تۈركۈمدىكى راست ئادەم، راست ئىشلاردىن ماتېرىياللار ئاساسىدا بەدىئىي مەركەزلەشتۈرۈش، ئىخچاملاش ئارقىلىق تىپىك ئوبرازلارنى يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ ھەم ئالاھىدە ھادىسە بولىدۇ، ھەم تۇرمۇشنىڭ بەزى ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئىنكاس قىلىدۇ، بىز ھەمىشە دەيدىغان سەنئەت چىنلىقى دېگەن مانا شۇ! يازغۇچى رەسمىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەندە، ئوبيېكتىپ جەھەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان شەيئىنى چۈشىنىش ۋە بىلىشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭغا يەنە باشقىچە مەزمۇنلارنىمۇ قوشۇشى كېرەك. بۇ «باشقىچە» مەزمۇنلار قوشۇلغاندىن كېيىن، شەيئىنىڭ قىياپىتىدە يېڭىلىنىش بارلىققا كېلىدۇ، ھەتتا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، يېڭى شەيئىگە ئايلىنىدۇ. سەنئەتكاردىمۇ شۇ شەيئىگە نىسبەتەن مۇئەييەن مۇھەببەت ۋە نەپرەت تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ ـ دە، بىر خىل ئېنىق ئىدىيىۋى ھېسسىيات شەكىللىنىدۇ. يازغۇچى مانا شۇ ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئوبرازلار ئۇستىدىكى تەسۋىرگە سىڭدۈرىدۇ. مانا بۇ، ئىجادىيەتتىكى بايقاش ۋە بايقاشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى! روماندىكى سەلىم ئەپەندى، ھاۋاز بەختى، ئاقنىياز، زاھىت، بادامگۈل، غۇنچەقىز قاتارلىق ئوبرازلار ئەنە شۇنداق «باشقىچە» مەزمۇنلار قوشۇلغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بەدىئىي پېرسوناژلاردۇر. مەن سەلىم ئەپەندىگە ئېتىقادلىق بىر ئوقۇتقۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتلەردىن باشقا، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق ئىنسانلارغا خاس بەزى پەزىلەتلەرنىمۇ قوشتۇم. نەتىجىدە ئۇ ئۆز غۇرۇرىنى قەدىرلەيدىغان، سۆز ۋە ھەرىكەتتە بۇ خىل غۇرۇرغا مۇناسىپ ئىش قىلىدىغان، ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ۋىجدانىنى، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقلايدىغان ئادەم بولۇپ چىقتى: ئاقنىيازغا ياراملىق بىر ئوقۇغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتلەردىن باشقا، ھەققانىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك، ئۆز قارىشىنى يوشۇرمايدىغان، مۆرىتى كەلسە قاراملىق ۋە تەلۋىلىك قىلىشتىنمۇ يانمايدىغان ئادەملەرگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى قوشتۇم. نەتىجىدە ئۇ ساختىلىق، رەزىللىكلەردىن يىرگىنىدىغان، ناھەق ئىشلارنى كۆرسە چىداپ تۇرالمايدىغان، قەيسەر، تۈز گۈن، بەزىدە ھەتتا قارام ئادەم بولۇپ چىقتى؛ زايىتقا ئوقۇغۇچى ۋاقتىدىن تارتىپلا شان ـ شۆھرەتكە، مەنسەپ ـ ئەمەلگە قىزىقىدىغان ساۋاقداشلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا، دوستلۇققا، مۇھەببەتكە ۋاپاسىز، ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدىغان ساختا، رەزىل ئادەملەردە بولىدىغان روھىي ئىللەتلەرنى قوشتۇم. نەتىجىدە ئۇ پۈرسەتپەرەس، كاززاپ، كۆزىنىڭ قارىقىنى لىپ قىلىپ يامان نىيەتكە كېلەلەيدىغان قارانىيەت، لەنەتلىك ئادەم بولۇپ چىقتى. بادامگۈلگە گۈزەل، لاتاپەتلىك، ئاق كۆڭۈل ساددا ئوقۇغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتلەردىن باشقا، نومۇسچان، ئىچى كۈچلۈك، ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلىدىغان قىزلارغا خاس پەزىلەتلەرنى قوشتۇم.

نەتىجىدە ئۇ دەپسەندە قىلىنىپ خورلانغانلىقىنى، ئالدام خالتىغا چۈشۈپ ئەجەللىك خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى سەزگەن ھامان، خۇددى يارىلانغان چىشى شىردەك غەزەپ ـ نەپرەتكە كېلىپ، ئۆزىنىڭ شۇنچە مۇلايىم، ساددىلىقىغا قارىماي، قەيسەرلىك بىلەن ئۆلۈم يولىنى تاللاپ، رېئاللىققا قارشى ئىسيان كۆتۈرىدىغان پىداكار قىز بولۇپ چىقتى.

دەرۋەقە، يېقىندىن بېرى يېزىلىۋاتقان بىر رومان يازغۇچىنى يېڭى ئالەم، يېڭى توقۇنۇش ۋە يېڭى تەقدىرلەرگە دۇچ كەلتۈرىدۇ. شۇڭا يازغۇچىدا بەزى ھاللاردا جۈرئەتسىزلىك، قورقۇنچتەك روھىي ھالەتلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. مەنمۇ بۇنىڭدىن خالىي بولدۇم دېيەلمەيمەن. بۇ ئاساسەن پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى بىلەن ئەسەرنىڭ يېشىمى ئۈستىدە كۈچلۈكرەك ئىپادىلەندى.

رومان ئۈستىدە دەسلەپ پىكىر يۈرگۈزىۋاتقان ۋاقتىمدا، ئۇچىنچى قىسمىدىكى ئۆلۈۋېلىش تراگېدىيىسىنى بادامگۈل ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى سەلىم ئەپەندى ئۈستىدە قىلىپ بېكىتكەن ئىدىم. سەلىم ئەپەندى بېشىغا كەلگەن قاتمۇقات ناھەقچىلىكلەرگە قارشى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئارقىلىق نارازىلىق بىلدۈرمەكچى ئىدى. كېيىن قارىسام، بۇ تازا مۇۋاپىق بولمايدىغاندەك كۆرۈندى. قانداق قىلىش توغرىسىدا باش قاتۇرىۋاتقان ۋاقتىمدا، ساۋاقدىشىم، كۆزگە كۆرۈنگەن ئوبزورچى مەمەت پولات بۇ تراگېدىينى بادامگۈل ئۈستىگە قويۇش تەكلىپىنى بەردى. بۇ تەكلىپ ماڭىمۇ خوپ كەلدى. شۇنداق بولغاندا، سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكىر ۋە ناھەقچىلىكلەرگە قارشى ئۆلۈۋېلىش ئىسيانى — ئۆزىنى ئۇتقان، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى تېتىپ قانتى قاتقان، تۇرمۇش ۋە ئادەملەر توغرىسىدىكى پىكىر، كۆز قاراشلىرى پىشىپ يېتىلگەن سەلىم ئەپەندى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئاقكۆڭۈل، ساددا ھەم شۇ تۈپەيلى ئالدانغان، قىزلىق غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغان، تۇرمۇش تەجرىبىسى كەم، روھى ئاجىز بادامگۈل ئۈستىدە بولغاندا، ئىشەنچلىك، قايىل قىلارلىق ھەم بادامگۈلنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولىدىكەن. ئەسەر ئەنە شۇ تەرىقىدە يېزىلىۋېدى، ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ھەم تەسىرلىك چىقتى.

گېپى كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بادامگۈلنىڭ تەقدىرىنى پاجىئەلىك ئۆلۈم بىلەن ھەل قىلىش، مېنىڭچە، بەزىلەر ئېيتقاندەك، بادامگۈل ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرگەنلىك بولمايدۇ. بەلكى بۇ ئوبرازنى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى چىنلىققا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا بىر تەرەپ قىلغانلىق بولىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى بىمەنە شوئار، چاقىرىقلار بىلەن تولۇپ كەتكەن سولچىللىققا قارشى غەزەپ ـ نەپرەت ۋە غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن ئېتىلغان زەربىلىك بىر ئوق. بادامگۈلنى ئۆز قۇربانىغا ئايلاندۇرغان باش جىنايەتچى سىياسىي جەھەتتىكى چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق بىلەن كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى رەزىللىكلەردۇر. بادامگۈلنىڭ ئۆلۈمىنى مەنتىقە بىلەن ھېسسىياتنىڭ بۇيرۇقى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى، بىر تەرەپتىن، مۇھەببەت تراگېدىيىسىنىڭ بىۋاستە مەھسۇلى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قىسقىغىنا جەمئىيەت تراگېدىيىسىدۇر.

شاۋ كەتىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدىمۇ كۆپ ئويلاندىم. ئۇنىڭ تەقدىرىنى قانداق ھەل قىلىش ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق تەرەپنىڭ نىسبىتىنى ئىگىلەشكە تەئەللۇق جىددىي ئىش ئىدى. مەن دەسلەپ، راستىنلا بىر ئاز جۈرئەتسىزلىك بىلەن شاۋ كەتىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنى كونا ئۇسۇل بويىچە ئىجابىي جەھەتتىن ھەل قىلىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، ئاقلانغان ۋە ئاخىرى ئوقۇشى ئەسلىگە كەلگەن قىلىپ يازماقچى بولدۇم. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇنىڭ دەۋر رېئاللىقىغا، چىنلىققا تازا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، تىت ـ تىت بولدۇم. شاۋ كەتىنىڭ تەقدىرىنى ئىجابىي يول بىلەن ھەل قىلغاندا، سېنزوردىن ئۆتكۈزۈش ئاسان بولاتتى، ئۇ ئالاقىدار ئورۇن ۋە كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىمايتتى. لېكىن سەمىمىي، چىن بولمايتتى. سەلبىي يول بىلەن ھەل قىلغاندا، رېئاللىققا، چىنلىققا ئۇيغۇن بولاتتى، لېكىن ئىجتىمائىي ئۈنۈم، پارتىيە رەھبەرلىكى، سوتسىيالىستىك تۈزۈم دېگەندەك مەزكۇر مەسىلىلەردە يا ئۇنداق، يا بۇنداق پىكىرلەرنىڭ چىقىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى. مانا بۇ، مېنىڭ شۇ چاغدىكى ئازابىم، گاڭگىرىشىم ۋە جۈرئەتسىزلىكىم ئىدى. شۇ چاغدا مەن بۇ ھەقتە شۆھرەتلىك يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ پىكرىنى ئېلىش ئۈچۈن، كۆز قاراشلىرىمنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي ئېيتتىم، ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، قىسقىلا قىلىپ مۇنداق دېدى: «كۆڭلىڭىز قايسىنى خالىسا، شۇنى يېزىڭ، شۇ چاغدا، ئوبدان بولىدۇ.» بۇ گەپ ماڭا مەدەت بولدى، ئاخىر كۆڭلۈمنىڭ خاھىشى بىلەن شاۋ كەتىنىڭ تەقدىرىنى سەلبىي يول بىلەن ھەل قىلىش قارارىغا كەلدىم، يازغۇچىلىق ۋىجدانىم، بۇرچۇم مېنى شۇنداق يېزىشقا چاقىردى. ئەمەلىيەتتە، رېئاللىقنىڭ ئۆزى شۇنداق ئىدى. مېنىڭ ئابدۇقادىر كاتاك ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشىم ئەنە شۇنداق «كامىر» لاردا يېتىپ، پېپەن، كۈرەش قىلىنىپ، مەكتەپنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا چۈشۈرۈلۈپ، ئەڭ ئاخىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئۇنىڭ جەستى قۇدۇقتىن چىققانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر نەچچە ساۋاقداشلىرىمۇ «ۋەتەن خائىنى»، «ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن بەدناملار بىلەن قارىلىنىپ، مەكتەپتىن قوغلانغان، تۈرمىلەردە ياتقان ئىدى. مەن مۇشۇ رېئاللىققا، چىنلىققا سادىق بولغىنىمدىلا، ئەسەرنىڭ قىممىتىنى، ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئەينى ۋاقىتتىكى چېكىدىن ئاشقان سولچىللىقنىڭ مائارىپ سېپىگە كەلتۈرگەن زىيانلىرىنىمۇ چوڭقۇرراق ئېچىپ كۆرسەتكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

ھەقىقەتەنمۇ ھېسسىياتسىز، ھاياجانسىز يېزىلغان ئەسەر كىتابخان كۆڭلىدىن مۇناسىپ جاي تاپالمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەر يازغۇچى كۆڭلىدىن، قەلبىدىن بەئەينى ناخشىدەك ئېتىلىپ چىققاندىلا، ئوقۇغۇچى قەلبىدىكى نازۇك تارىلارنى تىترىتەلەيدۇ، ئۇنى ھاياجانغا سالىدۇ، ئويلاندۇرىدۇ، ئاھ ئۇرغۇزىدۇ، كۈلدۈرىدۇ، يىغلىتىدۇ. مەن سەلىم ئەپەندى، شاۋ كەت ۋە بادامگۈللەرنىڭ سەرگۈزەشتىسى ھەم ئاخىرقى تەقدىرى ئارقىلىق ئاشۇ مەقسەتكە مەلۇم دەرىجىدە يېقىنلاشتىم، دەپ قارايمەن.

رومانىنىڭ يېشىمى ئۈستىدىمۇ يەنە شۇ پىكىرنى ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ. بەزى كىتابخانلار ماڭا: «ئەسەرنى ئوقۇپ بولغاندا، ئادەم تازا پۇخادىن چىقمايدىكەن، يەنە بىر ئاز يېزىپ، ھاۋاز

بەختى، زاھىتتەك ئادەملەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىش كېرەك ئىدى» دېيىشتى. مەن بۇنداق پىكىرنىڭ چىقىشىنى رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى دەپ قارايمەن. چۈنكى ئوخشىغان تاماقنىڭ تەمى ئېغىزدا قالىدۇ، ئادەم يەنە بىر ئاز بولسىكەن، دەپ تەمە قىلىپ قالىدۇ، ئەسەرمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخـ شاش. «ئاي يامغۇرى» نىڭ ئاشۇنداق يېشىم بىلەن ئاخىرلىشىشىنى مەن ئەمەس، شۇ دەۋرنىڭ رېئاللىقى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت بەلگىلىگەن. ئەگەر مەن ئەسەرنى يەنە بىر ئاز سوزۇپ، ھاۋاز بەختى بىلەن زاھىتتەك پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلغان بولسام، بۇ بىرىنچىدىن، چىنلىققا تازا ئۇيغۇن بولمايتتى، دوگماتىزم بىلەن قېلىپپازلىققا ئېلىپ باراتتى. ئىككىنچىدىن، ئەسەر بىھۇدە سوزۇلۇپ، شىرنىسى قاچاتتى. كىتابخانغا ئويلاش، پىكىر يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتى قالمايتتى. بەزىلەر يەنە، ئەسەرنىڭ ئاشۇنداق يېشىم بىلەن تۈگىشىنى قانداقتۇر «ئۈمىدسىزلىك»، «چۈشكۈن ھېسسىيات»، «تراگېدىيىلىك تۈسى قويۇق» بولۇپ قالماسمۇ، دەپ قاراشتى. دەرۋەقە، فاكۇلتېتنىڭ غوللۇق ئوقۇتقۇچىسى سەلىم ئەپەندى مۇنبەر- دىن چۈشۈرۈلۈپ، نازارەت ئاستىغا ئېلىندى: شۇنچە مۇلايىم، گۈزەل، ئەخلاقلىق بادامگۈل ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى؛ شاۋكەت «كامىر» غا سولىنىپ، «ۋەتەن خائىنى» دەپ ئەيىبلەندى... شۇڭا بىر قارىماققا، ئەسەرنىڭ «تراگېدىيىلىك تۈسى قويۇق»، «ئۈمىدسىزلىك» ئېغىرراق بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، مېنىڭچە، ئۇنداق قاراشنىڭ تازا ئاساسى يوق. چۈنكى ئاشۇنداق بىر ئالاھىدە دەۋر ساداسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەردە، شۇ دەۋرنىڭ ماھىيىتى بەدىئىي جەھەتتە قانداقتۇر باشقىچە تۈس بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇنداق دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغان ئەسەرلەرنى قانداقتۇر «ئۈمىدسىزلىك»، «چۈشكۈن ھېسسىيات» تەرغىپ قىلىنغان دەپ ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تراگېدىيىلىك مەزمۇنلارنى «پاسسىپ- لىق» دەپ قاراپ ئەندىشە قىلىشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. تراگېدىيىنىڭ ئالىيجاناب ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئەدەبىيات تارىخىدا باشتىن-ئاخىر مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى تراگېدىيىلىك ئامىللارنىمۇ يوق قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. تراگېدىيىنىڭ ئالىيجانابلىقى بىلەن كىشىلەرگە روھىي كۈچ بېرىپ، كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت- نەپرىتىنى چوڭقۇر قوزغىغىلى، كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈپ، غايىۋى كۈرەش مەيدانىغا ئاتلاندۇرغىلى بولىدۇ. قىسقىسى، تۇرمۇشىمىزدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان پاجىئەلىك چىنلىقلار سەنئەتنى ئەڭ ئىشەنچلىك مەنبە بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھەممىلەنگە ئېنىقكى، مەن رومانىنىڭ ئۈچىنچى قىسمىغا «تۆھمەت، ئوت، تۇمان...» دەپ نام بەردىم. تۇماننىڭ — گەرچە ئۇ ھەر قانچە قويۇق بولسىمۇ — ھامان تارقايدىغانلىقى، ئۇ تارقىغاندىن كېيىن ئىللىق قۇياش كۈلۈپ چىقىپ، ھەممە يەرنى نۇرغا، يورۇقلۇققا پۈركەيدىغانلىقى بىر ھەقىقەت. مانا بۇنى يازغۇچىنىڭ بەدىئىي غايىسى، بېشارىتى ۋە ئۈمىدى دەپ چۈشىنىش كېرەك!

ئومۇمەن، رومانىنىڭ ئاخىرقى يېشىمى، مېنىڭچە، ھايات ھەقىقىتىنىڭ ۋە ئەخلاقىي قائىدىلەرنىڭ مۇقەررەر غەلىبىسى بولدى، دەپ قارايمەن!

ئەمدى بەزى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى قانداق ئاچقانلىقىم توغرىسىدىكى ئەمەلىي

مەسىلىگە كېلەي:

ئاقنىياز بۇ رومانىدا مەن سۆيۈپ تەسۋىرلىگەن، كۆپرەك ئەجىر سىڭدۈرۈشكە تىرىشقان ئوبرازلارنىڭ بىرى.

بىر كىشىنىڭ قىممىتىنى تولۇق كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، شۇ كىشىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ تولۇق نامايەن بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت هازىرلاپ بېرىش كېرەك. مەن ئاقنىيازنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىشتا ئاساسەن ئالتە مۇهىم دېتالدىن پايدىلاندىم: بىرىنچىسى، ئۇنىڭ خەلقنى يامغۇر ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئۇن نەچچە ساۋاقدىشىنى باشلاپ ئىتتىپاق يىغىنىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى ئارقىلىق قورقۇمسىزلىقىنى، مېهنەتسۆيەر، خەلقسۆيەر، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان تۇرگۇن، تاشقىن روهىنى ئىپادىلىدىم؛ ئىككىنچىدىن، شاۋكەت «ۋەتەن خائىنى» دېگەن بەدنام بىلەن قارىلىنىپ، «كامىر» غا سولانغاندا، ئۇنىڭ بىلەن يوشۇرۇن ئالاقە قىلغانلىقى، ئۇنىڭغا يەنىلا دوستانە ئىشەنچ بىلەن سەممىي هېسداشلىق قىلغانلىقى ئارقىلىق ئۇنىڭ دوستلۇققا ۋاپادار ئىكەنلىكىنى، ناهەقچىلىكنى كۆرگەندە، كۆكرەك كېرىپ چىقالايدىغان قورقۇمسىز يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتىم؛ ئۈچىنچىسى، ئۇقۇشماستىن غۇنچە قىزنىڭ ئۆيىگە مەدىكارلىققا بېرىپ، كېيىن غۇنچە قىزنى كۆرۈش بىلەنلا، ئۇ يەردىن يېرىم يالىڭاچ پېتى قېچىپ كەتكەنلىكى ئارقىلىق ئۇنىڭ نومۇسچان، غۇرۇرلۇق يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتىم: تۆتىنچىسى، يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈرگەن مەشۇقى غۇنچە قىزنىڭ ئىپپىتىگە تېگىش ئۈچۈن، ئۇنى ياتاقتا هوشسىزلاندۇرۇپ، يالىڭاچلاپ، كېيىن يەنە بىردىنلا يامان نىيىتىدىن يېنىپ، قىزنى ئۆز پېتى ياتىقىغا ئاپىرىپ قويغانلىقى ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋىجدانلىق، باشقىلارنىڭ بەختىنى ئۆز بەختى دەپ بىلىدىغان شەخسىيەتسىز، ئالىيجاناپ ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتىم: بەشىنچىسى، ئاچلىق ئازابىغا چىدىماي ئېچىرقاپ كەتكەن كالا بىلەن قىزىلچا تالىشىپ. ئاخىرى قىزىلچىنى كالىغا ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكى ئارقىلىق ئۇنىڭ نەپسانىيەتسىز، ئىنسانىي پەزىلىتى ئۈستۈن ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتىم؛ ئالتىنچىسى، فاكۇلتېت بويىچە قانات يايغان «قىرىق بىرىنچى» كىنوسى ئۈستىدىكى مۇنازىرىدە، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل كۆز قارىشىنى ئىپادىلىگەن جانلىق نۇتقى ئارقىلىق ئۇنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان، چوڭقۇر ئىزدىنىدىغان، كۆز قارىشىنى يوشۇرمايدىغان سەممىي هەم قىزغىن ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتىم.

شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، بۇنىڭ ئىچىدىكى تۆتىنچى دېتال ئۈستىدە خېلى كۆپ ئويلاندىم. ئاشۇنداق يازغاندا، ئاقنىيازنىڭ شەنىگە داغ چۈشەمدۇ — قانداق؟ دېگەن ئىككىلىنىشلەر بولدى. ئاخىر ئۇنى جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان تىرىك ئادەم سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئاشۇنداق يازدىم. كېيىن هەقىقەتەنمۇ بەزى كىتابخانلاردىن بۇ هەقتە پىكىر چىقتى. لېكىن مەن يەنىلا ئاشۇنداق يېزىشنى توغرا، دەپ قارايمەن. مەلۇمكى، هېسسىيات، كەيپىيات، ئوي-خىيال دېگەنلەر ئەقىلگە قارىغاندا تېز ۋە ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. شۇڭا هېسسىياتتىكى جەريان ۋە ئۆزگىرىش هەرگىزمۇ خاراكتېردىكى تۈپ ئۆزگىرىشكە ئېلىپ بارمايدۇ. ئاقنىيازنىڭ غۇنچە

قىزنى ياتاقتا ئالداپ ئەكىرىشى، ھوشسىزلىق ھالەتتىن پايدىلىنىپ ئېيپىتىگە تېگىپ، شۇ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ قولىدىن تارتىپ ئالماقچى بولۇشى ـــ دەل ئۇنىڭ بىر دەملىك ھېسسىياتقا بېرىلگەنلىكى، ئەقىل بىلەن ئىش قىلمىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. لېكىن ئۇ ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ۋىجدانسىز ئادەم بولمىغاچقا، ھالقىلىق پەيتتە يەنە ئەقلىنى تېپىپ، قوزغىلىۋاتقان ھېسسىياتىنى، شەھۋانىي نەپسىنى بېسىپ ئالىدۇ، چاڭگىلىغا چۈشۈپ بولغان قىزغا چېقىلمايدۇ... مېنىڭچە، بۇنداق تەسۋىر ئاقنىيازنىڭ ئالىيجاناب خاراكتېرىگە داغ چۈشۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئۇنى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ھەقىقىي، جانلىق بىر ئادەم سۈپىتىدە نامايەن قىلىدۇ. بىز ئۇنىڭ غۇنچە قىزغا بولغان ساپ، سەمىمىي لېكىن بەختسىز مۇھەببىتىگە ئىختىيارسىز ھېسداشلىق قىلماي تۇرالمايمىز.

بۇنىڭ ئىچىدىكى بەشىنچى دېتالمۇ ساۋاقدىشىم مەمەت پولاتنىڭ ئەھمىيەتلىك پىكرى بىلەن بۇرۇنقىدىن باشقىچە تۈس ئالدى. ئەسلىدە ئاقنىياز ھېلىقى ئېچىرقاپ كەتكەن كالا بىلەن قىزىلچا تالاشقاندا، مەن ئۇنى بارلىق كۈچى بىلەن تىر كىشىپ، قىزىلچىنى كالىنىڭ ئاغزىدىن تارتىپ ئېلىش پەيتىدە، كالا ئەلەمگە چىدىماي، ئۇنى ئۈسۈپ يارىلاندۇرغان قىلىپ يازماقچى ئىدىم. مەمەت پولات بۇ پىلانىمنى ئاڭلاپ: «ئەڭ ياخشىسى، ئاقنىياز قىزىلچىنى كالىغا بەرسۇن، ئۇ ئادەمغۇ!» دېدى. بۇ قىسقىغىنا پىكىر مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئەسلى پىلانىم بويىچە يېزىلغاندا، دەرۋەقە، ئەينى ۋاقىتتىكى ئاچارچىلىقنىڭ پاجىئەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، كىتابخانىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىغىلى بولاتتى. ئەمما پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى يارقىنلاشتۇرۇشتا بولسا، راستىنلا ئانچە پايدىسى بولمايتتى. شۇڭا دەرھال مەمەت پولاتنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ دېتالنى ئۆزگەرتىپ يازدىم، بۇنىڭ بىلەن قەھرىمانىم ھەقىقەتەنمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇ چاغدا خىيالىمغا بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى ساكيامونى توغرىسىدىكى بىر رىۋايەت كەلدى: ساكيامونى بىر كۈنى ئورمانلىقتا كېتىۋېتىپ، بىر شىرغا ئۇچراپتۇ. شىر يېڭىلا بەشنى كۈچۈك كىلگەن ئىكەن، شىرنىڭ ئۆزىمۇ، بەش بالىسىمۇ ئىنتايىن ھالسىز، ئانا شىردىن سۈت چىقماپتۇ، بەش كۈچۈك ئانا سۈتىگە تەشنا. ئۇلار شۇ ھالدا ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىپتۇ، بۇنى كۆرگەن ساكيامونى ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن، كىيىم ـ كېچەكنى سېلىپ، يالىڭاچ پېتى ئانا شىرنىڭ يېنىدا يېتىپ: «سەن مېنى يېگىن، مېنىڭ گۆشۈم بىلەن ئوزۇقلىنىپ، ئۆزۈڭنى ھەم بەش بالاڭنى قۇتقازغىن!» دەپتۇ. ئانا شىر ساكيامونىنى يەپتۇ، ئۇنىڭغا ماغدۇر كىرىپتۇ، سۈتمۇ كەپتۇ، بەش كۈچۈك ئانا سۈتىگە تويۇپ، ئۆلۈم گىرداۋىدىن قۇتۇلۇپتۇ. شۇ چاغدا ساكيامونىنىڭ رەھىمدىل، شەخسىيەتسىز ۋە ئالىيجانابلىقىدىن تەسىرلەنگەن خۇدا ئۇنىڭغا قايتا جان بېرىپتۇ. بۇ ئاددىي رىۋايەتتە ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى چوڭقۇر مەنە ھەم ھېكمەت بار ئىدى. ئاقنىيازنىڭ قارشىسىدىكى زايىتنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىشتىمۇ بىر نەچچە مۇھىم دېتالدىن پايدىلاندىم: بىرىنچى، شاۋكەت «كامىر» غا سولانغاندا، بىر دىنلا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، سوراق قىلغانلىقى، ئوغرىلىقى ئاشكارىلانغان ئۇنىڭ دوستلۇقىغا، ۋاپاغا خائىنلىق قىلىپ، سىياسىي پۇرسەتپەرەسلىك يولىغا ماڭغان كاززاپ ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتىم؛ ئىككىنچى، «قىرىق

بىرىنچى » توغرىسىدىكى مۇنازىرىدە ئۇنىڭ ساپلا سىياسىي شوئار، دوگماتىزم ۋە قۇرۇق پوپوزا بىلەن تولغان « جەڭگىۋار » نۇتقى ئارقىلىق ھەر قانداق ۋاقىتتا شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئىش تۇتىدىغان، بارلىق سۆز ـ ھەرىكىتىدە مەلۇم باشلىققا ياراشنى مىزان قىلىدىغان ساختا، بىلىمسىز، پوپاڭچى، مەمەدان ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتىم؛ ئۇچىنچى، بادامگۇلنى ئالداپ، ئېيىپتىگە تېڭىپ، كېيىن تاشلىۋەتكەنلىكى ھەم ئۆزىگە تەئەللۇق بالىنى سەلىم ئەپەندىگە ئارتىپ قويۇش ئۇچۇن، بادامگۇلنى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ئالداپ قىستىغانلىقى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىنتايىن شەخسىيەتچى، قارانىيەت ھەم چۇتۇسى تولا نەيرەڭۋاز ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتىم...

ئەلۋەتتە، ئاساسلىق پېرسوناژلاردىن سەلىم ئەپەندى، ھاۋاز بەختى ۋە بادامگۇل قاتارلىقلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىشتا قوللىنىلغان دېتاللارمۇ كۆپ ھەم بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ. ئەدەبىي ئەسەردە ھەممە نەرسە ئايرىم، كونكرېت شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان بولغاچقا، دېتال ( تەپسىلات ) نىڭ رولى ھەقىقەتەن مۇھىم. جانلىق دېتاللار يوق ئەسەرلەرنىڭ سيۇژېتى ھەر قانچە مۇكەممەل بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى بەربىر ئەدەبىي ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ « ۋەقە تاپماق ئاسان، دېتال تاپماق تەس » دېگەن سۆزىنىڭ سىرىمۇ ئەنە شۇ يەردە.

يازغۇچى قەھرىمانلىرىنىڭ قىياپىتىنى سىزىشتا خىلمۇ خىل يول تۇتىدۇ. بىرىنىڭ تاشقى قىياپىتىنىلا تەسۋىرلەپ بەرسە، بىرىنىڭ ئوي ـ خىياللىرىنى، ئىچكى دۇنياسىنى تەسۋىرلەيدۇ. مەنمۇ شۇ ئۇسۇلنى قوللاندىم. زايىت يېڭىلتەك، ۋىجدانى سۇس يىگىت. ئۇ پەقەت شان ـ شۆھرەت ۋە يۇقىرى ئۆرلەشنىلا ئويلايدۇ. مەن ئۇنى تاشقى تەرەپتىن كۆزەتتىم ۋە شۇ يوسۇندا سۈرەتلىدىم. ئەمدى ئاقنىيازنى بولسا، كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، روھى قىياپىتىنى تەسۋىرلەشكە تىرىشتىم. شۇڭا ئاقنىياز يالغۇز غۇرۇرلۇق، بىلىمگە ئىنتىلىدىغان سالماق يىگىتلا ئەمەس، بەلكى زامان تەربىيىسىنى كۆرگەن، جاھاننىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى تېتىغان، دەۋر ھەم دوستلىرى ئالدىدا مەسئۇلىيەتچان بىر شەخسكە ئايلاندى.

ئۇندىن باشقا، يىرىك ئەسەرلەردە ھەر خىل ئادەملەر سۈرەتلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، خۇي ـ پەيلى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئەگەر يىرىك ئەسەر باشتىن ـ ئاخىر بىر ئاھاڭ، بىر قېلىپتا يېزىلسا، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. چۈنكى كۆز ئالدىدا ھەمىشە بىر خىل ئادەم بىر خىل مۇھىتلا پەيدا بولىدۇ. شۇڭا مەن بۇ خىل ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، پۈتۈن ئەسەردە ئالتە پارچە خەتنى قىستۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللاندىم. ھەر قىسمىدا ئىككى پارچىدىن خەت بار. ئاچلىق، غۇربەتچىلىككە چىدىماي، ئوقۇشنى تاشلاپ يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن تۇرغۇننىڭ نامىدا يېزىلغان بۇ خەتلەر كىتابخانلارنى بىردىنلا چوڭ شەھەردىكى داشۆ ھاياتىدىن ئايرىپ، گادايلىق، نادانلىق ۋە قاباھەت باسقان كەڭ يېزا ـ سەھرا ھاياتى بىلەن، كاج تەلەي دېھقانلارنىڭ تەقدىرلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىتابخاندا يېڭى چۈشەنچە، يېڭى تەسىرات ۋە يېڭى كەيپىيات بارلىققا كېلىدۇ. ئەسەرمۇ كەڭ جەمئىيەتكە باغلىنىدۇ.

ئاخىرىدا ئىككى مەسىلە ئۈستىدە قىسقىچە توختىلاي:

بىرى، روماننىڭ ماۋزۇسى توغرىسىدا. بەزىلەر بىر قاراپلا: «ئايدىنمۇ يامغۇر ياغامدۇ؟» دەپ غەلىتىلىك ھېس قىلىشتى. مېنىڭچە، ھەر قانداق يازغۇچى ئەسەردىكى مەنزىرىلەرنى ئۆز تۇيغۇسىغا ئاساسەن، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىغا، ھېسسىياتىغا ماسلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇ تەسەۋۋۇرنىڭ كۈچى، ئادەم قەلبىنىڭ ئەركىن ئاۋازى. بۇنداق چاغدا يازغۇچى بىۋاستە تۇيغۇنى ئاساس قىلىدۇ. شولوخوۋ «تىنچ دون» دا «ئاكسىنىيە ئۆلگەندىن كېيىن، گېرىگورىي بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاسماندىكى قارا قۇياشنى كۆردى» دەپ يازىدۇ. بۇ يەردە ئاپتور بىۋاستە بەدىئىي سېزىمنى — گېرىگورىينىڭ نەق شۇ چاغدىكى تۇيغۇسىنى يازغان. مەنمۇ بادامگۈل پاجىئەلىك ئۆلۈۋاتقان شۇ ۋاقىتتا، ئاي ئۆزىدىن يىراق بولغان زېمىندا يۈز بېرىۋاتقان بۇ پاجىئەلەرگە چىدىماي، كۆز يېشىنى يامغۇر قىلىپ تۆكتى، دەپ يازدىم. مانا بۇ، پەقەت ھېس قىلىشقىلا بولىدىغان، يازغۇچىنىڭ بىۋاستە تۇيغۇسىدىن ئىبارەت!

يەنە بىرى، ئەتراپلىق ماتېرىيال توپلاش جەھەتتە خېلى ئىزدەندىم، دېسەم بولىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، رومان دەۋرنىڭ ئەينىكى، مىللىي پىخسىك ھالەتنىڭ نامايەندىسى. روماندا شەخسلەر كۆپ، ۋەقەلىك كۆپ، يىپ ئۇچى مۇرەككەپ بولىدۇ. شۇڭا ئۇ يازغۇچىدىن ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش جۇغلانمىسى بىلەن يېتەرلىك ماتېرىيال تەلەپ قىلىدۇ. مەن بۇ رومانى يېزىشتىن بۇرۇن، يۇقىرى — تۆۋەندە بولۇپ نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىم، ئوقۇتقۇچى — ئۇستازلىرىم بىلەن سۆزلىشىپ، شۇ چاغدىكى ئادەم تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور ۋەقەلەردىن تارتىپ، تۇرمۇشتىكى ئەڭ كىچىك نەرسىلەرگىچە، يەنە شۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلار ئىشلىتىدىغان ئۆچ موچەنلىك «ئىپارخان» ماركىلىق سوپۇن، ئادەتتە ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىغان «ئالما ھارىقى»، «ماش ھارىقى»، ئولتۇرۇش — تانسىلاردا ئوقۇلىدىغان ناخشا، چېلىنىدىغان مۇزىكىلارنىڭ تېكىستى، نامىلىرىغىچە ئىگىلىگەندىن سىرت، شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھاياتىنى ئەينەن بىلىش ئۈچۈن، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىغا بېرىپ، 1961 — 1962 — يىللارنىڭ گېزىتلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ خاتىرە قالدۇردۇم، ھەتتا شۇ چاغدا قويۇلغان كىنو، تىياتىرلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئەدەبىيات بېتىدىكى شېئىر — ھېكايىلەرنىڭ مەزمۇنىغىچە تونۇشۇپ چىقتىم. مېنىڭچە، بۇ نەرسىلەر ئەينى ۋاقىت تۇرمۇشىنىڭ چىنلىقى ۋە رېئاللىقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، ئەلۋەتتە!

يۇقىرىقىلار مېنىڭ «ئاي يامغۇرى» رومانىنى يېزىشتىن بۇرۇن ۋە يېزىش جەريانىدا ئويلىغان، دۇچ كەلگەن ۋە ھەل قىلغان مەسىلىلەر ئۈستىدىكى شەخسىي قاراشلىرىم. بەلكىم نەزەرىيە جەھەتتىن تازا مۇۋاپىق بولمىغان، توغرا شەرھىيلىمىگەن يەرلىرى بولۇشى مۇمكىن. قەلەمداش ۋە كەسپداشلىرىمنىڭ تۈزەتمە بېرىشىنى سەمىمىي قارشى ئالىمەن.

1995 — يىل، فېۋرال، ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم



# قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

تەلئەت ناسرى ( ئۆزبېك )

## پەيمانە

( ھېكايە )

بۇ ھېكايەمنى ئۆزبېك شائىرى فۇرقەتنىڭ يەكەنگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنىڭ 100 يىللىقىغا بېغىشلايمەن

يەكەن كونا شەھەردىكى مانجۇ كۆلىنىڭ شىمالىدىكى ھويلىلارنىڭ بىرىدە بۈگۈن تەييارلىق قىزىپ كەتكەنىدى. شەھەردە ئاشخانا ئېچىپ نام چىقارغان پاتەمخان بۈگۈن خان قىزلىرىدەك ياسىنىۋالغانىدى. شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە كەيدۈرۈلگەن يېشىل تاۋار كەنجەزە، تال - تال ئۆرۈم چاچلار ئۈستىگە قوندۇرۇلغان گۈللۈك مەنپۇ دوپپا، ئۆز زامانىنىڭ رايىغا ئىسيان ئېچىپ كىيىلگەن ئۇزۇن پايپاق، گۈللۈك تاۋار خەي قاش تېشىدەك سۈزۈك ئەتلىك، زىلۋا بوي جۇۋاننى چاغانىڭ ئوتقاش پانۇسىدەك جۇلالاندۇرۇۋەتكەنىدى.

ھويلا گۈلزارلىقىدىكى ئوتقاشتەك گۈللەر ئۆي ئىگىسىنىڭ قەلبىنى نامايان قىلىۋاتقاندەك جىلۋىلەنسە، دېرىزىلىرى ھويلىغا قارىتىپ سېلىنغان ساراي ئۆينىڭ پېشايۋان، تورۇسلىرىغا ئويۇلغان نەقىشلەر گۈلزارغا بەس سېلىۋاتقاندەك كۆز قاماشتۇراتتى. مانا بۇلار ھويلىغا قەدەم تەشرىپ ئەتكۈچىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇراتتى.

پاتەمخان چىنىدەك ئادىلىنىپ، ئەنجامىلىرى ئۆز ئورنىنى تاپقان ساراي ئۆيگە ئاخىرقى قېتىم كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، كۆڭلى تىنىپ خىزمەتكار قىزدىن:

— روزىغارنىڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈردۈڭلىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئاشپەزگە خەۋەر قىلىۋەتكەن، قورۇمىلارنى ئۆزى ئېلىپ كېلىپ قورۇپ بېرىدىغان بوپتۇ، — دېدى خىزمەتكار قىز.

— نەچچە خىل قورۇيدىكەن؟

— يىگىرمە نەچچە.

— فىنتوزىنى ئېيتقانمىدىم؟

— شۇنداق، ئېيتقانتىلە. ئۇنىڭدىن بىر نەچچە تۈرلۈك قورۇما چىقىرىدىغان بولدى.

— مېھمان ياخشى كۆرىدىكەن، دورا - دەرمەكنى ئوبدان تېتىتسۇن. ھە، راست سېۋەتتىكى ئەكەلدۈرۈپ قويغان ئانارلارنى ئۈۋۈتۈپ، لېگەنگە دۆۋىلەپ قوي، گەردىگە شاملارنى ئوبدان تىكلە، ئۆرۈلۈپ چۈشمىسۇن!

— خوش، ئېيتقانلىرى ماقۇل.

* *

سېنتەبىردىكى ئۇپۇققا چۆكۈۋاتقان جەنۇب قۇياشىدىن رەڭ ئىچكەن پەرەڭ شەپەق شولىسى كۆل يۈزىدە شايى - ئەتلەستەك

لىغىرلايتتى. كۆل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ دەرۋازا ئالدىدىكى سۇپىدىگە يۆلىنىپ تۇرغان خىزمەتكار قىز يىراقتىن كېلىۋاتقان تونۇش گەۋدىگە كۆزى چۈشۈپ، ھويلىغا يۈگۈردى.

— خېنىم، ماخمۇت قارىيكام مېھمانلار بىلەن «قور چاق ئەپەندى» منى ① باشلاپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ پېشايۋاندا خىيال سۈرۈپ تۇرغان پاتەمخانغا.

— جۇگۇر، تەييارلىقىڭنى قىلىۋەر، — پاتەمخان خىزمەتكار قىزغا شۇ سۆزنى قىلدى-دە، چۈمپەردىسىنى يۈزىگە چۈشۈردى.

مانا ھايال ئۆتمەي ئۇلارمۇ كىرىپ كېلىشتى.

مېھمانلار دالانغا كەشلىرىنى يەشكەندىن كېيىن، سارايئۆيگە كىرىشتى. ئۆز ئارا تەكەللۇپ قىلىشىپ، گۈلدار گىلەملەر ئۈستىگە چۆرىدەپ سېلىنغان تاۋار كۆرپىلەرگە بەدەشقان قۇرۇشتى.

سورۇننىڭ تۆرىدە ئۆزىنى ئازادە، ئەركىن تۇتۇپ ئولتۇرغان، كېيىنىشىدىن گەپ-سۆزلىرىگىچە ئۆلپەتلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلەنگەن، ئاق سېرىق كەلگەن كىشى يەركەندىكى كۆپكە تونۇشلۇق بولغان، شائىر، خەتتات، ھەتتا تېۋىپلىقتىمۇ نام تاپقان زاكىرجان خالمۇھەممەت ئوغلى فۇرقەت ئىدى. ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا يەكەندىكى نامدار سودىگەرلەردىن بولمىش باباجان ھاجىم ② ئولتۇراتتى. باباجاننىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرىدا توقۇلۇپ چىققان خان ئەتلەس، بەقەسەم، خاملار، شۇنداقلا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئېلىپ كېلىنگەن يىپەك رەختلەرگە تەقلىت قىلىنىپ توقۇلغان شايى-چۆيۈن، لۇڭگىلەر يەرلىك سودىگەرلەرنىڭ تالىشىپ ئالىدىغان ماللىرىغا ئايلانغانىدى. باباجاننى فۇرقەتكە يېقىنلاشتۇرغىنى ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكى، بولۇپمۇ ئەدەبىياتنى قىزغىن سۆيگەنلىكى ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، فۇرقەتنىڭ يەكەندە يازغان شېئىرلىرىنى تۇنجى قېتىم باباجان ھاجىم كۆرگەن ئىكەن. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ ئىككى دوستنىڭ يېقىنلىقى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ھاجىم ئۆز ئۆيىدە ئېسىل تائاملارنى ئەتكۈزگەن كۈنى داستىخىنىنى فۇرقەتسىز يايدۇرغان ئەمەس. مانا ھازىرمۇ ئۇلار سورۇندا بىر يەردە ئولتۇرۇشۇپتۇ.

سورۇندا خۇش چاقچاق، ھازىر جاۋابلىقى بىلەن كۆزگە چېلىقىپ ئولتۇرغىنى ماخمۇت قارىي ھاجى ③ ئىدى. مۇزىكا مەستانىسى بولمىش قارىمنىڭ تەمبۇرنى ناخول ۋە زەخمەكتە ئىككى خىل ئوينىتىپ چېلىش ماھارىتى فۇرقەتنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى. بۇلارنىڭ ئۆلپەتچىلىكى بەزمە-مەشرەپلەر ناۋاسىدا تېخىمۇ قىيۇقلۇشۇپ بارماقتا ئىدى.

بۇ خانداندىكى سالى ئەلەم، ئۆمەر

---

① فۇرقەت كىرتىك ياقىلىق كەمزۇل كىيىپ، ئۆزىنى تۇزەپ، ئازادە يۈرۈيدىغانلىقى ئۈچۈن، يەكەن خەلقى ئۇنى «قور چاق ئەپەندى» دەپ ئاتىغان.

② باباجان ھاجىم — خوجەنتلىك ئۆزبېك. فۇرقەتنىڭ كۆپلىگەن قول يازمىلىرىنى 1950 - يىللارغىچە ساقلىغان. 1965 - يىلى 1 - ئايدا يەكەندە 96 يېشىدا ۋاپات بولغان.

③ ماخمۇت قارىي ھاجى — خۇيزۇ. يەكەندە ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ماھىر سازەندە، فۇرقەت بىلەن چالغان تەمبۇرنى ئەزىزلەپ 1957 - يىلغىچە ساقلىغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى پەيتلىرىنى تەركىي دۇنيا بولۇپ، يەكەندىكى چىلتەنلەر مازارىدا ئۆتكۈزگەن. 1958 - يىلى 80 ياشتىن ئاشقاندا ۋاپات بولغان.

هاجىملار ، زەينىل ئابدىنغان ( ئافغان ) لارمۇ فۇرقەتنىڭ يېقىن ئۆلپەتلىرىدىن ئىدى . قىسقىسى ، بۇ گۈنكى سورۇن ئەھلى شائىر - نىڭ كۆڭلىگە ئارام بەخش ئېتىدىغان ، ئىلھاملىرىغا ئىجاد ئاتا قىلىدىغان يېقىن دوستلىرى ، ئۆلپەتلىرى ، ھۆرىيەتكە ، ئىلغارلىققا ئىنتىلگۈچى ھەمسۆھبەت زامانداشلىرى ئىدى .

چايلار ئىچىلىپ ، پەتنۇسلار يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن ، ماخمۇت قارىي دالان ئۆيدىن ئاغزى ئېچىلغان كومزەكنى پىيالە بىلەن كۆتۈرۈپ كىردى .

— ئي قارىم ، — دېدى باباجان ھا- جى ، — بۇ ھارامىڭىز سىزمۇ بەزمىمىزدىن كەيىپ تەرك ئېتىلمىگەن ئىدىغۇ ؟ ئارتۇقچە لەززەتنىڭ نىمە ھاجىتى ؟

— تەقسىرىم ، يېڭىلىشتىڭىز ، بۇ ھالالى بېھىش مېۋىسىنىڭ شەربىتى مۇسەل- لەسى شەرئى ، يەنى ئانار شەربىتى دېسە كىمۇ بولىدۇ . ساھىبخان مېھمان ھۇرمىتىگە ئۆز قولىدا تەييارلاپ قويغان ئىكەن . ئىچمىسەك كۆڭلىگە ئازار بولار ، — دېدى ماخمۇت قارىي فۇرقەتكە كۆز قىسىپ .

— ماڭا بەربىر ، خالىغانلار مەرھەمەت قىلىشسۇن ، — دېدى باباجان ھاجى .

— يوقسۇ ، مۇمكىن ئەمەس ، خالار - خالىماسلىقنى مېھمىنىمىز ئۆزى قارار ئېتۇر ، — دېدى ماخمۇت قارىي فۇرقەتنى ياردەمگە چاقىرىپ .

— پەقىر ئۆزۈمگە ھۆكۈمدارمەن ، باباجان دۇرۇس گەپ قىلدى ، ھەر كىم ئۆز خاھىشىدىن زوق ئالسۇن ، — دېدى فۇرقەت . ئارقىدىن مۇنۇ ئىككى مىسرانى ئوقۇدى :

ساقىيا ئۆلدۇم خۇمارىڭدىن باشىڭ ھەققى ئۈچۈن ،
تولدۇرۇپ بەر سەڭ ئەگەر ، جانىم بېرەي پەيمانەغە .

ماخمات قارىيغىمۇ كېرىكى شۇ ئىدى .

— شائىرىمىز ھەق سۆزنى ئېيتتى ، — دەپ ئانار شەربىتىنى پىيالىگە تولدۇرۇپ قويدى ئۇ ، — ھەممىمىزنىڭ ئامانلىقى ، مەرىكىمىزنىڭ خۇشاللى- قى ، پىيالىدىكىنىڭ ھالاللىقى ئۈچۈن خوشە ! — دەپ بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى .

پىيالە ئۆز نۆۋىتىدە بىر نەچچە ئايلانغاندىن كېيىن ، ئولتۇرغانلارنىڭ مەڭزىگە قان يۈگۈردى .

كەچكى گۇگۇم ئۆيي ئىچىنى غۇۋالاشتۇرماقتا ئىدى . خىزمەتكار قىز شاملار يېقىلغان ، ئانار دانىچىلىرى دۆۋلەنگەن كاتتا لىگەننى كۆتۈرۈپ كىرىپ ، بولۇڭدىكى بەلەند تىكلىمە ئەينەك ئويۇقچىسىغا سىلىق قويۇپ ئىگىشكەن پېتى چىقىپ كەتتى .

قىزىل ياقۇتتەك دانىچىلاردا ئەكس ئەتكەن شام نۇرلىرى ئەينەكتىن ئۆيگە تاراپ ، تام - تورۇس ۋە ئولتۇرغانلارنىڭ يۈزلىرىنى جۇلالاندۇرۇۋەتتى .

بۇلبۇل گۈل بەرگىدىكى شەبنەمنى سۈمۈرۈپ يىغان چەككىنىدەك ، ئانار يۈيغان ئېغىزلاردىن شېرىن سۆزلەر ، مۇھەببەتلىك مىسرالار ئۇرغۇشقا باشلىدى .

ئۆلپەتلىرىنىڭ يىغاندىن ھاياجانلانغان فۇرقەت كۆڭۈل ئىزھارىنى ئېيتتى :

— تىلسىزلىقتىن تىلىمىز چىقىپ تاكى چىشىمىز تۆكۈلگۈنچە ئانا دەپ ئۆتىمىز ، ئانا بولمىش ئاياللىرىمىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ، قەدىر - قىممىتىگە يېتىش ھېچقاي-

سـىمىز نىڭ خىيالىغا كەلمەيدۇ. ياتەمخانىنىڭ ئىسيانى ماڭا ئاجايىپ زوق ئاتا قىلدى. ھويـلىسىدىن سىرتقا چىقماي، بازار كۆرمەي، بازاردا شۇنچە ئىشلارنى تەۋرىتىپ يۈرگىنى ئادەمنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ. مەرھۇمە شائىرىمىز نادىرەخان ① ھەم شاھ تەختىنىڭ ۋارىسى بولۇپ يۇرت سورىغان ئىدىلەر. مۇتەئەسسىپ ئەرلەر ئىستىبداتى ئۇ بىچارىنى ئۈچ ياشلىق ئوغلى بىلەن قەتلى قىلدى. ئەر كىلەردىكى نادانلىق، ئەخمىقانە كېرىلىشـلەر ئاياللىرىمىزنى بەختسىزلىككە دۇچار ئەتمەكتە.

«ئەخىر نېچۈك بىداد، ئالەم ئەگەر قار ئولسە»

فۇرقەتنىڭ تەرەققىي تاپقان بەزى مەملىكەتلەردىكى ئاياللار ئەركىنلىكى، دېـموكراتىك ئىدىيىلەر ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى كۆپ ئاڭلاپ كۆڭلى يورۇپ قالغان باباجان ھاجىم ھەزىل قىلىپ سورىدى:

— ھۆرمەتلىك شائىرىمىز، ئۇ شىبۇ خانداندا ھېلىقى گوبېرناتورنىڭ كېلىنى ② بولغىنىدا سا-ھىبخانىنىڭ قولىغا سۇ قويۇپ بېرەلەرمىدى؟

— مەن ئىستامبولدا تۈرك خانىم ـ قىزلىرىنى، بۇلغار، يونانىستان، رۇملاردا قۇشتەك ئەركىن خانىملارنى، ھىندىستاندا قارا قۇمچاق ھىندى قىزلىرىنى كۆرگەنمەن. ھەر گۈلنىڭ ئۆز رەڭگى، ئۆز شوقى بولغىنىدەك ئاياللار ھەم رەڭدار گۈللەر زەۋ-قىدىندۇر، — دېدى فۇرقەت ھەزىلگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىپ.

— باركاللا! — دېۋەتتى سالى ئەلەم فۇرقەتنىڭ سۆزىدىن زوقلىنىپ، — بىزنىڭ ئۇيغۇر قىزلىرىمىز ئاي ـ جامالى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى، ناز ـ كەرەشمىلىرى بىلەن ھۆر ـ پەرىلەر تائىپىسىدۇر. ئاڭلىشىمچە، ساھىبخانـمىز ئۇيسۇلدا ئاجايىپمىش. بۇگۈن ماھارىتىنى كۆرۈش يۈرسىتى بىزگە نېسىپ بولارمىكىن؟

— بۇ مەجبۇرىيەتنىڭ چارىسىنى قارىم بەجا كەلتۈرسۇن، — دېدى ئۆمەر ھاجى.

باباجان ھاجى سورۇندا خىزمەت قىـلىۋاتقان ماخمۇت قارىيغا:

— ھازىرچە ئازادسىز، بېرىپ ساھىبخانىغا ئېيتىڭ. بىزنى نائۈمىد قويمىغاي، — دېدى.

سالى ئەلەم تەمبۇرنى فۇرقەتكە سۇنۇپ:

— قارىم كىرگىچە ئۆزىڭىزدىن ئاڭلايلى. ھېلىقى ئۆزبېك مۇناجاتلىرىدىن بولسۇن، — دېدى.

فۇرقەت تەمبۇرنى سازلاپ بىلىنەر ـ بىلىنمەس چېكىپ ئولتۇردى. دوستىنىڭ كەيپىياتىغا كۆز قىرىنى سېلىپ ئولتۇرغان باباجان ھاجىم قانداقتۇر يېڭى نەزمىنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك بولدى.

ھايال ئۆتمەي ماخمۇت قارىي كىرىپ كەلدى. ئۇ شاھ ئەمرىنى جاكارلىغان ھۆدەيچىدەك:

— ساھىبخانىمىزنىڭ رازىمەنلىكى، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار! ئۇسسۇل ئۆيدە ئە-مەس، ھويلىدا ئوينىلىدۇ، — دېدى.

— نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ دەرھال پېشايۋانغا ئورۇن راسلايلى، — دېدى سالى ئەلەم.

---

① نادىرە — مەكنۇنە مەھلەر ئايىم (1891 — 1942) يىللىرى قوقەندە ياشىغان. مەرىپەتپەرۋەر ئۆزبېك شائىرى.

② ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، فۇرقەت تۈركىستان گوبېرناتورنىڭ كېلىنىگە تىل دەرسى ئۆتۈپ يۈرگەن مەزگىللەردە، كېلىن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇمىش. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان گوبېرناتور فۇرقەتنى قولىغا ئالماقچى بول-غاندا، كېلىن ئۇنى قاچۇرۇۋەتكەن ئىكەن.

— يوقسۇ، ئۇي بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ چىقىشقا ھېچكىمگە ئىجازەت بېرىلمەيدۇ، — دېدى ماخمۇت قارىي.

— كۆزنى تېڭىپ يولتۇزغا قارايدىكەنمىز ـ دە، — دېدى سالى ئەلەم.

— كۆزنى كوزىدەك ئېچىپ قارايمىز، خالىغان يەردىن، — دېدى ماخمۇت قارىي ھويلا تاماندىكى دېرىزىلەرنى شەرەتلەپ.

— بەس، — دېدى باباجان ھاجى، — قارىينىڭ شەيتانلىقى ھۆر ـ پەرىلەرنىمۇ ئۇسسۇلغا سالىدۇ. خىزمىتىڭىزنى ئەلا بەجا كەلتۈرگىنىڭىز ئۈچۈن قېنى تۆرگە مەرھەمەت، — دېدى ماخمۇت قارىيغا.

داستىخان يىغىلدى. مېھمانلار پۇتلىرىنى ئەركىن سوزۇپ ئولتۇرۇشتى. ماخمۇت قارىي، سالى ئەلەم، زەينىل ئابىدىنغانلار نېمىدۇر پىچىرلىشىۋېلىپ، فۇرقەتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— سازەندەم دىل زارىنى تىلدا ئىپادە ئېتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەستۇر. ئۇنى تەمبۇر تىلى، يۈرەك كۈيى ئىزھار ئەتسۇن، — دېدى فۇرقەت تەمبۇرنى ماخمۇت قارىيغا سۇنۇپ.

— خوش، ئەزىز مېھمىنىمىز، — دېدى ماخمۇت قارىي فۇرقەتكە، — خالىغان كۈيىڭىز ئۈچۈن قۇلۇم كۆكسۇمدە.

— بۇ كىشى بۇيرىسا كۆڭۈلنى غەش، كۆزلەرنى لەش ئېتىدىغان ھىجران، جۇدالىق پەدىلىرىنى چەكتۈرىدۇ. بۇگۈن مۇڭلۇق كۈيلەرنى تەرك ئەتسەك، — دېدى زەينىل ئابىدىنغان.

— ئۇ، ياقەي، — دېدى فۇرقەت، — ھازىر ھەممە نەرسە گۈزەل، چىرايلىق كۆرۈنمەكتە.

— چىرايلىق، تولىمۇ چىرايلىق، — دېدى باباجان ھاجىم دېرىزە پەنجىرىسىدىن ئاسماندىكى ئايغا كۆز تىكىپ.

بۇ چاغدا تۈن خېلىلا بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. تولۇنئاي كۈن نۇرىنى ئەكس ئەتتۈرۈۋاتقان كۈمۈش ئەينەكتەك، ھويلا ئارام، گۈلزاردىكى ياپراق، بەرگىلەر، دېرىزە پەنجىرىلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ ئۆتۈپ، ئۇي ئىچىنىڭ بىر قىسمىنى يورىغان ئىدى. بۇ نۇر شائىر قەلبىدىمۇ ئەكس ئەتمەكتە.

— غەزەلخانىمىز، — دېدى فۇرقەت، — مۇبارەك بارماقلىرىڭىزنى ئوينىتىپ شۇنداق چىرايلىق قوشاقلارغا چېلىڭكى، مۇسىقىنىڭ مەيىن سەباسىدا ساھىبخانىمىز ھويلىدىكى لاللەرگە ئوخشاش بىئىختىيار لەرزان ئەتسۇن.

تەمبۇر سادا سىغا يۇغۇرۇلۇپ ياڭراتقان ماخمۇت قارىينىڭ مۇقام ناۋاسى ھەر كىمنى ئۆز ئەركىدىكى شېرىن خىيالغا چۆمۈلدۈرگەنىدى.

مۇقام كۈيىنىڭ تاماملىنىشىغا ئۇلىنىپ ياڭرىغان شوخ ناۋا زەينىل ئابىدىنغانىنى دەس تۇرغۇزدى. ئۇ پېرىجە چاپىنىنى سېلىپ، يەڭگىللىنىپ ئۇسسۇل ئوينىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چەبدەس ھەرىكەتلىرى سالى ئەلەمنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى تىپىرلىتىپ، ئۆرە تۇرغۇزدى. ئىككىسى بىر ھازا بېقىشىپ ئويناشقىنىدىن كېيىن، سالى ئەلەم ئولتۇرغانلارغا سەپ سېلىۋېتىپ، ئۆمرىدە ئۇسسۇل تۇرماق شاختىكى مېۋىگە قول كۆتۈرۈشكە ئەيمىنىدىغان ئۆمەر ھاجىنى تارتىپ ئوتتۇرىغا چۈشۈردى. ئۆمەر ھاجى يېپىنى تارتقان قورچاقتەك بىر قولىنى كۆتەرسە، بىر قولىنى چۈشۈرۈپ، غەلىتە ھەرىكەتلىرى

بىلەن ھەممىنى تېلىقتۇرۇپ جايىغا ئولتۇرۇۋالدى. بەزمە قىزىماقتا ئىدى.

جاھالەت تۈپەيلى روھىي ئازادلىك، ساز ـ ناخشا، ئۇلپەتچىلىك ۋە بەزمە ـ مەشرەپلەر «بىدئەت» ھېسابلانغان، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى فېئودالىق چەكلىمىلەر قارا تۇماندەك بېسىپ تۇرغان بۇ شەھەردىكى مۇشۇ خاندان ئىچىدە ئاتەشتەك يالقۇنجاۋاتقان بەزمە شادلىقى، ئىشتىراكچىلارغا خان ـ پادىشاھلارنىڭ ئەيشى ـ ئىشرەتلىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان ھوزۇر ئاتا قىلماقتا ئىدى.

تۇغۇلغان يۇرت، قەۋم ـ قېرىنداش، يارۇ ـ بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلىپ، جاھانكەشلىك قىلىشقا مەجبۇر قىلىنغان شائىرنىڭ كۆڭلى ھېچ يەردە ئىمىن تاپماي، ئاخىر ئاسارەت ئىلكىدىكى بۇ يۇرتتا ماكان تۇتۇپ قېلىشى، ئەتراپىدا تىلداش، دىلداش، دىنداش دوستلىرىنىڭ بارلىقىدا، باشقىلار ئۇچۇن ھېچ نېمىسىنى ئايىمايدىغان مەردلەرنىڭ مەرىپەت ۋە يېڭىلىققا شۇڭقاردەك ئىنتىلىدىغان ئالىيجانابلارنىڭ بولغانلىقىدا ئىدى.

فۇرقەت ئويغا چۆمدى. ماخمۇت قارىي زەينىل ئابىدىنغاننىڭ ئىماسىدا پەدىنى ئۆزبېك مۇزىكىسى «دىلخىراج» قايۆتكىدى.

ئىككى پىر قىراپ دېرىزە ئالدىغا كەلگەن سالى ئەلەم پەنجىرلەرنى ئېچىۋېتىپ:

— خانىم، نۆۋەت ئۆزلىرىنىڭ! — دەپ ئۆزىنى يانغا ئالدى. كۆپچىلىك ماخمۇت قارىيغا قوشۇلۇپ ناۋايى غەزىلىنى ئوقۇماقتا:

كۆر گىلى ھۆسنۈڭنى زارۇ مۇپتىلا بولدۇم ساڭا

................

گۈلزارلىق گەردىشىدىكى ئاي نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان ئاق يولدىن بىر سايە لەرزان ئېقىپ كەلدى. سايىغا ئۇلىنىپلا پاتەمخاننىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى. خانىدىكىلەر ئۆزلىرىگە ئەپچىل بىلىنگەن يەرلەردىن ھويلىغا بېقىشتى. غۇنچە بوي، ئەۋرىشىم بەل، يانپاشقا چۈشكەن ئۆرۈمە چاچلار، خىنە، ئەڭلىك، سۈرمىلەر ئۆز ئۆرنىنى تاپقان قاش، كۆز، لەۋلەر بېقىشىغا ماسلىشىپ شۇنداق بىر ھالەت شەكىللەندۈردىكى، گويا پاتەمخان سېھىرلىۋەتكەندەك ئۆيدىكىلەر بىئىختىيار ئۇسسۇل ئويىنىغۇچىنىڭ ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ، تەۋرىنىشكە باشلىدى.

پاتەمخاننىڭ سۈزۈك چۈمپەردە ئاستىغا يوشۇرۇنغان ئاي جامالى نازۇ كەرەشمىلىرى فۇرقەتكە كەشمىردىن سانجۇ، خوتەن، قاغىلىق، يەكەنگە كەلگىچە بازار كۈنلىرىدە، پىنھان مەھەللە، ئېرىق بويلىرىدا، يېزا باغلىرىدا تۇساتتىن ئۇچرىشىپ قالغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ گۈزەل ھۆسنى، ئاھۇ كۆزلىرى، ئانار يۈزلىرى، چىرايلىق كۈلۈشلىرى، قىيا بېقىشلىرىنى ئەسلەتمەكتە ئىدى. ئۇ لېگەن گەردىشىدە يېنىپ تۇرغان شاملار يېنىغا كېلىپ، ئانار دانىچىلىرىغا كۆز تىكتى.

شائىر دوستىنىڭ ئۈنسىز قەلب چاقىرىقلىرىغا زەڭ سېلىپ ئادەتلەنگەن بابا جان ھاجىم، شۇ تاپتا شائىرنىڭ دىل پەيمانىسىدا ئوخچۇپ تۇرغان ئىلھام بۇلىقىنىڭ يېڭى، گۈزەل، ئۆلمەس مىسرالىرىنى

ئۇرغۇتىدىغانلىقىنى جەزم ئەتتى.
قۇرقەت كەمزۇلىنىڭ يانچۇقىدىن ئۇچلانغان قىرىنداش ۋە دەپتەرچىسىنى ئالدى ـ دە، شام يورۇقىدا يېزىشقا باشلىدى:

جەننەت گۇللەردىن گۇلزارىڭىز چىرايلىق،
ھۆر پەرى يۈزىدىن رۇخسارىڭىز چىرايلىق.
كۆر گەندە قامىتىڭىز بولغاي خىجىل سەنابەر ①
تاۋۇس ② جىلۋەسىدىن رەپتارىڭىز ③ چىرايلىق.
ھەر قانچە ئەيلەسىڭىز كەلمەس مەلالى ھەرگىز،
ياخشى ئېرۇر جاپايىڭىز، ۋاپايىڭىز چىرايلىق.
ھەر بىردان ئەھسەن ④ ئەپئەلو ⑤ خىسلەتىڭىز،
كىردارىڭىز ⑥ يەراشقان ئازارىڭىز چىرايلىق.
ئالما قىزىل يۈزىڭىز، بادام ئېرۇر كۆزىڭىز.
تەئىرىپى ئەنجۈرىڭىز، ئانارىڭىز چىرايلىق.
قۇرقەت كۆرىب كۆ گۇللەر بولمەس نەچۇك پەرىشان،
بەللەردە كاكۇلىڭىز، تۇمارىڭىز چىرايلىق.

دەپتەرچە باباجان ھاجىمغا سۇنۇلدى. باياتىن بىرى تەققەززاسىغا سەۋر بىرىپ، كۇتۇپ تۇرغان ھاجىم يۇرىكىدىن ئۇرغىغان ھاياجىنىنى باسالماي:

— ئاپىرىن! — دەۋەتتى.

بۇ ۋاقىتتا پاتەمخان ئۇسسۇلنى تەزىم زىم بىلەن ئاياغلاشتۇرۇپ، گۇل شىخىدىن ھۇركۇپ قاچقان بۇلبۇلدەك كۆزلەردىن غايىب بولغانىدى.

تەمبۇز چېلىنىشتىن توختاپ ھەممە باباجانغا قارىدى:

— مانا، بەزمە خانىمىزدا بەرق ئۇرغان گۇل. ياگراق قوشاق، مەرۋايىت مىسرالار، — باباجان ھاجىم سۆزلىگەچ دەپتەرچىنى ماخمۇت قارىيغا سۇنۇپ ئېيتتى، — قېنى سازەندەم، بۇنى شۇنداق كۇيگە سېلىڭكى، ھەممىزنىڭ جەسەدى خاكقا ئايلانغان كۇنلەردە ھەم روھىمىزنى سەيىل ئېتتىرىپ يەكەن دىياردا ياگراپ تۇرسۇن!

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

① سەنەبەر — خۇش قامەت.
② تاۋۇس — توز.
③ رەپتار — مېگىش، تۇرۇشى.
④ ئەھسان — ئەلا.
⑤ ئەپئەلو — خۇي ـ پەيلى.
⑥ كىردار — قىيىداش.

# بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

## : كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر، پېشقەدەم مۇھەررىر تۇرغان شاۋۇدۇن



شائىر تۇرغان شاۋدۇن 1940 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ تۇرپانيۈزى يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1957 ـ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ، سابىق شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبيات فاكولتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1960 ـ يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئەدەبيات ـ سەنئەت بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنىپ، ھازىرغا قەدەر ئەدەبىي تەھرىر بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. 1987 ـ يىل كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1956 ـ يىلى باشلانغان، ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر 500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، 20 دىن ئارتۇق داستان، باللادىسى، 150 تىن ئارتۇق ناخشا تېكىستى ئېلان قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا «تاشۋاي»، «ئۇجمە سايىسى»، «بەربات بولغان ھەشەمەت» ناملىق سەھنە ئەسەرلىرى، كىنو سىنارىيىسى، «ئائىلە بەرىكىتى». «كىم ئەيىبلىك»، «ئاھيىللار»، «غەلىتە ئوغرى»، «چېتىنشلىق ئىشلار»، «تۇرمۇش سەھنىسىدە»، «شىپا تاپماس كېسەل» قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق ھېكايىسى، «تۇغماسى» ناملىق پوۋېستى، «ناخشا ھەم ناخشا تېكىستى توغرىسىدا»، «ناخشا تېكىستىدىكى ئاساسلىق ئامىللار»، «ناخشا ـ مۇزىكىلىرىمىزدىكى يەرلىك شىۋە ۋە يەرلىك ئۇسلۇب توغرىسىدا»، «كۆلدۈرگە ۋە ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى»، «رادىئو دراممىسى توغرىسىدا»، «مۇقام ھەققىدە مۇلاھىزە» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. «ھايات دولقۇنلىرى»، «سازەندە ناخشىسى»، «ئىختىرا ھەۋىسى باشلىنار شۇنداق»، «قەرز قالغان توي»، «شاھ ۋە غۇلام» ناملىق شېئىر ۋە داستانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش توپلىمى، «مۇقام ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق ئىلمىي كىتابى، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن «ئىلى خەلق ناخشىلىرى»، «ئانا مېھرى»، «ۋىسال شادلىقى»، «توي ناخشىسى»، «ياشلىق ئالبۇمى» قاتارلىق ناخشا توپلاملىرى، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (5 ـ كىتاب). 90 دىن ئارتۇق مۇقامشۇناس ۋە كومپوزىتورلار تونۇشتۇرۇلغان «تەگرىتاغ كۈيچىلىرى» ناملىق كىتابى نەشر قىلىندى. «فائوست» ناملىق ئىككى توملۇق ئەسەرنى تەرجىمە قىلدى.

«گۈلسۈم» ناملىق داستانى 30 يىلدىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا 3 ـ

دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئۈجمە سايىسى» ناملىق درامىسى «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان باھالاشتا 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «تاشۋاي» ناملىق رادىئو درامىسى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى رادىئو درامىلىرىنى باھالاشتا مۇنەۋۋەر رادىئو درامىسى مۇكاپاتىغا، شۇ ئاساستا ئىشلەنگەن ئالتە پەردىلىك ئوپېراسى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى ئويۇشتۇرغان باھالاشتا 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «شىپا تاپماس كېسەل» ناملىق ھېكايىسى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئويۇشتۇرغان «چولپان» مۇكاپاتىدا 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ھەر خىل ئەدەبىيات-سەنئەت كۆرەكلىرىدە «سېغىنىش»، «گۈلباغ»، «قوغۇنچى ناخشىسى»، «نامىڭ ئۆچمەيدۇ» قاتارلىق ناخشا تېكىستلىرى 1-دەرىجىلىك، «بىر كۆرۈپ»، «ئېلى يولى»، «تەلپۈنىمىز بېيجىڭغا»، «خەلقىم»، «گۈزەللىك كۈيى»، «ياشلىق باھارى»، «قەلبىم ناخشا خۇشتارى»، «تاڭ شاملى»، «ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاق-ئىناق»، «گۈللەيدۇ ۋەتەن قوينى» قاتارلىق ئەسەرلىرى 2-دەرىجىلىك، «تەڭرىتاغ»، «سۆيەر بولساڭ»، «ئۈرۈمچى»، «ۋەتەن ئانا»، «سەھرا قىزى»، «تېنىڭدە زەررە كۆچ بولسا»، «سازچىمەن-سازەندىمەن» قاتارلىق ناخشا تېكىستلىرى 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شائىر تۇرغان شاۋۇدۇن يۇقىرىقى ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى»، «تارىم ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى» لىرىدا مەخسۇس تونۇشتۇرۇلدى. «گۈلسۈم»، «ئۈجمە سايىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ۋە كۆپلىگەن ناخشا تېكىستلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى. «بىز ۋە مەن»، «ۋەتەنگە مۇھەببەت»، «ياشلىق» قاتارلىق شېئىرلىرى ۋە «كارىز ناخشىسى» ناملىق بالladىسى ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى.

تۇرغان شاۋۇدۇننىڭ ئەسەرلىرى تېمىسىنىڭ ئاممىبابلىقى، پىكرىنىڭ يېڭىلىقى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تىلىنىڭ يەڭگىل ھەم پاساھەتلىكلىكى بىلەن كىتابخانلارغا ياقىدۇ.

ئۇ ھازىر جۇڭگو رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ ياشانغانلار خەتتاتلىق-رەسساملىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

تۇرغان شاۋۇدۇن 1994-يىلى 12-ئايدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. بىز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، تۇرمۇشىغا بەخت ۋە خاتىرجەملىك، ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ مول ئۇتۇق تىلەيمىز.

يۇلتۇز تېيىپجان تەييارلىغان

# يازغۇچى ئايشەم ئەخمەت



ئايشەم ئەخمەت 1942 ـ يىلى قۇمۇلدا كىچىك تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1953 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1955 ـ يىلىغىچە قۇمۇل ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1958 ـ يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، 1971 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچى 2 ـ دارىلمۇئەللىمىندە ۋە قۇمۇل ئارا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن «قۇمۇل گېزىتى» دە مۇھەررىر بولغان. 1979 ـ يىلىدىن ئېتىۋارەن «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

قۇمۇل خەلقى ئارىسىدا ئومۇملاشقان جۇشقۇن ھەم قاينام مەھەللىۋى مەشرەپلەر، بولۇپمۇ بۇ خىل مەشرەپلەردە زوق ـ شوق بىلەن ئېيتىلىدىغان بېيت ـ قوشاقلار ئايشەم ئەخمەتنىڭ قەلبىدە ئەدەبىياتقا بولغان ئەڭ دەسلەپكى قىزىقىش ۋە ھەۋەسنى ئويغاتقان.

ئۇنىڭ «باھار شامىلى» ناملىق تۇنجى شېئىرى 1957 ـ يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە «باشلىقنىڭ رايى»، «ھەسرەت»، «تاش ئۇسما»، «خىجىللىق»، «ئانامغا ئوخشاپ كەتتى»، «ئالتۇنچىلار»، «تاغ مېۋىسى»، «ئەرشتىمۇ سوراق بار»، «28 يىل» قاتارلىق 50 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، نەسىر، ئوچېرك قاتارلىق ئەسەرلەر، ئىككى پوۋېستى، «ئۆچمەس ئىزلار» ناملىق رومانى، «مېھرىبانۇۋاڭ» ناملىق درامىسى، «قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدا قۇمۇل شىۋىسى» قاتارلىق ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى.

ئۇنىڭ قۇمۇل ۋاڭى شامەقسۇتنىڭ خەلق ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنى تېما قىلىپ يازغان «ئۆچمەس ئىزلار» ناملىق تارىخىي رومانى 1983 ـ يىلى ئېلان قىلىنىپ، جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇنجى قېتىم رومان يازغان ئۇيغۇر ئايال يازغۇچىسى بولۇپ قالدى.

يازغۇچى بۇ رومانىنى يېزىش ئۈچۈن كەڭ دائىرىدە ئىزدەندى. ئەينى دەۋرنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈملىرى، خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ئائىت ھۆججەت، ماتېرىياللارنى چوڭقۇر تەتقىق قىلدى. گەرچە ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ يارىتىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردە بەزى يېتەرسىزلىكلەر ساقلانغان بولسىمۇ، لې

كىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تېخى بىر ئاجىز ھالقا ھېسابلىنىپ كېلىۋاتقان رومان ئىجادىيىتى سېپىگە زور جاسارەت ھەم ئىشەنچ بىلەن تاشلانغان بۇ قەدەم ئەدەبىياتىمىزغا بىر قىممەتلىك روھنى بېغىشلىدى.

ياز غۇچى 1987 ـ يىلى ئېلان قىلغان «مېھرىبانۇ ۋاڭ» ناملىق تارىخىي دىرامىسىدا قۇمۇلدا ئۆتكەن مۇھەممەت بېشىر ۋاڭنىڭ ئايالى ئىللىق خېنىمنىڭ ئادالەت، ھەققانىيەت بىلەن يۇرت سورىغانلىقى، ئاخىرىدا زۇلمەت كۈچلىرى تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈردى. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى تۇنجى نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ۋە قۇمۇل «ئالتۇن رۇجەك ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. يەنە «ئەرشتىمۇ سوراق بار»، «28 يىل»، «چەت ئەلدە توقۇلغان ھېكايىلەر» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئايشەم ئەخمەت بىر تىرىشچان مۇھەررىر. ئۇ «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنى چىقىرىش ئۈچۈن چوڭقۇر ئىزدىنىپ، كۆپ قېتىم ئىجادىيەت ـ مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇردى، ئاپتورلارنى يېتەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر گەۋدىلىكى ياز غۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى كىشى كۆزىگە ئالغان «قوغۇنلۇقتىكى پاراڭلار»، «سۆيگۈ تۇغقان خىياللار» قاتارلىق توپلاملارنى تۈزۈشكە قاتناشتى. خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى قېزىش ۋە ئۈچ توپلام خىزمىتىگە ياردەملە-شىپ، «قۇمۇل شەھەر خەلق قوشاقلىرى»، «قاسىم قىزنىق لەتىپىلىرى» قاتارلىق كىتابلارنى ۋە «ياچىبەگ»، «تۆمۈر خەلپە» ناملىق داستانلارنى رەتلەپ نەشر قىلدۇردى. 1993 ـ يىلى قۇمۇل ۋىلايىتى تونۇشتۇرۇلغان بىئوگرافىك ئەسەر — «قۇمۇل» نى ئېلان قىلدى.

ئالمۇتا ۋە تاشكەنتلەردە چىقىدىغان گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئۇنىڭ «خىجىللىق»، «باش-لىقنىڭ رايى»، «ئەرشتىمۇ سوراق بار» قاتارلىق ھېكايىلىرى ئېلان قىلىندى.

ئايشەم ئەخمەت يۇقىرىقى نەتىجىلىرى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن 1988 ـ يىلى 5 ـ قېتىملىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ۋە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇنەۋۋەر مۇھەررىر بولۇپ باھالاندى. شۇ يىلى «جوڭگو ھازىرقى زامان مەشھۇر مۇھەررىرلىرى قامۇسى» غا، 1994 ـ يىلى «جوڭگو ئالىملىرى قامۇسى» غا ۋە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى قامۇسى» غا كىرگۈزۈلدى. ئۇ يېقىندا «خانىم ـ قىزلار دەستۇرى»، «مەلىكىنىڭ مەگزىدىكى داغ» ناملىق ئىككى كىتابنى نەشرگە تاپشۇردى.

ئايشەم ئەخمەت جوڭگو ياز غۇچىلار جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ياز غۇچىلار جەمئىيىتى، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ياز غۇچىلىرى جەمئىيىتى ۋە ئاپتونوم را-يونلۇق «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

بىز بۇ ياز غۇچى مىزنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيەت ۋە خىزمىتىگە ئۇتۇق تىلەيمىز.

غېنى مۇھەممەت تەييارلىغان

ئايشەمگۈل قاۋۇل

## كۈتۈش

1

شۈبرلىماس ئارچا ياپرىقى،
تىمتاس گۈگۈم، تىمتاس كۆك ئاسمان.
قۇشلار كۈيسىز، پەرۋاسىز تۇرار،
قارىچۇقىدىن تەپچىرەپ ئارمان.

2

تۇرماقتىمەن سالغانچە نەزەر
قانىرەك شەپەق سىڭىشكەن يولغا.
ئۇچۇپ يۈرەر بەختلىك تەشۋىش،
باش ئۇستۇمدە يۈر كىنىپ نۇرغا.

3

كەلمەكتىسەن بەلكىم مەن تامان،
ئىھ، ھەممىنى ئۇنتۇپ ئالدىراش.
يوللىرىڭنى تۇسالماس چوقۇم
پىتىپ بارغان كەپسىز ـ شوخ قۇياش.

4

سىلىپ تاشلاپ شەپەق تونىنى،
تۈن پەردىسى يېپىندى ئەتراپ.
ھېچ تىۋىش يوق بۇ كەمگە قەدەر،
كۈتمەكتىمەن، لېكىن، چوغ چايناپ...

5

شۈبرلىماس ئارچا ياپرىقى،
تىمتاس كېچە، تىمتاس كۆك ئاسمان.
ئېچىشماقتا ئۇيقۇسىز كۆزۈم،
يانار بىراق قەلبىمدە ئارمان!

نۇرمۇھەممەت توختىنياز

## ئىككى شېئىر

### ئانا يۇرت مۇھەببىتى

مەن سۆيىمەن ئوتلۇق قەلبىمدىن
ئانا يۇرتنى، گۈلشەن دىيارنى.
چۈنكى ئۇندا ئۆتكۈزدۈم خۇشال
يىگىرمە بەش قىشنى، باھارنى.
ئۇنىڭ ئىللىق ئاتەش مېھرى،
يىللار سېرى ئۆستۈم چوڭ بولۇپ.
بولدۇم تاغنى تالقان قىلغۇدەك
ۋۇجۇدۇمغا كۈچ ـ قۇۋۋەت تولۇپ.

بۈگۈن مانا ئۇنىڭ قويىندا،
ئېچتىم قېنىپ بەخت كەۋسىرى.
كۈلدى بەختىم، كۈلمەكتە يەنە
قۇياش كەبى پارلاپ كۈنسېرى.

### ماڭا سۆيگۈ ئوتى تۇتاشتى

قىيانەزەر تاشلىدىڭ ماڭا،
ئاھ، كۆزلىرىڭ مۇھەببەت چاچتى.
شۇ تاپ سېنىڭ قاراشلىرىڭدىن
ماڭا سۆيگۈ ئوتى تۇتاشتى.

ئوسمانجان ئىسمائىل

## مەن سۆيگۈدە

مەن سۆيگۈدە چاڭقاق بىر دۇنيا،
تەكلىماكان بىلەن تومۇرداش.

سىڭىپ كېتەر ئوكيانلار ماڭا،
قۇياش بىلەن بولسام ئۆمۈرداش.

غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت

## ئىككى شېئىر

### يىگىرمە بىرىنچى ئەسىر ئالدىدا

كەنتىمنىڭ توپىلىق تىمتاس يولىدا
غىچىرلاپ بارار بىر ئېشەك ھارۋىسى.
ئۈستىدە لىپمۇلىق توز ۋە ئوتۇنلار
ۋە چاڭگا ساقاللىق بىر قېرى كىشى.

ھارۋىغا ئەگىشىپ كېلىدۇ يوللار،
ئەگەشكەن قۇياشمۇ كۆكتە ئۇنىڭغا.
ياڭرايدۇ قەدىمىي بىر كۈي ھارۋىدىن،
ئېشەك ۋە ئوتۇنچى ئاڭلار پەقەتلا.

چەرختەك ئايلىنار چاقلار ماجالسىز،
ئېسىلغان ئۇنىڭغا جەننەت ۋە دوزاخ.

يىگىرمە بىرىنچى ئەسىر ئالدىدا
بارارمۇ شۇ ھالدا بەلكىم ئۇ شۇنداق؟

### كەنتىمدىكى كىچىك بىر ئېرىق

تىپ ـ تىنچ ئاقىدۇ ئېرىقنىڭ سۈيى
قاشتىكى ئوتلارنى سۆيۈپ شوخ، ئوماق.
شارقىراپ قويىدۇ گاھى ئازمىغا
ئاققاندا بوز غۇنلار چاچرىتىپ ئۇزاق.

ئاقاركەن مەن بىلگەن زاماندىن باشلاپ،
ئاقارمۇ مەن بىلگەن زامانغىچە تا.
توپاننىڭ يېتمىگەن بىر تامچىسى ئۇ،
بار ئۇنىڭ تېگىدە بەلكىم بىر دۇنيا.

تىلىۋالدى مەتېلى

## قاش دەرياسى

چەكسىز توقاي، يېشىل ۋادىلار
سېنى گويا ئالغان قۇچاققا.

تەزىم قىلار دولقۇنلىرىڭغا
مەجنۇن تاللار ئېگىز قىرغاقتا.

خالىي ئېتەر دىلنى سۇ كۆتتىن
تەڭكەش بولۇپ بۇلبۇلغا كۈيۈك.
ئېپ كېلىدۇ جانلار غالەززەت،
ئارشاڭلارغا تۇتاشقان سۆيۈك.

ئانا دېسەم گۈزەل نىلقىنى،
سەن ئۇنىڭكى يۈرەك تومۇرى.
سېنىڭ بىلەن ياشىرىپ مەڭگۈ،
مەرد خەلقىمنىڭ ئۆتىدۇ ئۆمرى...

ئايگۈل تۇرسۇن

## سۆيگۈ بىلەن ياشنايدۇ ئالەم

ئېسىڭدىمۇ جانان سەن ئۇچۇن،
ئاھ! شۇ كېچە تۇغۇلغان ناخشام.
يۇلتۇز كەبى چاقنىغان كۆزلەر،
جۇپ رىشتىمىز چىگىلگەن ئاخشام.

يۈرىكىمدە سەن ياڭراتقان كۈي،
ھەر تىنىقتىن تىترەيدۇ جاھان.

تاتلىق ـ تاتلىق سۆيگۈ تىلەيدۇ
شۇبرلاشقان ياپراقلار ھامان.

جۇپ شولىمىز چۇشتى بۇلاققا،
ۋىسال تاپقان ياپراقلارمۇ ھەم.
ئاتەش لەۋلەر ۋىسال ئىزھارى،
كامال تاپار سۆيگۈدىن ئالەم.

يۈسۈپجان مۇھەممەت

## ئۆلگىسىنى تىكلەپ شېئىرنىڭ

(مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېۋنى ئەسلەپ)

سەن ياشىدىڭ بۇ جاھاندا ئۆز گىچە،
خۇددى نە چچە قېتىم ياشاپ باققاندەك،
بۇ ھاياتنىڭ سىرلىرىغا تويۇنۇپ،
ئۇ كيانىدا شۇنچە راۋان ئاققاندەك.

كۈلكە بىلەن باشلىناتتى ھەر كۈنۈڭ،
(دەل جايىدا كەلتۈرۈلگەن چاقچاقتىن).
كۈلپەتلەرمۇ ئېگەلمەيتتى بەستىڭنى،
ئۈمىد گۈلۈڭ ئېپار چاچقاچ ھەر ياقتىن.

شېئىر يازدىڭ قانلىرىڭنى سىياھ قىپ،
شېئىر دېگەن شۇنداق بولسا دېگۈدەك.

ئوقۇغانلار قىياس قىلىپ ئانارغا،
ھەۋەس بىلەن شاختىن ئۈزۈپ يېگۈدەك.

ئۆلگىسىنى تىكلەپ كەتتىڭ شېئىرنىڭ،
سەرپ قىلىپ ۋىجدانىڭنى، ئۆمرۈڭنى.
ئەقىدەڭگە سادىق بولۇپ بىر ئۆمۈر،
تەقدىم قىلدىڭ ئەلگە ئىجاد گۈلۈڭنى.

تىللاپ قارغاپ ئەزرائىلنى ئىچىمدە،
ساڭا مەڭگۈ ماتەم تۇتۇپ ئۆتىمەن.
ئۆلۈپ كەتسەم باللىرىمغا مىراستۇر،
سېنى، سەندەك كىشىلەرنى كۈتىمەن...

ئەمەتجان مۇھەممەت

# كۆڭۈل خاتىرەمدىكى ناخشىلار

## قېچىپ چىققىنىم بۆشۈكتىن

قېچىپ چىقىپ ئۆملەپ ئاخشام،
ئانام بۆلەپ قويغان بۆشۈكتىن.
لەۋلىرىمدىن چۈشۈپ قالدى سۈت،
ئىمىپ قاچتى زاكامدىن بۇر كۈت،
يۇمران تىلىم چىققىتى سۈ كۈتتىن.

كۆزلىرىمنى يالاپ قاچتى نۇر،
قۇلىقىمدا قىيسايدى شامال.
ئۇقۇپ قالدىم ھايات دېگەننى،
زېمىندىن چوڭ ـ سەزدىم ئۆزۈمنى،
بېسىپ قويدى ئۇستۈمدىن خىيال.

قانچە ياشلىق بوۋاقمەن زادى،
ھەم قانداقچە بولدۇم خىيالچان.
قايسى مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم،
قايسى چەتتە سەبى يۈرىكىم،
بىلەلمىدىم بولسامۇ قىران.


## ئەنسىرەش

قوي مېنى بەزلىمەي مۇھەببەت ئۇچۇن،
ئۆتكۈم يوق ھەم مېنىڭ ئويغا چۆمۈلمەي.
ئوخشاشلا ئادەممەن، ئوخشاشلا تۇيغۇم،
قالغىنى يوقتۇر ھەم كۈيۈم يېتىلمەي.

گەر نېسىپ بولمىسا ماڭا سۆيۈلۈش،
مەيلىغۇ تۇتۇلسام ھىجرانغا ئەبەد.
قورقىمەن ناۋادا قالسام ئالدىنىپ،
كۈتىمەن كىملەردىن سۆيۈشكە پۇرسەت.

چۈشەنگىن تۇيغۇمنى سولاپ قويمىدىم،
قەلبىمدە يۇلقۇنلار بىر دۇنيا سۆيۈش.
ئەنسىرەپ يۈرگىنىم ئۇچۇن ئالداشتىن،
چاڭقىغان جىسمىمدا يوقتۇر سۆيۈلۈش.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى مامۇت زايىت




پېشقەدەم شائىر ھە-
سەن تىلىۋالدى ئۆس-
مۈر كىتابخانلىرى
بىلەن بىللە.



ياش شائىر ئابلىكىم
ھەسەن ئۆسمۈر مۇخ-
بىرلار بىلەن.



ئۆسمۈرلەر شېئىر
دېكلاماتسىيە قىلماقتا.



《塔里木》文学月刊（维吾尔文） TARIM A MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
排　　版：新疆人民出版社微机室
印　　刷：乌鲁木齐市印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅，零售：各地邮局所

1995 ـ يىل 6 ـ سان ( 412 ـ سان ) ، 45 ـ يىل نەشرى
تۈزگۈچى « تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
( ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ ، تېلېفون نومۇرى : 4816214 )
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر
بۆلۈمىدە تىزىلدى . ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى . ئۈرۈمچى
پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەتئەللەرگە تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国际标准刊号：ISSN 1002—9044
国内统一刊号：CN 65—1010/I
国外代号：M 4461
邮发代号：58—66　定 价：2.40元
邮政编码：830000

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى :
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى :
چەتئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى : M4461
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى : 66 ـــ 58 . باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 2.40 يۈەن
پوچتا نومۇرى : 830000

广告许可证：新工商广字01005419号